
# تارىم

## 1

1988



دادا، مەن بۇ يەردە!

سۈرەتنى ئىبراھىم قەييۇم تارتقان.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

# TARIM

1

1988

38 - يىل نەشرى

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابـدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

كوررېكتور: رېقىپ ئېلى.

# دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرەيلى

(يېڭى يىل بېغىشلىمىسى)

بۈگۈنكى رېئاللىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئالدىغا پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ۋەزىپىنى قويىدى. چۈنكى بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۆزىمىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋرنىڭ روھىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەدەبىياتىمىزنى ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىيىتىگە، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىزدە جۇڭگونىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە، جۇڭگو زېمىنىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن سەگەك مېڭە، ئۆتكۈر كۆز، ئىلمىي پوزىتسىيە، توغرا تونۇش بولۇشى شەرت. ئەكسىچە بولغاندا، ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى جەريانىدا ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىنى كۆزدە تۇتمايدىغان، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلمايدىغان، كىتابتىكىنى ياكى چەت ئەللەردىكىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىدىغان، جۇڭگونىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا خاتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان، ئۇڭايلا «سول» غا ياكى ئوڭغا ئېغىپ كېتىدىغان ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانماق تەس.

يولداش جاۋزىياڭنىڭ پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن بەرگەن «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسايلى» ناملىق دوكلاتىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھازىرقى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان چوڭ - چوڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىلدى، 9 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ۋە تونۇش نەتىجىلىرى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەندى، نىشان ۋە يول ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، قەدەم - باسقۇچ ۋە چارە - تەدبىرلەر كونكرېتلاشتۇرۇلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى، شۇنىڭدەك پارتىيىمىزنىڭ تونۇشى تېخى نۇرغۇن جەھەتلەردە يېتەرلىك، چوڭقۇر ئەمەسلىكى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىندى.

يولداش جاۋزىياڭنىڭ دوكلاتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ مەھسۇلى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلىرىمىزنى پۇختا قەدەملەر بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىزنىڭ ئىشەنچلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كاپالىتى. بۇ دوكلات ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن يېتەكچىلىك رول ئوينىغانلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى خىلمۇخىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا تونۇشىمىزغا ۋە توغرا ھەل قىلىشىمىزغىمۇ ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئەدىبلىرىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئېلىمىز خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا نىسبەتەن توغرى تونۇش ھاسىل قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ھەمدە تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە، ھەتتا كىشىلەر روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە بۆسۈپ كىرىۋاتقان ئىسلاھات ئېقىمىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە ۋە ئىلھام بولالايدۇ.

دوكلاتتا پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ھەم چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىلدى. چۈنكى ئىسلاھات — جۇڭگونى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى، كىشىلەرنىڭ چىن ئارزۇسى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. شۇڭلاشقا ئۇنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا ياكى كەينىگە ياندۇرۇشقا بولمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئېلىمىز ئەدىبلىرىنىڭ ئىسلاھاتنى مەدھىيىلەيدىغان، ئىسلاھاتنى قوللايدىغان مۇستەھكەم ئىجتىمائىي كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

9 يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئىسلاھاتنى، ئىسلاھات روھىنى ئىپادىلەيدىغان، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىزدىنىش تەشەببۇس قىلىنغان نۇرغۇنلىغان بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەر مەيدانغا كەلدى. ئىسلاھات تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىمىزدە ئىسلاھات جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن، يېڭى كۈچلەر، يېڭى شەيئىلەر قايناق ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلەندى. ئىسلاھات روھى سىڭدۈرۈلگەن نەزەرىيىۋى ماقالىلىرىمىزدا، ئەدەبىي ئوبزورلىرىمىزدا بولسا، يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە ئىزدىنىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىدىن كېيىن قالغان خىلمۇخىل نۇقتىئىنەزەرلەر، قاتمال رامكا، قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىجادىيەتنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇپ، ئەدەبىياتنى ئىسلاھات دەۋرىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. يىغىنچاقلىغاندا، ئەدەبىياتىمىز بۇ يىللاردا ئىسلاھاتنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە ئەدىبلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز خىلمۇخىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، خىلمۇخىل ئەدەبىي ئۇسلۇبلار، خىلمۇخىل تەتقىقات ئوبيېكتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان جانلىق ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە يەنىلا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىمىزدا ئىدىيىۋى قاتماللىق، كونا قائىدىلەرگە چىڭ

ئېسىلدۈرىلىش، بىرئىزدا توختاپ قېلىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكمەسلىك خاھىشلىرى
ھېلىمۇ مەۋجۇت. بەزى ئاپتورلىرىمىز ئىسلاھاتنىڭ مۇرەككەپ، ئەگرى- توقاي، مۈشكۈل ۋە ئۇزاق
مۇددەتلىك تارىخىي جەريان ئىكەنلىكىنى، يېڭى تۈزۈلمە كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورنىغا دەسسە-
تىلىدىغان بۇ جەرياننىڭ ئىنتايىن چىگىش ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر بىلەن تولۇپ تاشى-
دىغانلىقىنى، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوڭ-اي قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى
دېگەندەك چوڭقۇر چۈشەنمەيۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ئېقىمىدا يېزىلغان
ئەسەرلىرى ئاددىيلىقتىن، يۈزەكىلىكتىن، ئېپىزلىقتىن، سۇنئىيلىكتىن ھەم بىر تەرەپلىمىلىكتىن
خالىي بولالمايۋاتىدۇ. بىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزدىمۇ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن ئاي-
رىلىپ قالىدىغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدىن كېيىن
قالىدىغان ئاجىزلىقلار مەۋجۇت. شۇڭلاشقا بىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈن-
لەپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى ئىسلاھات دەۋرىنىڭ تەرەققىيات
قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئەڭ ئالدى بىلەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆز كۆز
قارىشىنى يېڭىلاپ، يېڭى ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپ، يېڭى مەنزىلگە قەدەم قويۇشىنى تە-
لەپ قىلىدۇ، چۈنكى بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە
ياشاۋاتىمىز، ئەگەر بىز كۆز قارىشىمىزنى، ئىدىيىمىزنى يېڭىلىمىساق، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ
يېڭى جەۋھەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلمىساق، ئۇ ھالدا ئىسلاھات جەريانىدا مەيدانغا
كەلگەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى توغرا بىرتەرەپ قىلالماي قالىمىز، ئىجادىيەت
ئىشلىرىمىزنىمۇ ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرالماي قالىمىز.

پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى
توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە ۋە كۆز قارىشى مۇنداق شەرھلەندى: «سوتسىيالىزمنىڭ
تۆۋەن باسقۇچى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانى. بىزنىڭ بۇ باسقۇچتىكى
ئەھۋال، زىددىيەت، ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى جەھەتتىكى چۈشەنچىمىز بىرمۇنچە
جەھەتلەردە تېخى كۆپ ئەمەس، چوڭقۇر ئەمەس. فاڭجېن، سىياسەت ۋە نەزەرىيىلىرى-
مىزنىڭ بىرمۇنچىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتنىڭ
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز سىناقتىن ئۆتۈپ تولۇقلىنىدۇ، تۈزىتىلىدۇ
ۋە كامال تاپىدۇ. بىز ھەم كىتابتىكى ئايرىم ھۆكۈملەرنى ئەقىدە قىلىۋېلىپ، پۇت-
قوللىرىمىزنى چۈشەپ قويمايمىز، ھەم ئەمەلىيەتتە ئۈنۈم بەرگەن نەرسىلەرنى مۇكەممەل
قېلىپ دەپ قارىمايمىز. ئەمەلىي خىزمەتتە ئىزدىنىشكە ۋە يول ئېچىشقا ئىلھام بېرىش،
نەزەرىيە تەتقىقاتىدا «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە
سايراش» تا چىڭ تۇرۇش لازىم. تۇرمۇش ۋە ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزەرى- بىلىش نەزەرىيىسى-
نىڭ بىرىنچى ۋە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى. ئىزدەنمەي، يېڭىلىق ياراتماي، تۈرلۈك سىناق نەتى-
جىسىنى سېلىشتۇرماي ۋە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماي تۇرۇپ،
ئىشلىرىمىزنى جانلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ماركسىزمنىڭ ئىلمىي روھىنى ۋە ئىجادىي ھاياتىي

كۆچىنى ئىرىشىپ جارى قىلدۇرۇش، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك، نەزەرىيىمىزنىڭ ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بېرىشىنىڭ ئۈمىدى ئەنە شۇنىڭدا.» بىز بارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۇ دوكلاتتىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ھەم مەسئۇلىيىتىنى تېپىۋالالايدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ قەلىمىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشقا سالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىدىمۇ دۆلەت ئەھۋالىنى قانداق تونۇش مەسىلىسى مەۋجۇت. «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا كۆپ قېتىم خاتا ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقى تېخىچە ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ. ئاشۇنداق ھۆكۈملەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان خاتا نەزەرىيە ۋە لۇشيەن بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە، جۈملىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزغا تولدۇرغۇسىز ئېغىر زىيانلارنى سالغانىدى. بىز، پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىشكە كىرىشىپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى توغرا ئىزغا سالدۇق. ئەدىبلىرىمىز جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى پەيدىنپەي ئېنىق تونۇۋالدى، ئېلىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. 13 ـ قۇرۇلتاينىڭ زور تۆھپىسى شۇ بولدىكى، ئۇ مۇشۇ ھەقىقەتنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تۇنجى قېتىم شەرھلەپ بەردى ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش تۈپ ۋەزىپە قىلىنىدىغانلىقى، تۆۋەن باسقۇچتا، نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بارلىق خىزمەتتە مەركەز قىلىش ئالاھىدە زۆرۈرلۈكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىقىنى بارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتە ئاساسىي نۇقتا قىلىش ۋە بارلىق خىزمەتلەرنى ئۆلچەشتە تۈپ ئۆلچەم قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان «بارلىق مەسىلىلەر» بىلەن «بارلىق خىزمەتلەر» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقا بىز بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، كۈچىيىۋاتقان يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش، يېڭىچە رەھبەرلىك تۈزۈمى، يېڭىچە تەشكىلىي شەكىل، يېڭىچە خىزمەت ئۇسۇلى ھەم يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى سەگەكلىك بىلەن بايقاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يورۇتۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ھەم قايناق ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلەشكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىسلاھاتقا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە پۈتلىكاشاڭ بولىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن خىلمۇخىل ئەندىشىلەردە بولۇش، ئارىسالدا بولۇش، بوشاڭلىق قىلىش، قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش، كۈتۈپ تۇرۇش، سۈكۈت قىلىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش، سۇۋاقچىلىق قىلىش قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا، خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆ-

ڭۈل بۆلىدىغان، كۆيۈنىدىغان ئەدىبلەرگە خاس روھىي ھالەت ئەمەس. ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا دەۋرنىڭ روھى، دەۋرنىڭ ئاۋازى بولۇشى، ئىسلاھات دەۋرىدە ياشاۋاتقان ئەدىبلەردە دەۋرگە خاس جۈرئەت ۋە جاسارەت بولۇشى كېرەك.

بىز ئەدىبلىرىمىزنى ئىسلاھات تېمىسىدا ئەسەر يېزىشقا زورلىيالمايمىز، لېكىن بۈگۈنكى رېئاللىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى، كۈچلۈك دەۋر روھى بىلەن سۇغىرىلغان بەدىئىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ۋەزىپىنى قويغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. جۇڭگو زېمىنىدا ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئەدىب ئۆز ۋەتىنىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ زور تارىخىي رېئاللىقتىن — ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدىن ھەرگىزمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنىمۇ تۇتالمايدۇ. چۈنكى ئىسلاھات دولقۇنى خەلقنىڭ، جۈملىدىن، ھەر بىر ئىجادىيەتچىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە، ماددىي مەنپەئەتىگە، روھىي دۇنياسىغا، پسىخىكىسىغا، غايىسىگە، ھەتتا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزدا، ماددىي ھەم مەنىۋى ھاياتىمىزدا خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە. ئىسلاھات ئەمەلىيىتى كونا تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى، يېڭى تۈزۈلمە زور توسالغۇلارغا ئۇچرىماي قالمايدىغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، يېڭى كۈچلەر خىلمۇ خىل ئەگرى - توقايلىقلارغا، بېسىم ھەم زەربىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرمۇ ئىنتايىن چىگىش ھەم مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى، جەمئىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ رەھبەرلىك قاتلاملىرىمىزدا بيۇروكراتلىق بىلەن فېئودالىزمنىڭ تەسىرى ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. بۇ خىل رېئاللىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان، بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىللەتكە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئەدىبلىرىمىز يېڭى ئىدىيە بىلەن كونا ئىدىيە، يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمە ئېلىشىۋاتقان، پۈتۈن دۇنيا تەرەققىياتقا ئىنتىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر دەۋردە ئىسلاھاتنى، جاسارەتكە كېلىپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنى قايناق ھېسسىيات بىلەن كۈيلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا جەزمەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قەلەمكەش دوستلار، ئىسلاھات دەۋرى بىزدىن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1988 - يىلدىن ئىبارەت يېڭى بىر يىلغا قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە بىز تېخىمۇ زور قەدەم-

لەر بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدىكى ئۇلۇغ تارىخىي جەرياندا ناھايىتى كۆپ زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، قىلچە بوشاشماي، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئەمگەكچان خەلقىمىزنىڭ مەزمۇنغا باي تۇرمۇشى بىزنى ئىجادىيەتنىڭ مول ھەم قىممەتلىك خام ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، لېكىن بىز قايناام - تاشقىنلىق، مۇرەككەپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە چوڭقۇر چۆكمىسەك، بۇ خىل قىممەتلىك خام ماتېرىياللارغا ئىگە بولالماي قالىمىز، ئىسلاھات توغرىسىدا چوڭقۇر ئەمەلىي بىلىمگىمۇ ئېرىشەلمەي قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەت، يېتەرلىك ئىپادىلەش سەنئىتى بولمىسا، ھەرقانچە مول ھەم قىممەتلىك خام ماتېرىياللارغا، ھەرقانچە چوڭقۇر ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالالايدىغان مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز بىرىنچىدىن، قۇرۇق تەسەۋۋۇرغىلا تايىنىپ قەلەم تەۋرىتىدىغان ئاجىزلىقنى يېڭىپ، ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە يۈزلىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى، ئىسسىق - سوغۇقىنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا چوڭقۇر ئەمەلىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىمىز، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بېكىنمىچىلىك ھالىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىپ، ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز، بەدىئىي تەپەككۇر يوللىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز، ئىجادىي تەسەۋۋۇرىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىز لازىم. بۇ — بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئەدىبلىرىمىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى. بىز يېڭى يىلنىڭ بوسۇغىسىغا يېڭى بەدىئىي غايە، يېڭى ئارزۇ، يېڭىچە ئىنتىلىش بىلەن قەدەم تاشلايلى، يېڭى يىلدا تېخىمۇ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى!

ئۆمەرجان ساۋۇت

# تۇل خوتۇن

(ھېكايە)

روزىخان ئانا تۆگمەنچىنىڭ ئالدىدا
تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇ، تۆگمەننىڭ
تاقىلدىغۇچى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان مىر-
زاخۇنغا قاراپ ئاغزىنى نەچچە رەت ئۆمەل-
لىدى - يۇ، يەنىلا گەپ قىلالمىدى. قوللىرى
تىترىگەن ھالدا ئۇن قاچىلانغان خۇرجۇن-
نىڭ ئىزمىلىرىنى ئېتىشكە باشلىدى. لېكىن
چەككەن ئىزمىلارنى يېشىۋېتىپ، يەنە باش-
قىدىن چىگەتتى. ئۇ چاي قاينىغۇدەك ۋا-
قىتقىچە ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتـ-
قانلىقىنى سەزمىگەن ھالدا ئەنە شۇ تىنىم-
سىز ھەرىكەتلەرنى تەكرارلىدى.

«دېسەممىكىن. مەيلى، دەي ئەمدى»
دەپ بىر قارارغا كەلدى ئۇ كۆڭلىكىنىڭ
ئېتىكى بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى قورۇقلار-
غا سىڭىشىپ كەتكەن ئۇن توزۇندىلىرىنى
سۈرتىۋېتىپ، ئاندىن قوللىرىنى قوۋۇشتۇر-
غان ھالدا كۆزلىرىنى تۆگمەنچىگە ئۈمىد
بىلەن تىكتى.

— ئۇكام مىرزاخۇن، — دەپ گەپ
باشلىدى موماي ئىشەنچسىز ھالدا، — سىلى-
نى نېمە دەر - نېمە ئەمەس دەپ ئېغىز ئا-
چالمىدىم ... ھېلىقى سار يىگۈر مىكيانلارمۇ
تۇغماس بولۇپ كەتتى ... — بۇ چاغدا مىر-
زاخۇن قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىۋالغانىدى، —
بۈگۈن ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپلا
كەپتىمەن. ئەمدى ... ئەمدى، يەنە شۇ يۈ-
زۈمنى داپتەك قىلىپ گۆشىيىپ تۇرىدىغان
بولدۇم، ئۇكام. بۇ نۆۋەتمۇ خاپا بولماي،
خەتلەپ قويسىلا بوپتىكەن. بۈگۈن - ئەتە
قولۇمغا پۇل كىرسە ... ھە، مەنمۇ مۇنداق
قىلىنىلىق قىلىپ تۇرماسمەن. مۇشۇ قېتىم،
ئۇكام، ئاۋۋالقىسى بىلەن قوشۇپ خەتلەپ
قويسىلا، ئۇنداق قىلماي ... خۇدايىم ساۋا-
بىنى بېرەر.

مىرزاخۇن بېشىدىكى كونا ئاق تۇمى-
قىنى ئېلىپ قاقتى ۋە بىر ھازا بېشىنى
قاشلاپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، تۆگمەن-
نىڭ ئىچىدىكى قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
ئۇ يەردىن مەكتەپ بالىلىرى ئىشلىتىدىغان
بىر تىترەت دەپتەر ئېلىپ چىقتى ۋە
زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ دەپتەرنى تىزىغا
قويدى. بارمىقىنى ھۆلدەپ دەپتەرنى ۋا-
راقلاشقا باشلىدى. «ئارا مەھەللە» دېگەن
ۋاراقنى ئېچىپ، «روزىخان يۈسۈپ» دې-
گەن ئىسمىنىڭ ئۈستىگە قاغىنىڭ تۇمشۇقى-
چىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى قېرىنداش قەلىمىنى
تىرىدى. ئاندىن، قەلەمنىڭ ئۇچىنى سولىغا
سىلجىتىپ «تۆت مو ئالتە پۇڭ» دېگەن
خەتلەرنىڭ ئارقىسىغا «ئىككى مو يەتتە
پۇڭ» دەپ يازدى. ئاشۇ مەشغۇلاتلاردىن
كېيىن ئۇ، بېشىنى يەنە بىر نۆۋەت قاش-

لىۋېتىپ چىرايىدىن يا رازىلىق، يا خاپىلىق ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان بىر ھالەتتە روزىخان ئانىغا كۆڭلىدىكىنى چىقاردى:

— ئەمىسە، يېزىپ قويۇشنىغۇ قويدۇم. ئەمما - زە، ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ قالمىسۇن! بىر ئامال قىلىپ پاتراق بېرىۋېتەلا ... مەنمىغۇ ئۇنچىۋالا گىرىلاردىن ئەمەس، ئەمدى شۇنداق بولسىمۇ، ھەممىسىگە پۇل لازىم بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىل كەسپىي تۆگمەنچى دەپ ئايرىپ قويۇپ يەرنىمۇ ئازراق بېرىپ قويدى بۇ خەق، بالا - چاقىلار بىلەن قىينىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن. بۇنداق دېسەم كۆڭۈللىرىگە كېلىپ قالمىسۇن يەنە. بەزى خىيالى قول ئېلىكىدە بارلارمۇ مېنى بىزەك قىلىپ، تۆگمەن غەللىسىنى تا شۇ كەمگىچە «مانا - مانا ... ئەنە - ئەنە» قىلىپ بەرمەي يۈرىدۇ.

روزىخان ئانا مىرزاخۇننى بۇنچىلىك ئادەمگەرچىلىك قىلار دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا تەكرار - تەكرار مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، مىرزاخۇننىڭ ھېلىقى گەپلىرىنى قۇۋۋەتلەپ كەتتى.

— شۇنداق، ئۇكام، شۇنداق، — دەيتتى موماي ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ، — ۋاي شۇنداق بولمامدىغان! ... مەن بېرىۋېتىمەن، ئۇكام. سىلىمۇ ئۇنىڭغىچە مەھەللە تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قالاملا، تېخى! مەنمۇ مۇنداقلا ئۆتمەسمەن! مەن، بېرىۋېتىدەن...

— راست، ناھىيىدىن ئادەم چىقىپتىمىش دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم، — مىرزاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ دەپتەرنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىكى قوزۇققا ئىلدى، — بۇ تۈنۈگۈن چۈشتە بولغان گەپ. ماۋۇ ... ھېلىقى ئاق-

تامدىكى كەنجىخاچامىنىڭ ئوغلى قۇۋەك ئازراق قوناقنى كۆتۈرۈپ كەپتىكەن، ئولتۇرۇپ شۇ گەپنى قىلدى.

— ئاڭەي، — دېدى ئانا بۇ ئىشتىن ئۆزىنىڭ بىخەۋەرلىكىنى بىلدۈرۈپ، — كەلسىمۇ كەلگەندۇ. ئۆلۈشكۈن خەلىچىخاننىڭ ئۆيىگە كىرسىن سوراپ بارسام، يوچۇن - يوچۇن ئۇچىيلەن ساۋۇراخۇننىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، كىبىراخۇننىڭ ئۆيىگە مېڭىپتىكەن. قۇۋەك شۇلارنى دېدىمىكىن؟

تۆگمەننىڭ ئاراش ئىشىكىدىن يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ شولىسى چۈشتى. شولا سىزىقىدا ئۇن توزۇندىلىرىنىڭ ئۇششاق زەررىچىلىرى جىمىرلايتتى. تۆگمەننىڭ ئىچى سوغۇق ئىدى. ئانىنىڭ دولىسىنى سوغۇق قورۇشقا باشلىدى. ئۇ، يان موردىلىق ئوچاقنىڭ ئالدىغا سىلجىدى ۋە ئوچاقنىڭ سىرتىغا تۈتۈن چىقىرىپ تۇرغان قوي قىغىنى كۆل ئۈستىگە تاشلىدى. ئاندىن، لاخشىگىر بىلەن ئوتنى چۇخچىلىدى. ئوت بىر ئاز يېلىنجىدى. مىرزاخۇن چۆگۈننى چوغ ئۈستىگە باسۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، كەشتىلەنگەن خالتىسىدىن موخۇركا ئېلىپ ئورىدى. روزىخان ئانا سۇس يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئۇھ تارتىپ قويۇپ داۋام قىلدى:

— چىققان بىلەنغۇ بىردەكلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «ھالىڭ نېچۈك» دەپ سوراپ قويمايدىكەن. «بېيىغانلارنى يۆلەيمىز» دەپ شۇلارنىڭ ئۆيىگە پاتىھە ئوقۇپ قويۇپلا كېتىدىكەنغۇ ئۇلار.

— ئۇلارنىڭ بىرسىنى ياش بالىكەن دەيدۇ، يەنە بىرسى ئوتتۇرا ياشلىق ئايالمىش. ئۇلارنىڭ، تۈنۈگۈن ئاشۋاقتى بىلەن

ئايدۆمبەل تەرەپتىن چىقىپ كەلگەنلىكى-
نى كۆرگەنلەر باردۇر.

تۈگمەننىڭ ئىچى سەل ئىللىغاندەك
بولدى. ئوچاقتىن ئىس كۆتۈرۈلەتتى. ئۆي ئى-
چىنى قاڭسىق قوي قىغىنىڭ ھىدى قاپلى-
دى. ئوچاقتىكى كونا مىس چۆگۈندىن شى-
ڭىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

مىرزاخۇن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ،
ئاغزىدىن بۇلۇتتەك قويۇق تۈتۈن چىقاردى.

— ئۇلار كېلىپلا بەزى كىشىلەرگە
ئاشلىق، بەزىلەرگە لاتا - پىتە خەتلىدى،
بىرگىمۇ ئالتە مېتىر چىپەرقۇت، 120 جىڭ
قوناق خەتلىدى دەيدىغۇ؟ قۇۋەكنىڭ گې-
پىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ...

— شۇنداق بولسىمۇ بولغاندۇ.

— سىلىگىمۇ خەتلەپ قويارمۇ؟

— قانداق قىلارسەن. ھال - كۈنۈمىغۇ
قەدىر - ئەھۋال ئۆتتۈۋاتىدۇ. كەنجىخانىغا
خەتلىگەن يەردە مېنى ئايرىپ قويماس.
ئۇزاقى يىلى قىشتا ئۈچ مېتىر كاجى بەر-
گەندە بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولغان-
دى، ئەمما ئادەمنىڭ يۈزى چىدىمايدىكەن.
بىز قېتىم بېرىمىز دېسە ئالماسمەن، ئۇكام.
شۇ يىلى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كونا قوتاننىڭ
ئورنىغا چامغۇر تېرىغانىدىم. چامغۇر تازا
ئۈنگەلى تۇرغاندا ھېلىقى ئابلىزاخۇن دې-
گەن كاززاپ «سىز تۇل خوتۇن بولغاندىن
كېيىن جېنىڭىزغا چۈشلۈق تېرىڭ. نېمان-
چە ئاچكۆزلۈك قىلىسىز، ئۇ يەرگە مەن
قىچا چېچىپ قوياي، خىجالەتتىڭىز بولسا،
ماڭا ئېيتىسىڭىز، ئىشىڭىز ھەل ئەمەسمۇ؟»
دەپ ھېلىقى يەرنىمۇ تارتىۋالدى. بىر كۈ-
نى «سوپۇن ئالاي دېۋىدىم، بەش موچەن
ئۆتنە قىلىپ تۇرۇڭ» دېسەم، «بېرىپ ھۆ-
كۈمەتكە دەڭ، قۇتقۇزۇش بەرسۇن» دې-
مەسمۇ ھېلىقى زەڭگى! غىلقىمدە بولۇپ
ئارقامغا ياندىم... بولمىسا، ھېلىقى يەردىن
ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ تاغار چامغۇر ئالات-
تىم دېسىلە. ساتسام پۇل دېگەن شۇ ئە-
مەسمۇ!؟

— ئۇغۇ ئەزەلدىن رەھىمسىز بىر-
نېمە بولىدىغان.

— سابىراخۇننىڭ تۈگمىنىنى زىغىرىم-
غا قويۇۋەتكەنلىكى توغرىلىقمۇ ناھىيە-
دىن چىققانلارغا پىكرىمنى قويارمەن.
شۇ توغرىلىق ھۆشۈردىگە پىكىر قىلسام،
گېپىمنى تىڭشىماق ئۇياقتا تۇرسۇن،
تېخى: «سىز، تولىمۇ دادخور بولۇپ
كېتىپسىز. بېيىغانلارنىڭ ئالدى - ئارقى-
سىدىن ئۇنداق ئاغزىڭىز كەلگىنىچە سۆز-
چۆچەك تارقىتىپ يۈرمەڭ. سىزگە ھۆكۈ-
مەت قاراۋاتىدۇ - غۇ؟» دەپ بىرمۇنچە
كايىدى، كۆرسىلە. بولمىسا زىغىرىم تازا
ئوخشىغان. زىغىر پىشاي دەپ قالغاندا
سابىراخۇننىڭ تۆت تۆگىسى كېلىپ بىر
كېچە يەپتۇ. ماڭا تۆت چارەكچە بىر
نېمە قالدى. بولمىسا 150 كويلۇق
بىر نېمە ساتاتتىم دېسىلە.

موماي توختىماي سۆزلەيتتى.
مىرزاخۇن يەنە تاماكا يۆگىدى.

— ھېلىقى تەخەيگىزە بەكمۇ ئىچىم
ئاغرىيدۇ، — دەيتتى روزىخان ئانا، —
بۇ ۋاققىچە راسا چوڭ ئېشەك بولاتتى
دېسىلە، ئۇكام. خەۋەرلىرىدە باردۇر، بۇل-
تۇر 1 - ئايدا ئىمىن دېگەن خولگەدەن
«بوغدىيىمنى بېزەپ قىلۋەتتى» دەپ
ئىككى قۇلقىنى تۇۋۇدىن كېسىۋېتىپتۇ.
شۇنىڭدىن ئۇن كۈن بۇرۇن 50
كويغا ماڭا بېرىڭ دېۋىدى، مەن ئۇنى-
مىغان، شۇنىڭغا غومى بارچېغى! بۇ توغرى-

لىق ھىممىت شۇجىغا ئەرز قىلسام: «بىز سۇرۇشتە قىلىلى» دەپ قويۇپ چىقىپلا كەتتى. قوشتامدىكى سىگىلىمنىڭ ئېرى تالىشىپ «ماڭا 80 كويىغا بەرسىلە، مەن ئېشەك قىلىۋالاي» دېسە بەرمەيتتى-كەنمەن. مانا ئەمدى مىلك پۇشايمان! سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپتىمىدىكىن، ئۇزۇن قالماي ئۆلۈۋالدى كۆرسىلە، ھېلىقى تەخەي... ئۇكام مىرزاخون، مەن سۆزلەپلا كېتىپ-تىمەن. كونىمۇ بىر مەھەل بوپتۇ. مەن ياناي. سىلىنىمۇ تازا ئاۋارە قىلدىم.

— ياقەي، تازا ئوبدان مۇڭدىشىۋال-



دۇق. بىردەم تەخىر قىلسىلا، ماۋۇ چاي قاينىسۇن...

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت شۇنداق دېگەنلىرىگە.

مىرزاخون، روزىخاننىڭ خۇرجۇنىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ئېشەككە ئارتتى.

— ئۆيدە نان قالماپتىكەن، قورۇقلا قايتىدىغان بوللا.

— ياقەي، ئۇكام، خۇداغا ئامانەت. بالىلىرى بىلەن تەڭ قېرىغىلى نېسىپ قىلسۇن، ئىگەكىم.

روزىخان ئانا ئېشىكىنى تۆگمەن ئېرىقىنىڭ قىرىغا تارتىپ مىنىدى-دە، ئېشەكنىڭ بېشىنى سۇ يالاپ كەتكەن تۆگمەن يولىغا بۇرىدى ۋە قاغجىراپ كەتكەن ئۆتۈك بىلەن سىۋر ئېشەكنىڭ بېقىنىغا تەپتى.

كۈن ئاشۋاقتى بولغانىدى. يول ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت مۇز توڭلىغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە تىك چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىدا ئېرىشكە باشلىغانىدى. تاقىلانغان ئېشەكنىڭ پۇتى مۇز ئۈستىگە چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن «كورس، كورس» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. ئانا كېتىۋېتىپ خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ قالغان قوناق ئۇنىغا كۆزى چۈشتى-دە، ئۇنىڭدىن بىر-ئىككى چىمدىم ئېلىپ ئالقىنىغا تۆك-تى ۋە بارماقلىرى بىلەن مىجىپ كۆرگەن-دىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— يېرىكرەك چىقىپ قالغانمۇ، نېمە؟ خېلى ئوبدان قورۇتقانىدەك قىلىۋېدىم.

ئانىنىڭ خىيالى ئەمدى قانداقتۇر سېرىق مىكيانغا بۇرالدى. «شۇ مىكيانىنى

ساتەمسام بولغانىكەن... كاللام نەگە
كېتىۋېدىكەن، پۇلنىمۇ تېخىچە تېپىۋالال-
مىدىم. يەپ كەتمەس ئىش قىلىپ... بىكار
سېتىۋېتىپتىمەن شۇ مەكىيانىنى. كۈن
ئاشۇرماي تۇغۇپ بېرىدىغان ئۇبدانىمۇ
توخۇدى...»

روزىخان ئانا ئۆزى بىلەن ئۆزى
ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ كېتىۋاتقاندا
ئالدىدىن ئېشەكلەرنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاياغ
ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، خىيالى چېچىلىپ
كەتتى.

تۆت ئېشەككە چوڭ قىل تاغارلاردا
تىكمە بۇغداي ئارتىلغانىدى. ئېشەكلەرنىڭ
تېقىملىرى ئېگىلگەنىدى. ئىنجىقلاپ قەدەم
تاشلىشاتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن ھور
چىقاتتى.

— روزىخا چامىكەنغۇ بۇ، — دېدى
ئات ئۈستىدە گەدىيىپ ئولتۇرغان ئېگىز
بويلۇق، چىرايى قارامتۇل بىر كىشى
قامچىسىنى مايلاپ پارقىرىتىلغان ئۆتۈككە
ئۇرۇپ تۇرۇپ.

روزىخان ئانا بېشىنى كۆتۈردى - دە،
ئۇنى تونۇدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ
قاما تۇمىقى بىلەن يېشىل كۆزەينەكى
ئانىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. «كۆزەينەكنى
تاقىۋالغىنى نېمىسى، بۇ ئابلىزاخۇننىڭ؟...»
دەپ ئويلىدى ئۇ.

— تۈگمەنگە ماڭغان ئوخشىمامىلا؟

— ھە - ئە. تۈگمەنگە... تۈگمەن
بېسىق ئەمەستۇ؟

— بېسىق ئەمەسكەن. باش توخۇ
بىلەن قويۇۋېدىم، كۈن قىزىلىدا چىقىپ
بولدى.

— چىقىراق تارتىماي، ئۇن
دېگەننى...



— بارى شۇكەن. سىڭلىم چىقارتىقان
قوناقتى. بۇغداي ئۇنى بىلەن قېتىش-
قوش قىلاي دەپ تارتىپ چىقتىم.

— ھىم، ھە، بوپتۇ.

ئۇلار ئايرىلىشتى. تۆت چامدام
نېرىغا ئۆتكەن روزىخان ئانا ئېشىكىنى
توختاتتى ۋە ئارقىسىغا قايرىلىپ ئابلىزاخۇنغا
تىۋىلدى. ئۇنىڭ ناھىيىدىن چىققانلارنىڭ
كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى بىلگۈسى كەلدى.
چۈنكى، ئابلىزاخۇننىڭ بايا، ئۆزىنىڭ
يوغان - يوغان تۆت تاغىرى بىلەن ئانىنىڭ
ئاستىدا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىككىنە
خۇرجۇنىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، «ھىم،
ھە، بوپتۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغاندا، دەرھال
ناھىيىدىن چىققانلار ئېسىگە كەلگەنىدى.

— ناھىيىدىن ئادەم چىقىپتۇ
دېگەندەك قىلىۋىدى، كەتكەنمىدۇ يا بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىدۇ؟ سىلى كۆرەلىلمۇ؟
— چوقۇر بىر خوتۇن بىلەن سىېرىق تۈك بىر بالا بىللە يۈرۈدىغۇ؟
— ئۇنداقتا، باركەن دېسلە؟
— ھە ـ ئە، بار! لاتا ـ پىستە ـ يۇ، ئۇزۇق ـ تۈلۈك خەتلەپ يۈرگۈدەكمىشىقۇ ئۇ خەق! چاپسانراق بېرىپ. سىلىمۇ تېگىشلىكلىرىنى ئېلىۋالسىلا. لاتا ـ پىتىدىن ئايرىلىپ قالمىسىلا يەنە!

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىيلەن ئۆز يوللىرىغا چۈشتى.

ئانىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ، ئون-ئونبەش قەدەم نېرىغا بېرىپ كىشى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەپ كەتتى:

— بۇ ـ ئۇش، گەپ قىلمىسامغۇ بولغان! چېچەك چىققۇر ئاغزىڭغا مىسلەنەت! نېمە دەپ سۆزلەيمەن ھە، شۇ زەڭگگە. تېخى «خەق» دەيدۇ؟ سەنمۇ تۆت كۈن ئاۋۋال، بەش بالاڭنى ئاران بېقىپ يۈرگەن گادايى ئەمەسمىدىڭ! سېنى يۆلىگەن، يەرنىڭ بەلىنىنى، كالىنىڭ ئوبدىنىنى بەرگەن ئاشۇلار ئەمەسمىدى؟ ھىم، ماقۇلە، ئەمدى بۇ كۈنلەرگە كېلىپزە «خەق» بوپ قاپتۇما؟ ھۇ ئۇيالمايدىغان تۈزكور زەڭگى. خۇدايىم تېنىمىنى ساق قىلسا، يېرىمىنى قايتۇرۇۋالسام... قېنى، كۆرىمىز. قايسىمىز ئوبدان كۈن كۆرىدىكەنمىز!

ئېشەك بىر خىل رىتىمدا يورغىلايتتى. قويۇق ئۆسكەن جىغانلىقتىن تۇيۇقسىز بىر سېغىزخان ئۇچۇپ چىقتى ـ دە، نېرىراقتىكى تېرەككە قونۇپ سايراشقا باشلىدى. شىمالدىن ئەتىيازنىڭ توك ئېزىتقۇچى شامىلى يوللاردىكى پاخال-غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ ئويمانلارغا تاشلايتتى. سېغىزخان يەنە سايراپ كەتتى. بۇ چاغدا روزىخان ئانا «قارا زەڭگى» نى تىللاشتىن توختاپ، يەنە ناھىيىدىن چىققانلارنى ئېسىگە ئالدى: «ۋاللاھۇ ئەلەم، ئوڭلۇق ئايالدۇ، — دەپ پەرەز قىلدى ئۇ، — بۇ ۋاققىچە كېتىپمۇ قالماس... پارتىيە — ھەققەت. نېمىلا بولمىسۇن، ئىككىلىك خەت يازدۇرۇپ شۇلارغا تۇتاي... زادى...

كېيىن موماينىڭ خىيالى بىئەجەل ئۆلگەن تەخەي، ئابلىزاخۇن تارتىۋالغان چامغۇر ئېتىزى، تۆگىلەرنىڭ زىغىرىنى بەزەپ قىلىۋەتكەنلىكى ھەم كۈن ئاشۇرماي تۇغۇپ بېرىدىغان مىكيان...قاتارلىقلارغا يۆتكەلدى. ھەتتا ئانىنىڭ كاللىسىدا بۇ خىياللار بىرقانچە قېتىم ئورۇن ئالماشتۇرۇلۇپ تەكرارلاندى.

— خەت تۇتاي، — دەيتتى ئۇ. لېكىن ئېشەك ماڭمايۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇ تۇپەيلى ئېشەكتىنمۇ چۈشۈۋالدى. «ئىككىلىك خەت» دەپ ئويلايتتى ـ دە، ئېشەكنى ئەستىن چىقىرىپ ئالدىغا بىرقانچە قەدەم ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ئۇ «سەن مەن بىلەن قېرىشماقچىمىدىڭ» دەپ جەھلى بىلەن ئېشەككە تاياق سالاتتى. ئېشەك ئانىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ سوكۇلداشقا باشلايتتى. بۇنداق چاغدا ئانا تېرىكەتتى.

— قويغىنا، سەندەك ناكەسكە ئۈچ ئاغرىتقۇچە... يەنىلا مىنىپ ماڭغان تۈزۈككەن.

يەنە ئېشەككە مىندى.

(داۋامى 37 ـ بەتتە)

**مامۇت زايىت**

# تەسكەي جىلغا سىزمىلىرى

## تۇرمۇش رەڭدار، رەسسامدا جۇرئەت

تۇرمۇش گۈزەل، سىرلىق، سۇمباتلىق،
ئۇنىڭدا تاڭ، قۇياش، مۇھەببەت.
ئۇنىڭدا تۇن، جۇدالىق، شادلىق،
ئۇنىڭدا كەشپ، كۈندەشلىك، شۆھرەت.

تۇرمۇش خۇددى زەنجىرسىمان تاغ،
ياشار يەلپىمىز، كىيىك، يەلقىلار.
كۆڭگەي يېقى يېشىل يايلاق، باغ،
بار قاراڭغۇ تەسكەي جىلغىلار.

تۇرمۇش ئۆزۈن تۈگىمەس قىسسە،
چىرايلىق، سەت ئوبراز مۇجەسسەم.
بەخت، ۋىسال، دەرد - ئەلەم، غۇسسە،
مەردلىك، پاكلىق، رىياكارلىق جەم.

بەل تۇتۇشار نۇر - زۇلمەت ھامان،
تۇرمۇش رەڭدار، رەسسامدا جۇرئەت.
تەسكەي جىلغا ياقتىن، كىتابخان،
سىزىپ چىقتىم سەن ئۈچۈن سۈرەت...

## نېچۈن بەزىدىك مەندىن ياشلىقىم؟

زەڭگەر كۆكتە ئىلاھىي قۇياش،
زېمىن كۈلەر بوۋاقتەك تاتلىق.
كەلدى باھار - قەدىناس قاياش،
ۋۇجۇدۇمدا ھاياجان، شادلىق.

ئۇرغۇپ قايتا شوخ يىگىتلىكىم،
قىلغۇم كېلەر ئۇلارغا چاقچاق.
چۈش تۈيۈلار مويسىپىتلىكىم،
قەلبىم يانار نەزمىگە بۇلاق.

مانا سەبىي گۈل - چېچەكلەردىن
تولدى ئىپار ھىدىغا دىماق.
دەريا بويى، چىمەنلىكلەردىن
تېرىپ يۈرەر قىزلار بەشقۇلاق.

ئاھ... رەھىمسىز ئەينەك رېئاللىق،
بولدى غايىب بىردىن شادلىقىم.
باھار قايتتى، بولدۇم ئىقباللىق،
نېچۈن بەزىدىك مەندىن ياشلىقىم؟...

## چوقچاي سەۋ، گىدەيسەۋ ئۇ...

بۇلغۇدۇم دەپ سۈنى، گىدىيىپ،
ئۆزۈپ يۈرەر كۆلدە بىر ئۆدەك.
تىك قىرغاقتا تۇرار ھىجىيىپ،
«مەن يۈكسەك» دەپ كاۋاك پور كۆتەك.

تۇرمۇشتىمۇ مەۋجۇت مۇشۇنداق
پور كۆتەكتەك، ئۆدەكتەك ئادەم.
تۆھپىكارنى بولۇپ سېسىتماق،
دەيدۇ تېخى ئىغۋانى «ياردەم».

uyghurkitap.com


چوقچايسىمۇ، گىدەيسىمۇ ئۇ،
بىر پەشۋاغا بىرەلمەس بەرداش.

سىپسىپ تۆگەر، بولمىسىمۇ ئۇ،
يەر ئايلىنار، نۇر چاچار قۇياش.

## گۈلنى تىكەن چاقتى يىلتىزغا

جۇلالىدى قىزىلگۈل چاقناپ،
باغقا خۇش بۇي ھىدى تارىدى.
نەزەر سالماي تىكەنگە شۇ تاپ،
سەيلىچىلەر گۈلگە قارىدى.

تىترەپ كەتتى رەشكتىن تىكەن،
قىزىلگۈلنى يىلتىزغا چاقتى:
«كۆزگە ئىلماي، سىزنى گۈل دېگەن،
ھاكاۋۇرلۇق ئىلكىدە باقتى.

سولاشتۇرۇك، قۇرۇتۇك دەرھال ...»
«توختا!، — دېدى يىلتىز غەزەپتە، —
بۇ سۆزۈڭدە جىنايى خىيال،
ھەقىقەت يوق رەشك، ھەسەتتە.

پورەكلىسۇن، خۇش بوي تاراتسۇن،
دەپ، ئۇزۇقلۇق يەتكۈزدۇم ئاڭا.
ئەل زوقىنى تارتسۇن، قاراتسۇن،
مۇشۇ - تۆھپە، شان - شەرەپ ماڭا!»

## بولغۇم كەلمەس ئىنساندىن بۆلەك ...

بولسام بۇلۇت، يولۋاس، قېقنۇس ...
دەپ يېزىلدى بىر تالاي نەزمە.
ئاپتورىغا دىلىمدا ئەپسۇس،
دېگۈم كەلدى «زاتىڭدىن بەزمە».

مەن ئادەممەن ئەقىللىق، ئۇلۇغ،
خوجايىنىمەن زېمىن - ئاسمانغا.
ئىپتىخارغا ھەقلىقمەن تولۇق،
قايسى شەيئىي يېتەر ئىنسانغا ...

## نەگە پاتار ئۇنىڭ قەھرىسى؟

دېدى ئوغلى: «ياشاندىڭ ئاتا،
دەم ئال، بوشات ئورنىڭنى ئەمدى.»
دېدى ياشلىق: «بۇ كېپىڭ خاتا،
يېمەكتىمەن كىم ئۇچۇن غەمنى؟

چۈشىنەمسەن، مەندىكى مەنسەپ،
گۆھەر تۇغۇپ بەرگۈچى بىر قۇش.
ئىمتىيازدا پۇل، زېمىن، خىزمەت،
ئاكا - ئۇكاڭ شۇڭا مەندىن خوش.

بۆشۈكتىكى نەۋرىلەرگىچە
تىكلەپ بولدۇم باغ، ھويلا - ئارام.
ياساتماستىن ئەۋرىلەرگىچە،
ئالالمايمەن خاتىرجەم ئارام ...»

ئويلاپ قالدىم: ئاكا ئەمەلنى
بەرگەنمىدى نەۋرە - چەۋرىسى؟
ئۆي - جاي سېلىپ تۆگەتسە يەرنى،
نەگە پاتار ئۇنىڭ قەھرىسى؟

## ئۆز جايىنى تاپەدۇ قىلچان؟

دەۋر يېڭى، پەللىمىز يۈكسەك،
ئەۋج ئالدى ئىسلاھات ئىشى.

ھوقۇقىنى قىلىپ پەش، دەستەك،
جان باقماقتا بىر تەدان كىشى:

دىمىقىدا ئىسلاھات مارشى،
دوكلاتىدا ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ.
ھېچكىمگىمۇ چىقمايدۇ قارشى،
چىرايىدا سۈلكەت ۋە ئەدەپ،

زىيالىغا قويار ھېجىيىپ،
ماسلاشقىنى ئۇنىڭ زامانغا.
ئىشى ئاقماس، يۈرەر گىدىيىپ،
ئىشتىھالىق ھاراق، پاقلانغا.

قۇرۇلۇشقا قىلىنسا مەسئۇل،
پايدا بولار ئىككى ئارىدىن.
دۆلەت ئەمەس، خىيالىدا پۇل،
قول يىغمايدۇ سوۋغا، پارىدىن.

سۈرۈشتۈرسە، دەيدۇ ئۇ: «ۋاي تاڭ،
مەن بۇ ئىشتىن خالى، مۇستەسنا».
تەنقىدلەنسە دەيدۇ: «بۇ ئاكاڭ
قورقمايدىغۇ تەنقىدتىن ئەسلا ...».

ئىسلاھاتقا بولۇپ كۆشەندە،
ياشىماقتا راھەتتە تەدان.
ئىقتىدارسىز بۇ سوزماق بەندە،
ئۆز جايىنى تاپىدۇ قاچان؟ ...

## بىلىم — ئەخلاق مىراسى باقىي

كۆپ تەرەپلىك شەيئىدۇر ئىنسان،
سىرلىق، ئاددىي، ئاقىل ۋە ئەخمەق.
گاھ قول قويسا ئۇنىڭغا جاھان،
گاھ بېشىغا چۈشۈرەر چاقماق.

ئۆمرى قىسقا، يەتمەس ئەسىرگە،
ئارمان بىلەن كېتەر ئالەمدىن.
بۇ يۇمىلاق ئۆلمەس قەسىرگە
ھەرخىل نەسىل قالار ئادەمدىن.

كەلگۈسىگە سالغىلى ئاساس،
ئويلىغۇلۇق ئەۋلاد ھەققىدە.
قالدۇرغۇلۇق نېمىنى مىراس،
بۇ — چوڭ تەشۋىش، پەرقلىق ئەقىدە.

بەزىلەر دەپ: «بولسۇن ئۆي - جايلىق»
ياغاچ يىغار ئاشۇ مەقسەتتە.
بەزىلەر دەپ: «بىلىم — چوڭ بايلىق»
ئوقۇتىدۇ ئالىي مەكتەپتە.

ئارزۇ بىرلا: «كېيىنكى ئەۋلاد
راھەت كۆرسۈن، تارتمىسۇن خورلۇق.
يېنىپ تۇرسۇن جاپاكەش ئەجداد
ياققان چىراغ ئەبەدى نۇرلۇق!»

بولمايمىزغۇ جاھانغا تۆۋرۈك،
ئەجەل جامى تەڭلەيدۇ ساقىي.
ۋاقىتلىقتۇر مىراس مال - مۈلۈك،
بىلىم، ئەخلاق مىراسى باقىي ...

ئەركىنجان روزى

# ئەجەب خىياللار

## تەڭرىگە

يارىتىپسەن بەندىلەرنى تەڭ،
رىسقىنىمۇ بېرىپسەن كەڭرى.
بۈگۈن ئەجەب سالمايسەنغۇ زەڭ،
تەڭسىزلىككە، ئەي ئۇلۇغ تەڭرى؟!

«بۇ دۇنيادا ياشا غۇربەتتە،
ئۇ دۇنيادا كۈلگىن جەننەتتە.»
بۇ گەپلەرنى يېتىپ غەپلەتتە —
دېمىگەنسەن ئۆزۈڭ ئەلۋەتتە؟

بۈگۈن مانا ئاشۇ گەپلەرگە
بەندىلىرىڭ يۈرەر ئالدىنىپ.

قوشۇلماستىن ئۇچقۇر سەپەرگە،
شادلىق ئىزدەر ئېشەككە مىنىپ.

قىل تەۋرىمەس دەيتتىڭغۇ سەنسىز،
تەڭلىك ئۈچۈن تەۋرىدى جاھان.
بەندىلىرىڭ بىلمىدى ھەرگىز،
شۈكرى قىلىپ ئۇخلار خىرامان ...

## ئويغانغان يىگىتمەن...

يورۇدى كۆزلىرىم يورۇق تاڭ بىلەن،
ئويغانغان يىگىتمەن، شائىرچە كۆڭلۈم.
باقىمەن ھاياتقا يۈكسەك ئاڭ بىلەن،
ئارزۇلار ئىچىگە كۆمۈلگەن ئۆمرۈم.

كۆڭلۈمدە تەشنالىق، ئۈمىد ھۆكۈمران،
سۆيگۈنىڭ تەپتى بار تىنىقلىرىمدا.
مەردىپەت ئىزدەيمەن تەر تۆكۈپ ھامان،
ئالىمچە خىسلەت بار قىلىقلىرىمدا.

غىمدىقلار ئەقلىمنى ھايات سىرلىرى،
خىيالىم دۇلدۇلى كېزەر ئالەمنى.
قورقۇشار كۈلكەمدىن قايغۇ لەشكىرى،
قوزغاشقا ئامالسىز ھەسرەت - نالەمنى.

پاك، گويا شەبنەمدەك سۆيگۈ، ھېسلىرىم،
ئويغىتار ئىجادىم غەپلەت باسقاننى.
قادالغان يۈكسەككە غايە بايرىقىم،
گۈزەللىك، پاكلىقتا ئاتىدىم جاننى.

## ياشلىق ھەمراھى

دوستلىرىم ماڭا كۆپ بولماڭلار ھەيران،
ھەسرەتكە پېتىپتۇ دېمەڭلار مېنى.
يۈرىكىم ئۈچۈنلا جىمغۇر، خىيالچان،
ياشلىقى كېتىپتۇ دېمەڭلار مېنى.

جىمغۇرلۇق ئىچىدە ئاڭلايمەن ھامان،
ھاياتنىڭ ئاجايىپ سادالىرىنى.

ئۆرتەيدۇ دىلىمنى سۆيگۈ، ھاياجان،
ئۈمىدلەر يېچىرلاپ كۈلدۈرسە مېنى.

بىلىمەن، جىمغۇرلۇق - ياشلىقتا ھەمراھ
ئۇ بەرمەس قېرىلىق بىشارىتىنى.
ئاشۇنداق ياشايمەن، كۆرۈپ شادلىنىپ —
كېلەچەك ئىقبالىنىڭ ئىشارىتىنى.

## كېچىلەر

كېچىلەر — ئاشىقنىڭ ھايا پەردىسى،
كېچىلەر — ئۇنتۇلماس ۋىسالنىڭ چېغى.
كېچىلەر قوينىدا قالار ئاھۇ - زار،
دىللارغا ئورنىشىپ جۇدالىق دېغى.

كېچىلەر شائىرنى قىلىدۇ ئويچان،
كېچىلەر يورۇيدۇ ئىجاد نۇرىدا.

كېچىلەر تۇغۇدۇ تۈمەنىمىڭ داستان،
ھاياتنىڭ كۆركى بار ھەربىر قۇرىدا.

ئۇنتۇلماس كېچىلەر، گۈزەل كېچىلەر،
ماڭىمۇ بەردىڭىسەن تۇرغۇن ھېس - تۇيغۇ.
پېشانەم تەرلىرى قالىدۇ سەندە،
ناخشا بار قەلبىمدە، باسمايدۇ ئۇيقۇ.

مەتسەيدى مەتقاسىم

# ياش يۈرەكتە يانغان ماگىملار

## تارىمغا چېچىلغان خىياللار

1

ئانا تارىم،
گۈمبەزسىمان بارخانلىرىڭغا
گويا پەرۋانىدەك ئاتتىم ئۆزۈمنى،
مەن سېنى ئۇلۇغلاپ مەككىدەك كۆرۈپ.
سۆيگۈ بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن خىيالىم
گويا شامالدەك،
ئەركىلەپ ئۇچماقتا لەرزان ۋە يېنىك.
ئالتۇندەك چاقنىغان
قۇملىرىڭنىڭ مەكزىنى سۆيۈپ.

2

سەن ئۆلگەن دېڭىزمۇ؟
ھەرە كۆنىكىدەك ئويمانلار
قايناملار،
قۇملار - بارخانلار،
ئۇگدەپ ياتقان دولقۇنلىرىڭمۇ؟
سەنىدە
شىردەك ھۆركىرەپ ئۇچقان بورانلار،
بىر مەنزىلگە، ئۇرۇلماق ئۈچۈن،
ئېتىلغان ئۇچقۇنلىرىڭمۇ؟

3

كەڭ ئۇپۇقتا ئەگىلىك سۇرتۇپ،
رەڭ بەرگۈچى قىزىل يۇلغۇنىڭ
شىۋىرلايدۇ ناخشىلار تىۋۇلاپ.
ئۇ ماڭا تارىختىن بېرىپ بىشارەت - ئىما.
ئاھ!
ئۇ يۇلغۇنلار.
سېنى بېزەش ئۈچۈن،
تەر نورىدا قان تۆككەن
بۇغراخان① دەك ئەجدادلىرىمغا
ئەمەسمۇ سىيما؟

4

قاراپ - قاراپ خارابىلىرىڭغا،
خارابىدەك بۇزۇلدى كۆڭلۈم،
ئەمەسمىدىڭ بىر چاغدا شەھەر؟
قېنى، ئۇ بەخت؟
قېنى، ئۇ تەخت؟
يوقاپتۇ ئۇلار
ئاقار يۇلتۇز ئۆچكەندەك گويا.
بولساڭمۇ ئەنە شۇنداق ئاددىي خارابە
بىراق،
ئارخېئولوگ ئالىمغا
تۇيۇلسەن ھېلىمۇ گۆھەر، تۇتىيا.

5

ئانا تارىم،
يەتمىسىمۇ ساڭا غۇلىچىم
لېكىن، سېنى
سۆيگۈ بىلەن مەھكەم قۇچاقلاپ،
مۇھەببەتلىك كۆز ياشلىرىمنى
بۇلاق قىلدىم.
ئېقتىن ئەتتىم
چۆللىرىڭگە، ئۇسسۇزلۇقۇڭغا.

---

① بۇغراخان - سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

uyghurkitap.com



سەندىكى
يۇلتۇز كۆزلۈك ئىپار كېيمكلەر،
كۈمۈش قاناتلىق ئاققۇلىرىڭغا،

كۆز تەگمىسۇن دەپ،
يۈرىكىمنى تۇمار قىلىپ
ئېسىپ قويدۇم يۇلغۇنلىرىڭغا.

## هايات ۋە تىلەك

هايات قىل ئۇستىدە تەۋرەپ تۇرغان شار
ۋە ياكى كىرپىكنىڭ ئۇچىدىكى ياش.

ئاھ! ئۇنىڭ ئەكسىدىن ئەۋلادلار ئۇچۇن'
چاقنىتىپ ئۆتىمەن ئۆچمەس بىر قۇياش.

## مۇھەببەت پەيزى

1

ئېقىپ ئۆتەر يۈرىكىمدىن بىر تۇيغۇ،
مۇھەببەتنىڭ گۈلزارىنى سەيلىتىپ.
بىر پەخىرلىك سۆيۈنۈشنىڭ بۆشۈكى،
ئەللەيلىدى مېنى يېنىك تەۋرىتىپ.

2

ئاھ! تۇرمۇشنىڭ دېڭىزلىرى ئۇپقۇنلۇق،
ئۈزمەكتىمەن مەن يار بىلەن يەلكەندەك.
يېرىپ چىقتۇق مانا تاشلار باغرىنى،
ئۆتكۈر پىچاق غىلىپىنى تەشكەندەك.

3

چاچلىرىمىز كۈمۈش سىمدەك ئاقاردى،
يالاتقاچقا يىللار قارنىڭ رەڭگىنى.
كەلمەكتىمىز بۈگۈن ھاسا تايىنىپ
سۈرۈپ يەنە مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى.

## گۈگۈم لەرىكىسى

كەچكى گۈگۈم سەندە باردەك ۋىسالىم،
باقماقتىمەن ساڭا ئۈنسىز – تىنۋىشسىز.
مېنىڭ شۇنچە نازۇك روھىي ھالىتىم
تەۋرىمەكتە سوغا ئوخشاش تىنىمسىز.

زەڭگەر گۈگۈم سەندە قالغان قۇياشنىڭ
ئەڭ ئاداققى نۇرلىرىنىڭ جىلۋىسى.
ساڭا قاراپ تىترىمەكتە ياش تېنىم،
سوغدا قالغان كەبىي باھار پىلىسى.

قارا بۇلۇت ئوراپ سېنىڭ يۈزۈڭنى،
كۆپۈك كەبىي لەيلەپ بارار ئۈزۈشۈپ.
جىمىپ قاپتۇ شوخ بۈركۈتلەر قىيادا
نىلۇپەرنىڭ گۈللىرىدەك تۈگۈلۈپ.

ئۆچەي دېگەن كەبى ئوتنىڭ يالقۇنى،
قوڭۇر رەڭگە چۆككەن ئەتراپ ئاچ خىرە.
كۆرۈنمەكتە گويا مەۋھۇم سۈرەتتەك
ئەتراپتىكى گۈزەل رەڭدار مەنزىرە.

گۈگۈم، گۈگۈم، ئوراپ ئالما سەن مېنى،
قويۇپ بەرگىن بۇ كۆڭلۈمنى رايىمغا.
ئارزۇلىرىم قۇچاقلىشىپ تاڭ بىلەن،
ياش يۈرىكىم مىنسۇن قۇياش تاجىغا.

ئەخمەتجان ئوسمان

## ئىككى شېئىر

### بىر كېلىنىنىڭ ئارزۇسى

تۇغىمەن چوقۇم
چاقماقتەك قىرىق ئوغۇلىنى.

ئەكېلىمەن
كېلىن قىلىپ ئۆيۈمگە

«قىردىق قىزلىرىمنى»
ئويناپمىز
مەشرىپىمنى ئۆلارنىڭ
«مىڭ ئۆيدە».

بەلكى
قىز قولدىشى بولار نۇزۇگۇم.
نەدىدۇر سادىر
ئوغۇللىرىمغا بولىسدى قولداش؟

## باللىقىمكى ۋەتەن

پۈرىدىم سېنى
ئەمگىنىمدە ئانام سۈتىنى.
ئۇچراتتىم سېنى
چۆچەكلىرىدە مومامنىڭ،
تەردىم
بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرىنى
ھاسىسىدىن بوۋامنىڭ.
كۆز يېشىمغا يوشۇرغانىدىم سېنى،

سىڭىپ كەتتىمىڭ ياستۇقۇمغا،
سېنى يىراق ئورماندا دەپ
چۈشۈم ئېلىپ كەتكەندە مېنى،
قويدۇم يۈتتىۇرۇپ
باللىقىمنى...
بىراق، تېخىچە
يۈرىمەن كۆتۈرۈپ
ياستۇقۇمنى.

سادائەتجان ھاجى

# شېئىرلار

## ل. مۇتەللىپ خاتىرىسى

مەن شۇدەم تۇرىمەن سۈكۈتتە غەمكىن،
قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ قايغۇ ۋە ئازاب.
ۋەلېكىن غۇرۇرۇم مەغرۇر ھەم تەمكىن،
ئېسىمدىن چىقمايدۇ «يىللارغا جاۋاب».

مەن بىلەن بىللىدۇر «خىيالچان تىلەك»
خىيالىم ۋەسلىگە تەلپۈنۈپ تۇرار.
ئاھ، سېنى سېغىنغان بۇ ئوتلۇق يۈرەك،
سۆيگۈ شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرار.

يادلىسام ھەر دائىم «ياشلىق — ئۆگەن» نى،
ياشلىقىم ئۆزىدە بىر كۈچ سېزىدۇ.

سېغىنىپ، يۈرىكىم شېئىر دېگەننى —
قەبرەڭگە گۈلدەستە قىلىپ تىزىدۇ.

«مۇھەببەت ۋە نەپرەت» يۈرىكىمدە ئوت،
بۇ ئوتسىز ئىنسانغا نەدىكەن ھايات؟!
شېئىرىدىن تاپىمەن ھاياتىمغا قۇت،
ناخشاڭدىن قەلبىمدە ئويغاندى سۇبات.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ — قاينام ئۆركىشى،
سۆيگۈ دېڭىزىدا دولقۇنۇڭ قالدى.
ئۇنۇتماس ئەبەدى سېنى ھەر كىشى،
چۈنكى، ھەر قەلبتە يالقۇنۇڭ قالدى.

## ياز كېچىسى

جىمجىت ئەمەس يازنىڭ كېچىسى،
مەجنۇنتاللار تۇرىدۇ لىڭشىپ.
مەجنۇنتالنى كۆزلەپ يىگىتلەر،
بىر ناخشىنى ئېيتىدۇ غىڭشىپ.

جىمجىت ئەمەس يازنىڭ كېچىسى،
مەجنۇنتاللار تۇرىدۇ لىڭشىپ.
مەجنۇنتالنى ئوينايدۇ ئېگىپ،
قىز - يىگىتلەر شوخلۇق قىلىشىپ.

## ئاي مارايدۇ

تال تۇۋىدە تۇرغان قىز - يىگىت،
ئۇيالغاندەك ئايغا قارايدۇ.
ياپراقلارنى دالدا قىلىپ ئاي،
يىگىت بىلەن قىزنى مارايدۇ.

ئاي مارايدۇ يىگىت ۋە قىزنى
خىجىللىقنى بىلمەيدۇ، زىنھار.
لېكىن ئۇلار ئۇيۇلۇپ ئايدىن
يۈرىكىنى قىلالماس ئىزھار.

## ئۇخلاتمايدۇ قىزنى بىر ناخشا

ئۇخلاتمايدۇ قىزنى بىر ناخشا،
تەلپۈندۈرۈپ دېرىزە تامان.
قۇلىقىنى ئېتىۋالسىمۇ،
ئاڭلاپ قالار يۈرىكى ھامان.

ئۇخلاتمايدۇ قىزنى بىر ناخشا،
ئۇخلاشقىمۇ، قىلالماس ئامال.
چىققاي دېسە ۋە لېكىن بىر كۈچ —
قىلغان ئۇنىڭ ئەركىنى قامال.

## كۈتۈش

يىگىت كېلىدۇ تەنھا،
دەريا بويىنى بويلاپ.
غىڭشىپ ئېيتىدۇ ناخشا،
سۆيگەن يارىنى ئويلاپ.
خىيال قىلىدۇ ھەر خىل:
«تېخى كەلمىدى يار» دەپ.

لېكىن كۈتىدۇ يەنە،
«بەرگەن ۋەدىسى بار» دەپ.
دەريا بويىدا يىگىت
تۇرار يارىنى ئويلاپ.
ئەنە، كۈتكىنى كەلدى،
سۇمبۇل چېچىنى ئويناپ.

ئابلىمىت ئابدۇكېرىم

## قۇچاقلىدىم قۇياشنى

### قۇم ھەققىدە

قۇم
جاھاننى كۆمۈۋېتىمەن دەپ،
بوران چىققىسىلا
كۆچەرمىش كۆرەڭلەپ.
بىراق،
چېچىلاڭغۇلىقىدىن
بىرلىشەلمەي،
باياۋاندا يۈرەرمىش تېنەپ.

### ئانا

باھارنى كۆردۈم چېھرىڭدىن،
قۇياشنى كۆردۈم مېھرىڭدىن.

### پەرق

توخۇلار دان تاپسا تالاشماي تەڭ يەر،
ئادەملەر ھەممىسى مېنىڭ بولسۇن دەر.

### چۈش

قۇچاقلىدىم قۇياشنى،
ئېرىپ كەتتىم.
گۈزەللىك دۇنياسىغا
سىڭىپ كەتتىم.

### خىيال

سەللىلەرنى كۆيدۈرسەم،
گۈلخىنىدا بىلىمنىڭ.
تاپسا ياشاش يولىنى
نادانلىرى ئېلىمنىڭ.



# قەبرىستانلىقتىكى گۈۋاھلىق

(ھېكايە)

دىلبەر قەييۇم

«ھەجگە بارماستىن بۇرۇن ئىنسابى ئازراق بارئىدى،
قاي‌كۈنىكى، كەلدى ھەجدىن بولدى زەسۋا بەچچىغەر!»

(مۇقىمى)

1

گۈمبەز ۋە سۇپىلىرى سېمونت بىلەن قاتۇرۇلغان يوغان شام گۆرنىڭ ئاغزى بىر زەمبىل سامانلىق كاكىل بىلەن ئېتىلدى.

مەرھۇم ھاشىم ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى قاراجى تەۋەككەدەك سەللە ئورىغان بېشىنى سەل سىڭايان قىسىپ، مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىمىن خەلپىتىمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تۆمۈرەك بەقەسەم تونىنىڭ پەشلىرىنى ئۆتۈشتۈرۈپ، قول باغلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئاتام قانداق ئادەم ئىدىكىن، خەلپىتىم؟

جامائەت ئىمىن خەلپىتىمگە يېقىنراق كېلىش ئۈچۈن سەل - پەل سىلجىشتى. قەبرىستانلىق تىم - تاسلىقتا چۆمدى. جامائەت بىردەك باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ، ئىمىن خەلپىتىمنىڭ گۈۋاھلىقىغا سۈكۈنات ئىچىدە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى:

— ئاتىلىرى... — دېدى ئىمىن خەلپىتىم ئاۋازىنى سوزۇپ، — ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى، رەسۇلۇللانىڭ سادىق ئۈممىتى، ئەھلى مۇسۇلمان، ھاجى ھۆرمەت، بەش ناماز، 30 كۈن روزىنى تەرك قىلمايدىغان، قولى ئوچۇق، ئۆشرە - زاكات، خەيرى - سەدىقىنى ۋاقتىدا بېرىپ تۇرىدىغان، غېرىب - غۇرۋا، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، ئۆز ھەققىگە شۈك -

ري ـ قانائەت قىلدىغان، كىشىنىڭ ھەق ـ
قىگە قارا سانىمايدىغان ھالال ئادەم
ئىدى...

ئىمىن خەلپىتىم ئۇچىغا ئىككىلىك
ئۇچلۇق تۆمۈر قىقىلغان چىلان رەڭ ھاسىسى
بىلەن قىزىل تىوپىلىق بوش يەرنى بىر ـ
نەچچە قېتىم چوقۇپ قويۇپ جىم بوادى.

جامائەت ئىمىن خەلپىتىمنىڭ بۇ گۇۋاھ ـ
لىقىدىن رازى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراشتى.
پەقەت ئىمىن خەلپىتىمنىڭ كەينىدە تۇر ـ
غان ياقۇپ ئاخۇن ئۇستاملا خەلپىتىمنى
ئەمدىلا كۆرىۋاتقاندەك تەئەججۇپ بىلەن
ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇنىڭ مىسكىن چىرا ـ
يىدا، ئويىچان كۆزلىرىدە ھەيرانلىق،
ئېچىنىش، نەپرەت گىرەلىشىپ كەتكەن
ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ ئەكس ئېتىپ
تۇراتتي.

«تووۋا،— دېدى ياقۇپ ئاخۇن ئۇس ـ
تام ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بۇ ئا ـ
دەملەرنى... باشقا چاغلاردىكى يالغانچى ـ
لىقلىرى، ساختىلىقلىرى ئاز كەلگەندەك،
ئاخىرەتنىڭ ۋەھىمىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يالغان ئېيتىۋاتقىنىنى؟
بۇ تېخى ئاللانىڭ ئالدىدا بەرگەن گۇۋاھ ـ
لىقىمىش، ھەممە ئىشنى ئۆز قۇدرىتى
بىلەن كۆرۈپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ياراتقۇ ـ
چىنى يالغان گۇۋاھلىق بىلەن ئالدىغىنى
نېمىسى؟ ئىمىن خەلپىتىم ھەر قېتىم
نامازدىن كېيىن مەسىلە ـ مەرىپەت قىلغاندا
يالغانچىلىق ئۇستىدە توختىلىپ: «يالغان
گەپ ئىمانغا دەخلى يەتكۈزىدۇ» دەيتتى.
شۇ تۇرقىدا خەلپىتىمنىڭ ئىمانى نېمە
بولۇپ كەتكەندۇ؟ «مولىلىنىڭ دېگىنىنى
قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەن گەپ
شۇدە! تووۋا،— ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى،—
بۇ ئادەملەر ئاللانىڭ غەزىپىدىن قورق ـ
مامدىغاندۇ؟ قاراپ تۇرۇپلا «كىشىنىڭ
ھەققىگە قارا سانىمايدىغان، پېقىر ـ مىس ـ
كىنلەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان» دەۋات ـ
قىنىنى؟ ئېي، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا،
كىشىنى كىشى ئالدايدىغان، بىرلىرىنىڭ
يىغىسى بەدىلىگە بىرلىرى كۈلىدىغان،
بىرلىرىنىڭ زىيىنى بەدىلىگە بىرلىرى پايدا
ئالىدىغان ناھەقچىلىك قاچانمۇ تۈگەر؟!...»

ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام شۇلارنى كۆڭ ـ
لىدىن ئۆتكۈزىۋېتىپ، خەلپىتىمنىڭ بۇن ـ
دىن ئىككى يىل بۇرۇنقى بىر قېتىملىق
گۇۋاھلىقىنى ئەسلەپ قالدى.

2

ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام بىلەن ئىمىن
خەلپىتىم كونا قوشنىلاردىن بولۇپ، ياقۇپ
ئاخۇن ئۇستامنىڭ ساراي ئۆيي بىلەن
ئىمىن خەلپىتىمنىڭ مېھمانخانىسى بىر تام
ئىدى. كېيىنكى چاغدا ياقۇپ ئاخۇن
ئۇستامنىڭ سول تەرەپ قوشنىسى ئۆيىنى
ساتىدىغان بولۇپ، ئىمىن خەلپىتىمنىڭ
تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھاشىم ئاخۇن
ئاتلىق بىر كىشىگە سودا قىلىنىدى. ئاك ـ
لاشلارغا قارىغاندا، بۇ يېڭى قوشنا بۇ ـ
رۇندىنلا قەشقەر بىلەن خوتەن ئوتتۇرى ـ
سىدا شايى ـ ئەتلەس، گىلەم تىجارىتى
بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ھاشىم
گىلەم دەپ ئاتىشىدىكەن. مەھەللىدىكىلەرمۇ
بۇ ئىسمغا ئاسانلا كۆنۈپ قېلىشتى. ھەتتا
بىرەر كىشىمۇ ھاشىم گىلەمنىڭ ئاتىسىنىڭ

ئىسمىنى سۇرۇشتۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى.
هاشىم گىلەم ئېگىز بوي، ئورۇق،
يول ماڭغانـدا خۇددى تاپىنىغـا غالـتەك
بېكىتىپ قويغاندەك تېز ماڭىدىغان ئادەم
ئىدى. ئۇ، مەهەلـلىدىكى چـوڭ ـ كىچىك،
ئەر ـ ئايال هەممىسى بىلەن شۇنداق قىز ـ
غىن سالامـلىشاتـتىكى، خېلى يەرگىچـە
قول باغـلاپ ئـېگىلگـەن پېتى يېنىچـە
ماڭاتتى. شۇ خىسلىتى بىلەن ئۇ مەهەلـلىگە
ناهايىتى ئاسانلا سىڭىپ كەتتى.
هاشىم گىلەمنىڭ　مەهەللىدىكىلەرگە
يەنە بىر يېقىپ كـەتكـەن يېرى شۇ بول ـ
دىـكى، ئۇنىڭ سـول تەرەپ قوشنىـسى
پالتىۋاي ئاتا مىراس دېۋانىلاردىن ئىدى.
ئۇنىڭ ئايالى سەيلىخېنىم ئۆزىـنىڭ ئوردا
خېنىمىدىكى كاتتا ئىشان پاشـا مىرزامنىڭ
قول بەرگەن ئۇسـتازى سـوپى تاجىخـان
غوجامنىڭ ئارزۇلۇق نەۋرىسى ئىدى. ئۆمـ ـ
رىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمـىگەن بۇ بىر
جۈپ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ جېدەل ـ ماجىراسى
تۈگىمەيتتى. ئەسلىدە مەهەللىدىكىلەر ئۇلار ـ
نىڭ جېدىـلىگـە ئارىـلىشىپ تويـغانىدى.
بىرەرسى ئارىغا چۈشـكەن هامان جېدەل
تېخىمۇ ئەدەپ كېتەتتى. شۇڭـا، هېچكىم
ئۇلارنىڭ جېدىلىگە ئارىـلاشماس بولىۋال ـ
غانىدى.
هاشىم گىلەم بۇ مەهەللىگە كۆچۈپ
كەلگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ جېدىلى ئا ـ
سانلا بېسىقىدىغان بولۇپ قالـدى. جېدەل
ئەمـدىلا باشلانـغاندا هـاشىم گىلەمـنىڭ
ئورۇق گەۋدىسى ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا
پەيدا بولاتتى ۋە دەز كەتـكەن چىنىدىن
چىققانـدەك جىغىلداق ئاۋازى بىلەن مۇ ـ
رەسىگە چۈشەتتى:
ــ پالتاخـۇن ... مەزلۇم ـ ئاجىزلارنى
ئانىي تېپىش بىزنىڭ شەرىئىتىمىزگە مۇ ـ
خالىپ كېلىدىغان ئىش. ئەهلىيەڭىز سەيـ
لىخېنىم كاتتا ئىشـان ئەۋلادىدىن. ئەگـەر
سىز ئۆزىڭىزنى هەزرىتى شاهى نەخشۇەن
پىردىم يـۆلسـۇن دېسىڭىز، سەيـلىخېنىمنى
رازى قىلىشىڭىز كېرەك. بولـمىسا هەزرىتى
ئىشانەملەرنىڭ روهى قورۇنۇپ قالىدۇ...
شۇ گـەپ بىلەن بۇ ئىككـيـلەن
هايالىسىزلا ئەپلىشىپ قالاتتى. مەهەللىدى ـ
كىلەر هاشىم گىلەمنىڭ بۇ جېدەلنى شۇنـ
داق ئوڭۇشلۇق، تېز يىغىشتۇرغانـلىقىدىن
مىننەتدار بولاتتى.
قىسقىسى، هاشىم گىلەم يېڭى كۆچۈپ
كەلگەن بۇ مەهەللىدە ئالاهىدە هۆرمەتكە
سازاۋەر ئادەم بولۇپ قا'دى.
هاشىم گىلەم كۆچۈپ كېلىپ 3ـيىلىنىڭ
بارات ئېيىدا هەج تاۋاپىقا جابـدۇنـدى.
مەهەلـلىدىـكىلەر ئۇنىڭ هەرەمـگـە ئېلىپ
ماڭغان ماللىرىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپ
قېلىشتى.
ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، ئېلىپ ماڭغىنىدىن
نەچچـە هەسسە كـۆپ مال ـ دۇنيا بىلەن
هاشىم هاجى بولۇپ قايتىپ كەلدى.
هەرەمـنى مۇقـەددەس بىلـدىغـان
ئىتائەتچان مۇسۇلمانـلار بىرنىنىڭ كەيىنـ ـ
دىن بىرى ئولىشىپ كېلىپ هاشىم هاجىـ ـ
نىڭ مۇبارەك قوللىرىنى كۆزلىرىگـە سۈر ـ
تۈپ، زەمزەم سۈيىگە ئېغىز تېگىپ، ئۇلۇغ
يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كـەلـگەن بۇ
هاجىنى مۇبارەكـلەشـتى. ئەمدى تېخىمـۇ
تەقۋادار، نامازخـان بولۇپ كـەتكـەن بۇ
هاجى ئـۆيىنى چېقىپ كېڭـەيتىپ ياساش
كويىغا چـۈشتى. شۇڭـا ئۇ ئالـدى بىلەن
يولدىشىدىن ئايرىلىپ تـۇل قالغىنىغا بىر
يىل بولغان سەيلىخېنىمدىن ئۆزىنىڭ ساراي

www.uyghurkitap.com

ئۆيىگە پاسىل كېلىدىغان قازنىقنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئېرى پالتىۋاي ھايات چېغىدا ھاشىم ھاجىمنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھورنى مۇھۇرتىلا بىلىدىغان سەيلىخېنىم، بۇ گەپنىڭ باش - ئايىغى چىقىپ بولغىچىلا تىل سېلىپ چۈشتى.

... — سەن ھاجى ئەمەس، بولاڭچى ئوغرى، ئەمدى مېنى ئۆز ئۆيۈمگىمۇ پاتقۇزمامسەن؟ ساڭا يەنە نېمە كېرەك؟ خۇدا سېنى ھارام يارىشىدىغان قىلىپ ياراتقانىكەن. ئەمدى مېنىڭ سېنى باي قىلغۇدەك ھېچنېمەم قالمىدى. ھەتتا ئۇۋاسەم ساڭا بىر تاۋاق يۇندامۇ تەگمەيدۇ!

— ھوي سەيلىخېنىم، سىلىگە نېمە بولدى؟ — دېدى ھاشىم ھاجى ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا ۋە يېنىدا تۇرغان ئىمىن خەلىپىتىمگە مەدەت تىلىگەندەك يېلىنىپ قارىدى.

— سەيلىخېنىم، — دېدى ئىمىن خەلىپىتىم ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ، — ھاشىم ھاجىم بولسا ئۇلۇغ مەدىنە - مۇنەۋۋەرىگە بېرىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھۇسالامنىڭ ياتقان جايلىرىنى، قەدەم ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ئۇلۇغ زات. ھاجىمنىڭ دۇپپا مەدەرەك قازناقلىرىغا ئېغىز ئېچىشى سىلى ئۈچۈن بىر ئامەت! شۇڭا...

— چىقىش ئۆيۈمدىن! بولاڭچىلار، قاراقچىلار، سەنلەرنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق! ھەممىڭ ئالدامچى!

— يۇرسىلە ھاجىم، — دېدى ئىمىن خەلىپىتىم ھاجىمنىڭ پېشىدىن تارتىپ، — بۇ ساراڭ خوتۇن بىلەن تەڭ بولمايلى. خۇدايىتائالانىڭ بۇنداق دەۋزىقلىرى ئۇ دۇنيانىڭ ۋەھىمىسىدىنمۇ قورقمايدۇ. ئۆيىنى كېڭەيتىپ ياساشنىڭ باشقىچە ئامالىنى تاپايلى.

ئىككىيلەن بىرلىكتە ھاشىم ھاجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھاشىم ھاجىنىڭ ھويلا تېمىغا ئۇل بېسىلدى. ھويلىنىڭ ئەسلىدە جەنۇبقا قارايدىغان دەرۋازىسى كۈن پېتىشقا قارىتىپ قويۇلۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى مەرئا ھويلىغا قوشۇۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئوڭ تەرەپ قوشنا ياقۇپ ئاخۇن ئۇستامغا تەئەللۇق بولغان مەرئا ھاشىم ھاجىنىڭ بولۇپ قالدى. مەرھۇم پالتىۋاينىڭ ئىشىكى بىلەن ھاشىم ھاجىنىڭ دەرۋازىسى ئارىلىقىدىكى بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېلىدىغان ھويلا تېمى يول تەرەپكە بىر مېتىردەك تارتىلدى. بۇنى كۆرگەن ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام ھاشىم ھاجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ چىرايلىق ئۆتۈندى:

— ھاجىم، دەرۋازا بۇرۇن قايسى تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان بولسا، ھېلىمۇ شۇنداق قويساق، ئىشىك - ئاراغا سۇ - پۇ چېچىلىپ قالسا، ئەخلەت - چاۋا يىغىلىپ قالسا كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالارمىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يولدىن قوشۇلۇپ كەتكىنى تولىمۇ يامان ئىش بولدى. بۇ تەرەپتە ئۆزلىرىدىن باشقا يەنە تۆت ئائىلىلىك قوشنا بار ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ يولى تارلىشىپ قالسا ئوتتۇن - كۆمۈر چۈشۈرۈشى قىيىنلىشىپ قالارمىكىن؟

— ھە، ياقۇۋاخۇن، بۇ تەرەپتىكى قوشنىلار بىلەن ئۆزىمىز كېلىشكەن. بۇنىڭغا باش قاتۇرمىسىلىرىمۇ بولىدۇ. مەن، تامنى كەينىگە تارتقاندىن كېيىن ئۇلارمۇ لايىچىلىق قىلىپ تېمىنى مېنىڭكى بىلەن

ئۇدۇللىۋالدىۇ - دە، ئىش پۈتتىدۇ. ئەندى دەرۋازا مەسلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىمۇ سىلى بىلەن كېلىشىپ قالىمىز.

— بۇ كېلىشىپ قالدىغان سودا ئەمەس ھاجىم، كىشىنىڭ ھەققى! — دېدى ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام ئاچچىق بىلەن.

— مەن ئالدىلىردىن چىرايلىق ئۆتەي ئۇستام، ئۆي سېلىش دېگەن دائىم قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئىش ئەمەسكەن. مەن بالا - چاقىلىق ئادەم، شۇڭا...

— ئۇنداق بولسا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بالا - چاقىلىرى ئۈچۈن يولدىن، كىشىنىڭ ھەققىدىن قوشۇۋالسا، ئۇ چاغدا جاھان نېمە بولۇپ كېتەر؟ — ياقۇپ ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئاق - سۇزۇك چىرايى ئانارىدەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا سىلى ماڭا ۋەز ئوقۇماي، كۆچلىرى يەتسە ئەرز قىلسىلا!

ھاشىم ھاجى شۇنداق دېدى - دە، بويىنىنى غىجەكتەك تۇتۇپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇ گەپ ياقۇپ ئاخۇن ئۇستامغا بەكمۇ ھار كەلدى. پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرى بىلەن ياشاپ، ھۈنىرىنى خار قىلماي، كىشىلەرنى رازى قىلىپ كەلگەن بۇ قانائەتچان بوۋاي كېچىچە كىرپىك قاقمىدى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن يانغان جامائەتنى مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىرەيلەن توختاتتى:

— ئەھلى جامائەت، مۇنداق بىر ئەھۋالنى ھەرقايسىلىرىنىڭ سەمىلىرىگە سېلىپ قويماقچى، — دېدى ئۇ كىشى ۋە تۇنۇگۈنكى ھاشىم ھاجى بىلەن ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى بايان قىلىپ بەردى.

— ئەگەر راستىنلا يولدىن قوشۇۋالغان بولسا توغرا بولماپتۇ، — دېدى ئۆمەر مەزىن جامائەتكە قاراپ.

— ئالدى بىلەن بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، ئاندىن بىر نەرسە دېيىشەرمىز، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

شۇنداق قىلىپ، جامائەت ھاشىم ھاجىمنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىشتى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ راستىنلا سەت ئىش بولۇپتۇ.

— ھاجىمنىڭ بۇ نېمە قىلغان ئىشىدۇ؟

— ئاتا - بوۋىلىرىمىز ساۋاب بولسۇن دەپ يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، كۆل چېپىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلغان. ئەمدى بىزگە كەلگەندە تېخى يولنى، كىشىنىڭ ھەققىنى قوشۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا قانداق بولغىنى؟ — دېدى ئۆمەر مەزىن دانە - دانە قىلىپ.

ئۆي ياساشقا كىرىشكەندىن بۇيان مەسچىتكە چىقمايۋاتقان ھاشىم ھاجى جامائەتنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چىغ يوللۇق پاكچۇ كەمزۇلىنىڭ ئۈستىدىن سۇس مايسارەڭ شايى پوتا باغلىغان، چوگۈن گۈللۈك ئاق دوپپىسىنىڭ بىر تەرىپىنى سەل قىستۇرۇۋالغان، ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام كۆڭۈل قويۇپ، ئىخلاس بىلەن تىككەن كەش - مەسىنى پارقىرىتىپ كىيگەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى ئۇ گىدەيگەن ھالدا، — ئەتىگەندە جامائەتنىڭ مۇبارەك قەدىمى يېتىپ قاپتۇ.

جامائەت لام - جىم دېمىدى. قىسقىغىنا سۈكۈتتىن كېيىن ئالدى بىلەن ئىمەن خەلپىتىم ئېغىز ئاچتى.

— شۇنداق ھاجىم، جامائەت ئۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

نى ئۆي سېلىشقا تۇتۇش قىلىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ خىزمەت بارمىكىن دەپ...

—يوغسۇ، ھەر قايسىلىرىنى خىزمەتكە سالغىنى بولامدىغان؟ جامائەتنىڭ مۇشۇنداق بىر كېلىپ كەتكىنىمۇ چوڭ يۆلەك...

—ھاجىم، — دېدى ھەققانىي گەپ قىلىش بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆمەر مەزىن، — بىرنىڭ كېلىشىمىز مانا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن، — ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئىككى گەز ئېگىزلىكتە ئېتىلىپ بولغان تامنى كۆرسىتىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — تامنى يول تەرەپكە تارتىپ تولىمۇ يامان قىلىپلا. يەنە كېلىپ تېخى ياقۇپ ئاخۇن ئۇستامنىڭ مەرئاسىنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغانلىرى تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولۇپتۇ، سىلى ھاجى بولغان ئادەم...

باياتىندىن بېرى جامائەتنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئۈن-تىنسىز قۇلاق سېلىپ تۇرغان ھاشىم ھاجىنىڭ قارا كۆك چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

—مەن ھەج قىلغان بولسام ئۆز پۇلۇمغا قىلدىم. بۇ يەردە ئۇنى چىشلەپ تارتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

—چېچىلمىسىلا ھاجىم، — دېدى يەنىلا ئۆمەر مەزىن سىلىق قىلىپ، — سىلى ھاجى ھۆرمەت ئادەم، كىشىلەر سىلىدىن شۇنىڭغا لايىق ئىش قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىلى پۇل تېپىپ، يول ئازابى تارتىپ ھەج قىلىپ كەللە، ھەج قىلىشتىن مۇددىئا نېمە ھاجىم؟ ئەگەر شۇ ھەج قوبۇل بولسا ئادەمنىڭ ئۆمرىدە قىلغان ھەممە گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ، ئانىدىن تۇغما بولارمىش. شۇڭا ئۆزلىرى ئەل ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلماقتا يوق، گۇناھ بولىدىغان ئىش قىلمىسىلىرى بولماس!

—مېنىڭ قايسى ئىشىم گۇناھقا ياتىدىكەن، مەزىنئاخۇنۇم؟ — ھاشىم ھاجىنىڭ ياغاق يۈزلىرى تېخىمۇ تارتىشىپ كەتتى.

—بەللى ھاجىم، گۇناھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى ئاڭقىرالمىلىمۇ؟ — دېدى ئۆمەر مەزىن ھاجىغا قادىلىپ قاراپ، — ياقۇۋاخۇن ئۇستامنىڭ پەرزەنتلىرى ئانىسىدىن كىچىك قالغان، ئۇلارنىڭ مەرئاسى يېتىم ھەققى ئەمەسمۇ؟ سەيلىخېنىم ئەزەلدىن سەدىقە سوراش بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن ئايال، ئۇنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىدىكى قولتۇقنى قوشۇۋالسىلا بۇ غېرىب-غۇرۋالارنىڭ ھەققى بولمامدۇ؟ ئەمدى يولدىن قوشۇۋالغانلىقلىرىنى نەپسانىيەتچىلىك دېسەك بولارمۇ؟

جامائەت ئۆمەر مەزىننىڭ گېپىنى ماقۇللىغاندەك ئاستا باش لىڭشىتىشتى.

نېمە دېيىشنى بىلمەي قالغان ھاشىم ھاجى يەرنىڭ تېگىدىن ئىمىن خەلپىتىمگە مەدەت تىلىگەندەك قارىدى.

ئىمىن خەلپىتىممۇ مۇشۇنداق بىر قاراشنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئاندىن گەپ باشلىدى:

—ئەھلى جامائەت، بەزى گەپلەر سەل ئاشۇرۇۋېتىلدى. ھاشىم ھاجىم ئالغان ئۆينىڭ ئەسلى دەرۋازىسى جەنۇبقا ئەمەس، بەلكى غەربىي جەنۇبقا قارايتتى. شۇڭا بۇ قېتىم ھاجىم دەرۋازىنى سىڭارىيان قويغاندىن كۆرە تۈز قويغان ياخشى دەپ قاراپ، دەل كۈنپېتىشقا توغرىلاپ قويدى. بۇ ئىشنى «ياقۇۋاخۇن ئۇستامنىڭ مەرئاسىنى ئىگىلىۋالدى» دېگىلى بولمايدۇ. سەيلىخېنىمنىڭ ئىشىكىنىڭ تۈۋىدىكى قولتۇققا كەلسەك، بۇ ئەسلىدە شامال، بوران چىققاندا ئەخلەت يىغىلىپ قالىدىغان تاشلاندۇق جاي

ئىدى، ھاجىم تام تۈز چىقسۇن دەپ ئۇ
يەرنى پىششىق كېسەك بىلەن چىرايلىق
ئېتىپ قويدى. ئەمدى «يولدىن قوشۇۋال-
دى» دېگەن گەپكە كەلسەك، ئىلگىرى
مۇشۇ مەھەللىدىن ئاقىدىغان بىر ئېرىق بار
ئىدى. ئېرىق بويىدا دەل ھاجىم ئالغان
ئۆيگە تەۋە ئىككى تۈپ سۆۋادان، بىر
تۈپ قاپاق تېرەك بار ئىدى. كېيىن ئۇ
دەرەخلەرنى ھۆكۈمەت كېسىپ كەتكەن.
ھاجىم بۇ قېتىم تامنى ئەنە شۇ تېرەكنىڭ
ئورنىدىن ئەتتى. خوش...ئىش مۇشۇنداق
ئىكەن، بۇنىڭدا ھېچقانداق كىشىنىڭ، يې-
تىم - يېسىرلارنىڭ ھەققى دەيدىغان گەپ
مەۋجۇت ئەمەس!

—خەلپىتىم بۇ قانداق گۇۋاھلىق!
شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدىمۇ گۇۋاھلىق بەرگۈچى
راست سۆزلىسۇن، دېگەن گەپ بار ئەمەس-
مۇ؟ سىلى...

ئۆمەر مەزىننىڭ ئاق - سۆزۈك چىرا-
يى ئوتتەك قىزىرىپ، چىرايلىق چار ساقىلى
بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.

— بولدى قىلسىلا، مەزىناخۇنۇم،—دېدى
ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام ئېغىر تىنىپ، —
بىزدە: «تىرىككە ئۆي، ئۆلۈككە گۆر
تېپىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ھېلىغۇ بال-
لىرىم تالادا قالمىدى، ئەگەر تالادا قالسى-
مۇ خۇدايىم بار. ھەممىدىن سالامەتلىك،
خاتىرجەملىك ئەۋزەل!

—ئۇنداق دېمىسىلە ئۇستام، ھېلىمۇ
ھەممىگە تەڭ «شۈكرى» قىلىپ كەلدۇق.
ھەرقانداق شۈكرىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ - دە!

—تېخى چېكىگە يەتمىدى، مەزىنا-
خۇنۇم، — دېدى بىرەيلەن ئۆمەر مەزىنگە
مەنىلىك قاراپ قويۇپ، «دەۋاگەر سۇس
كەلسە، قازى مۇتىھەم بولۇپتۇ»، — دېگەندەك
ياقۇۋاخۇن ئۇستام بولدى قىلغاندىكىن بۇ-
نى ئۆزىگە قويۇپ بېرەيلى. سەيلىخېنىم
ئەزەلدىنلا سەۋدايى خوتۇن، ئۇنىڭ ئىشىغا
ئارىلاشقۇچىلىكى يوق. يولدىن قېتىۋېلىش
ئىشىغا كەلسەك، ئىمىن خەلپىتىمنىڭ گۇۋاھ-
لىقىدەكلا بولسا بۇنىڭمۇ يامىنى يوقتەك
قىلىدۇ. قالغان ئىش بولسا ئۆز گۇناھى
ئۆزىگە بولسۇن، — دېدى مەھەللە ئاقسا-
قاللىرىدىن بىرەيلەن پۈتۈن تالاش - تار-
تىشنى يىغىنچاقلاپ. ئەزەلدىن يۇۋاشلىق،
مۆلايىملىقتا، ئادەتلەنگەن جامائەت ھېلىقى
گەپ بىلەن ئاستا - ئاستا تارقاپ كېتىشتى.

3

مانا، ئۆيىنىڭ پۈتكىنىگە ئەمدىلا
ئىككى يىل بولغاندا مەرھۇمنىڭ دۇنيادا
يەيدىغان رىسقى تۈگەپتۇ...

ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام خىيالدىن باش
كۆتۈرگىنىدە، تاغارغا قاچىلاپ ئېلىپ
چىقىلغان گىردە نانلار جامائەتكە ئۈلەشتۈ-
رۈلۈۋاتاتتى.

ياقۇپ ئاخۇن ئۇستام ئۆزىگە تېگىش-
لىك بولغان بىر ناننى گۈلىدەك - گۈلىدەك
پارچىلاپ، كەينىدىكى شام گۆرنىڭ سۇپى-
سىغا قويۇپ قويدى.

جامائەت تون - پېرىجىلىرىدىكى توپى-
لارنى قېقىشتۇرۇپ، ئەمدىلا مېڭىشقا تەمشەل-
گەنىدى، يۈزىگە تۇزۇپ تۇرغۇدەك ئۇپا
سۈرتۈپ، ئىككى مەڭزىنى توغاچتەك بويى-
ۋالغان سەيلىخېنىم جامائەتنى يېرىپ ئالدى-
غا چىقتى. ئۇ، قەبرىستانلىقتا گويا ئۆزىدىن
باشقا ئادەم يوقتەك ئىككى دولىسىنى ئويى-
نىتىپ مېڭىپ، توپ - توغرا ئىمىن خەل-
پىتىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى:

— خەلپىتىم، ھاشىم ھاجىنىڭ قانداق
كىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ناھايىتى

ئوبدان گۈۋاھلىق بەردىلە. ئەمدى جامائەت ئالدىدا گۈۋاھلىق بېرىدىغان يەنە بىر ئىش قالدى. قېنى، بۇ ھەقتە قانداق گۈۋاھلىق بېرىلىكىن؟

— ھۇ، بىنومۇس! نامەھرەمدىن قاچ-مايدىغان سارالڭ خوتۇن. يوقال كۆزۈمدىن!

ئىمىن خەلپىتىم غەزەپ بىلەن ھاسىسىنى سەيلىخېنىمغا قارىتىپ بىر شىلتى-گەندى، كۈتۈلمىگەندە سەيلىخېنىم ھاسى-نىڭ ئۇچىنى چاققانلىق بىلەن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى ۋە شۇنداق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىكى، پۈتۈن قەبرىستانلىقنى كۈلكىنىڭ ئەكس ساداسى قاپلاپ كەتتى.

— جامائەت، بۇ سارالڭ خوتۇننىڭ قىلىقلىرىغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇش گۇناھقا شېرىك بولغانلىق بولىدۇ، قايتىشىلا! — دېدى ئىمىن خەلپىتىم سەيلىخېنىمنىڭ كۈلكىسىنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ.

— نېمە؟ مەن سارالڭمۇ؟ — دېدى سەيلىخېنىم بىردىنلا كۈلكىدىن توختاپ. ئۇنىڭ قىسقا، ئەمما قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرى ئىمىن خەلپىتىمگە ئوقتەك قادال-دى. ئىمىن خەلپىتىمنىڭ ئاق ئارىلىغان ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئارىسىدىكى بوز كۆزلىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

— ماقۇل، مەن سارالڭمۇ بولاي، سەن ئوڭمۇ بولغىن. ئۇنداق بولسا، سەن ئوڭ مۇشۇ بىر ئىشقا پەتىۋا توقۇپ باقە. جاما-ئەت ئاڭلاپ باقسۇن. ھاشىم گىلەمنىڭ ھەج قىلىشىنىڭ ساۋابى ئۆزىگىمۇ ياكى ماڭىمۇ؟ سەن بۇ ئىشنىڭ بىردىنبىر گۈۋاھچىسىغۇ؟!

— بۇ نېمە گەپ؟

— بۇ مەزلۇم نېمىشقا بۇنداق قام-لاشمىغان گەپنى قىلىدىغاندۇ؟

جامائەت ئىچىدە غۇلغۇلا قوزغىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن سەيلىخېنىم ھەم-مەيلەنگە تەكشى قاراپ قويۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى تۇرقى ۋە خاراكتېرىگە ماس بولمىغان بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلىدى.

— رەھمەتلىك پالتىۋاي تولىمۇ نەپ-سى ئاۋارى ئادەم ئىدى. ئۇ داۋاملىق: «بىزنىڭ تۆت بالىمىز، بەش كالىمىز بار-مىدى، ھەر قانچە قىلساقمۇ ئېتىمىز يەنىلا دىۋانە. بىر قېتىم تويغىنىمىز پاشالىقتا تەڭ» دەيتتى. شۇڭا تىلەپ تاپقىنىمىز



بەزى يىللىرى قىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارمايلا
تۈگەپ كېتەتتى. مېنىڭ ئەسلىدە ئا-
نامدىن مىراس قالغان ئون دانە تىللا،
بىر جۈپ بىلەيزۈكۈم، بىر جىيەك قادىقىم
بار ئىدى. بالىمىز بولمىغاچقا، ئەگەر بەش كۈن-
ئون كۈن يېتىپ قالسام ماڭا بىر چىنە ئىس-
سىق ئىچكۈزۈپ قويغان ئادەمنى رازى قى-
لارمەن، ناۋادا خۇدايىم ئاسان ئاغرىق،
ئاسان ئۆلۈمنى بەرسە ئاخىرەتلىكىم ۋە
نەزىر-چىراغىمغا ياراپ قالار دەپ، ئۇنى
تامنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ساقلىغانىدىم. رەھ-
مەتلىك پالتىۋاينىڭ ئۆمرى مەندىن قىس-
قا كەلدى. ئۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ قالغان-
دىن كېيىن، كوچىغا كەمرەك چىقتىم.
پۇل-پۇچەكتىن قىينالدىم. شۇنىڭ بىلەن
بىرەر-ئىككى تىللانى سېتىپ، جېنىمنى جان
ئېتەي دەپ ئويلاپ، بىر ئاخشىمى قازناق
ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈم سېلىپ قويغان بەلگە-
گە ئاساسەن تامنى يونۇشقا باشلىدىم ...
ۋاي خۇدا، ئادەمنى قارا باساي دېسە
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولىدىكەن، تامنى
بىر كەتمەن يۈزى كەلگۈدەك يونۇپ ھې-
لىقى بەلگە خىشنى شۇنداق ئېلىشىمغا تام-
نىڭ ئۇ تەرىپىدە ھاشىم گىلەمنىڭ بېشى
كۆرۈنمەسمۇ، يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ
تىنالماي قالدىم. خۇدۇمنى يوقاتقان ھال-
دا قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئەمما ھاشىم گى-
لەمنىڭ ئۇزۇن بارماقلىرى خۇددى چوجە
ئالغان سادەك مېنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىم
باغلانغان تۈگۈنچىكىمنى ئېلىۋالدى ...
ئەسلىدە ھاشىم گىلەم پالتىۋايدىن بىز-
نىڭ ئۆيدە مۇشۇنداق بىر سىر-ئەسرا-
نىڭ بارلىقىنى خۇپىيانە بىلىۋالغانىكەن.
شۇ كۈنى ئۇ مېنىڭ تامنى يونۇغان شە-
پەمدىن ئويغىنىپ، بىرەر ئىشنى سەزگەن
بولسا كېرەك، ئۇ مەندىن بۇرۇن تامنى
تەشكىلى باشلاپتىكەن، شۇ كېچىسى تاڭ
ئاتقۇچە بىزنىڭ جىدىلىمىز قۇرۇمىدى.
ئۇ ھېچبىر تەپ تارتماستىن مېنى ئوغ-
رى تۇتتى. مەن ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك
بولۇپ كەتتىم. قوشنا-قولۇملارمۇ ئوي-
غىنىپ كېتىشتى. ئاخىرى بامدات بىلەن
ھاشىم گىلەم ئىمىن خەلپەتنى گۇۋاھلىققا
ئېلىپ كىردى. ئۆمرىدە قۇرئان كەرىمنى،
بەش نامازنى، دۇئا-تىلاۋەتنى ئۆز نەپسى
ئۈچۈن سېتىش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن
بۇ مۇناپىق خەلپەت: «مەن ھاشىم گى-
لەمنىڭ ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن يىغقان
بۇ زادىراسىنى خەجلىنىپ كەتمىسۇن دەپ،
مۇشۇ يەرگە تىقىپ قويغىنىنى ئۆز كۆزۈم
بىلەن كۆرگەنىدىم؟» دەپ گۇۋاھلىق
بەردى. قوشنا-قولۇملار مېنى زاڭلىق
قىلىپ كۈلۈشتى. ھەتتا ئۇلار: «بۇ سا-
راڭنىڭ بۇنچىلىك ئالتۇن-تىللاسى بولسا
تىلەمچىلىك قىلامتى؟» دېيىشتى. شۇ-
نىڭ بىلەن مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇ-
تۇپ، خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالار
دەپ ئاللاغا نالە قىلىپ يۈردۈم. ھاشىم
گىلەم بولسا، مېنىڭ ئالتۇن-تىللالىرىم-
نىڭ كۈچى بىلەن «ھاجى» بولىۋالدى...

سەيلىخېنىمنىڭ بۇلدۇقلاپ ئېقىۋات-
قان كۆز ياشلىرى يۈزىدىكى ئاق-قىزىل
بوياقلارنى يۇيۇپ، ئايىغىدىكى قىزىل تو-
پىلىق زېمىنگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

نەپرەتلىك، مەسخىرىلىك ئۇچقۇن
چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلەرنىڭ نەشتەردەك
سانجىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قەددى
يادەك ئېگىلگەن ئىمىن خەلپەت قارىسىيىپ
كۆرۈنگەن ئۇچۇق شام گۈرلەرگە ئۈمىد
بىلەن قارىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ مىدىرلى-
غۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى ...

مالىك كېۋىر

# كۈن شەرقتىن چىقىدۇ

( رومانىدىن پارچە )

يازغۇچى مالىك كېۋىرنىڭ «كۈن شەرقتىن چىقىدۇ» ناملىق رومانى يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى، ژۇرنىلىمىزدا شۇ روماننىڭ مۇقەددىمىسىنى ئالدىن تونۇشتۇردۇق.

تەھرىردىن.

## مۇقەددىمە

ئالتۇن كۈز پەسلى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك. كۈز ئاپتىپى ئىللىتىپ تۇرغان ئىلى ۋادىسى قاينام-تاشقىنلىق ئەمگەك مەنزىرىسىگە چۆمگەن.

ئەنە قاراڭ، يەر باغرىنى كارابىتەك تىلىپ ئېگىز ئاغدۇرۇۋاتقان تراكتورنىڭ ھەممە يەرنى زىلزىلىگە سالغان گۈرۈلدىگەن ئاۋازى. خامان-خامانلاردا تاغدەك چەش بۇغداي. قېنى، قۇلاق سېلىڭ، ئۈستىدىكى ئاشلىقنىڭ ئېغىر سالمىقىدىن غىچىرلاپ كېتىۋاتقان ھارۋىلاردا، ماشىنا ۋە تراكتور كوزۇپلىرىدا، ئوغاق ئاۋازى «شارت-شۇرت» قىلىپ ئاڭلىنىپ تۇرغان قوناق ئېتىزلىرىدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا شاۋقۇنىغا تەڭكەش قىلىنغان ياڭراق ناخشا ئاۋازى!

ئالىم ماشىنا ئۈستىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، گۆدەك بالىدەك تويماي قاراپ، ئالدىدا قۇچاق ئېچىپ تۇرغان مەنزىرىدىن كۆز ئۈزەلمەي باراتتى. ئۇ، ئىلىدا ئۇن نەچچە يىل تۇرغان، ئىلىنىڭ ھەر پەسلىگە خاس گۈل ھۆسنىنى، جىلۋىلىك مەنزىرىلىرىنى يۈرىكى چىلاشقۇدەك قېنىپ كۆرگەن، تاغ-دەريالىرى، بىلەن سىرداش ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي، قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىپ، بەزىدە تېخى تەسىرلىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دولقۇنلىنىپ كېتەتتى.

ماشىنا شىمالىي قىرغاقتا — دەريا لېۋىدىكى تاشيولدا غەربكە قاراپ ئۇچقان-

دەك ئۆلگىرىلمەكتە. ئېتىزلار، بۆك-باراقسان يېزىلار، مەھەللىلەر، تاغ-ئېدىرلار قارشى تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئالىم بۈگۈن ئون نەچچە يىل بىللە ئۆتكەن سەپداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ سەھەر يولغا چىققاندا، بەدەننى شۈركەندۈرگۈدەك سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ماشىنا ماي تۆكۈلگەندەك تۈپتۈز يولغا ئۇلىشىپ شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەندە كۈن قىيام بولدى. ھاۋا ئىلىپ، كۆز ئاپتىپى ماشىنا ئۈستىدىن قىزدۇرۇشقا باشلىدى. ئالىم ئەتىگەن سوغۇق تېگىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قېلىن كىيىنگەنلىكىنى، ئەدى كىيىملىرىنىڭ ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى، ئايالى، بالىسى ئولتۇرغان، ئۆي بىساتى-روزىغارى بېسىلغان ماشىنىدا تازا قولىشالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. يالاڭ تۇجۇركىسىنىڭ ئۈستىدىن قاپلاپ كىيگەن ئۆرە ياقا پاختىلىق شىرما چاپىنىنى يېشىپ، ئىككى قاتلاپ ئاستىغا سالدى، شەپكىسىنى پېشانىسىدىن كۆتۈرۈپ قويدى ۋە كۆكسىنى كېرىپ ئۇلۇغ بىر نەپەس ئېلىپ، يەنە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلدى.

ئەيدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلى ۋادىسى گويا ئالقىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك ئوچۇق نامايان بولدى. ئىككى تەرەپتىكى قارلىق چوققىلىق ئېگىز تاغلار سىغدىلىپ يېقىن كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. خىيال-تەسەۋۋۇرى كېڭىيىپ، كۆز ئالدىدىن ياپيېشىل ئوتلاقلار، قوي-كالا پادىلىرى، ئويۇر-ئويۇر يىلقىلار، تاغ قاپتاللىرىنى قاپلاپ تۇتاش كەتكەن زىچ قارىغايلىقلار، ئېگىز شارقىراتمىلار ۋە سۈپسۈزۈك سۇ شارقىراپ ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان ساي-جىلغىلار...

ئۆتتى.

ئالىم ھاياتىدا بىر يەردە توختىماي دەرۋىشتەك جاھان كەزدى، كۆپلىگەن شەھەر-يېزىلارنى، ئېدىر-قىرلارنى، تاغ-داۋانلارنى كۆردى. ئەمما ئىلى ۋادىسىغا ئوخشاش توققۇزى تەل، قاملاشقان، ساپ ھاۋالىق مۇنداق گۈزەل جاينى باشقا بىر يەردە ئۇچراتقانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى.

ئالىمنىڭ خىيالىدىن بىر چاغلاردا دادىسى روزىئاخۇندىن كەلگەن خەتتىكى مۇنۇ قۇرلار ئۆتتى:

«ئوغلۇم، ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن تاتقۇلۇقلار سېنىمۇ چەتتە قالدۇرمىدى. ئەمدى، توپىسىدا گىياھ ئۈنمەيدىغان چۆل-جەزىرىلەردە قاڭقىپ يۈرۈۋەرمەي، بالا-چاقاڭنى ئېلىپ ئىلىغا ئۇدۇل مەن ئورۇنلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كەل. ئىلى تۇرمۇشقا ئەپلىك، يوقسۇللار ئۈچۈن يارالغان پاناھلىق جاي ئىكەن. كىچىككىنە قىمىرلاپ قويساڭ، ئۈچ ۋاق تامىقىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەن... مۇھىمى، ئادەملىرى شۇ قەدەر مېھرىبان، تۇرمۇش بەئىشتى شۇ قەدەر مول ئىكەن، تاغلىرىدىن سۈت-قايماق، باغلىرىدىن شەرۋەت ئاقىدىكەن...»

ئالىم بۇ چاغدا جۇڭغارىيە-چۆلنىڭ قاتتىق تۈگۈنى ھېسابلىنىدىغان شىخو بازىرىدا بەكمۇ نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئاتا-ئانىسىنىڭ قېيىنچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يۇرتىنى تاشلاپ قەشقەردىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققانلىقىنى ئەنە شۇ خەتتىن بىلدى. ئۇ، خەتتىكى گەپ-سۆزلەرگە چۆمۈپ ئۆتمىدى. ئۆيدىن-ئۆيگە كۆچسەڭ ئوغلاقلىق ئۆچكەڭگە زىيان. بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا تاغ ئاتلاپ ئائىلە

www.uyghurkitap.com

بويىچە كۆچۈش چوڭ سورۇقچىلىق، بىچارىلارنىڭ هازىر هالى نىچۈككىن، دەپ ئويلىدى.

ئۇ، ئائىلىسىگە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ياردەم قىلغان، پۇل ئەۋەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى. بىراق يېنىدا ئېشىنىغۇدەك پۇلى يوق ئىدى. ياش ئىنژېنېر، نېفىت قىدىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى دېگەن پەخىرلىك نامى، يانچۇقتا پۇلنى چاڭگاللاپ سالىدىغان دۆلەتمەن كۆڭلىرى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ بورانلىرىدا ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ، ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدا «ئوڭچى» قالپاق كىيىش، خىزمەتتىن قوغلىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۈستىلەپ قانۇنىي جازاغا تارتىلدى. ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىش مۇددىتىنى توشقۇزۇپ، بازار ئاشخانىسىدا يالىنىپ، سۇ توشۇپ، توچاقتا ئوت قالاپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر تۇل ئايالغا «ئىچ كۈيئوغۇل» بولۇپ كىردى.

تۇل ئايالنىڭ ئىسمى رابىخان ئىدى. يالغۇز سېيىرىنىڭ سۈت-قايمىقىنى تىرىكچىلىكنىڭ دەسمايىسى قىلغانلىقتىن، شۇ ئەتراپتىكىلەر ئۇنى «رابىخان قايماق» دەپ ئاتىشاتتى. رابىخان قايماق ئەللىكلەردىن ھالقىغان، چاچلىرى ئاقارغان، ئەمما كۆچى سوغۇلمىغان تېمەن ئايال ئىدى.

ئالىم بىر كۈنى كەچتە رابىخان قايماقنى ئېتىزدىن بىر باغلام ئوت يۈدۈپ چىقىپ، چوڭ يول بويلاپ ئۆدۈل ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتقاندا ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ، بۇ ئايالنى بىلەتتى. ئۇنى ئەتىگەندە قاتناش بېكىتىدە يولۇچىلارغا سۈتلۈك چاي سېتىۋاتقاندا، ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قايماق تولدۇرۇلغان چىنىلەرنى قاتار تىزىپ قويۇپ، خېرىدار چاقىرىپ ئولتۇرغانىدا كۆرگەن، ئەمما سىرداشمىغان ئىدى. رابىخان قايماقنىڭ يادەك ئېگىلىپ، تەرلەپ-پىششىپ ئوت يۈدۈپ مېڭىشى ئالىمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتتى. ئۇ، رابىخان قايماقنىڭ ئېتەكلىرىگە ياماق چۈشكەن چىت كۆڭلەك ئىچىدىكى ئورۇق گەۋدىسىنى، تەرگە تولغان بۇغدايئۆڭ يۈزىدىكى ئۇششاق قورۇقلارنى، مېھرىبان قوي كۆزىنى قەشقەردىكى ئانىسىغا تەقلىد قىلدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي ئوتنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى.

رابىخان قايماق يىگىتنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇشال بولدى: «نەگە ئالدىرايسىز ئوغلۇم، كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا، ئۇسساپ قالغانسىز، قايماقلىق چاي ئېتەي، ئولتۇرۇپ بىر چىنە ئىچىپ كېتىڭ!» دەپ تۇتۇۋالدى. كۆڭگا چىراغ يورۇقىدا بىر چىنە قايماقلىق چاي ئىچىلگىچە بولغان مۇڭدىشىشتىن باشلانغان باردى-كەلدى قىلىش ياشلىق كۆچى قايناپ تۇرغان، توغرىلىقنى كەلگەن، قارىقاش، تەمبەل، بۇغدايئۆڭ يىگىت بىلەن بويلىرى زىلۋا، قاشلىرى قەلەمدەك، كىرپىكلىرى ئوتلۇق كۆزلىرىنى مايسىدەك يېيىپ تۇرغان چىرايلىق قىز رازىيە ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت پەيدا قىلدى.

ئىش چىڭغا چىققاندا رابىخان قايماق «قىزى بارنىڭ نازى بار» دەپ ئولتۇرمىدى. ئۇ، يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنەتتى. بىر كۈنى كەچ تۆت ئادەمنى ھاڭدا قىلىپ «بىر چىنە چايغا نىكاھ ئوقۇتتى».

ئالىم ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغاندىن

كېيىن تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولۇپ قالغاند-
دى. دادىسىدىن كەلگەن خەت كۆڭلىنى
يەنە پەرىشان قىلىپ قويدى. مۇھىممى،
نامرات ئائىلىدە يوقسۇزلۇق دەردىنى تار-
تىپ ئۆتۈۋاتقان يىگىتنىڭ كۆڭلىگە ئىلى-
نىڭ ياخشىلىقلىرى توغرىسىدىكى گەپ-
سۆزلەر ئوت تۇتاشتۇردى.

ئالىم قەشقەردە، بالىلىق چاغلىرىدىلا
ئىلىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇ
كەملەردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدى-
كى ھەممە شەھەر-يېزىلاردىن دېگۈدەك
بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم تاغ ئارقى-
غا ئۆتۈپ تۆت-بەش تەڭگە تېپىپ كې-
لەي دەپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي ئىلىغا چې-
قىپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بىر-
ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ يۇرتىغا
بارغانلار بولسا، ئىلىنى «يەتتە ئىقلىمدا
كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل جاي» دەپ ئاغ-
زى بېسىلماي ماختايتتى. ئىلى توغرىسىدا
ئاڭلىغانلىرى ۋە دادىسى روزىئاخۇننىڭ
خېتى ئالىمدا ئىلى ئىشتىياقىنى يەنە بىر
بالداق كۆتۈردى: «مەن خاتالاشقان ئادەم،
بۇ يەردە پۇللىقراق ئىش تېپىشتىن ئۈمىد
يوق، يالغۇز سىيىرنىڭ تۆت ئەمچىكى
بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئاش-نان بولالماي-
دۇ، ئىلىغا كېتىش كېرەك، دادام توغرا
خۇلاسە چىقارغان، ئىلى توقچىلىق-باياشات-
چىلىقنىڭ، خاتىرجەم ۋە گۈزەل تۇرمۇش-
نىڭ سىمۋولى. ئىلىغا بېرىپ ئورنۇمنى
ئىسسىتىۋالغاندىن كېيىن قېيىن ئانامنىمۇ
ئالدۇرۇۋالمايمەنمۇ» دەپ ئويلىدى.

ئالىم ئىلىغا كۆچۈپ كەلدى. ئەمما،
ئىلىدىكى تەقدىرى ھالىۋىغا ئېغىز ئېچىپ
ئۇقۇشماي ئاچچىق مېغىز چاينىۋالغان
ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ چىقتى. دېھ-
قانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ
«ئۇھ» دەپ ھاردۇقىنى ئالغۇچە بولغان
ئارىلىقتا مەدەنىيەت ئىنقىلابى، ئارقىدىن
ئۇلۇشۇپلا «بىرگە زەربە بېرىش، ئۇچكە
قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قوزغالدى. ھە-
رىكەت جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى دەھ-
شەتلىك چۈشكە ئوخشاش قورقۇنچلۇق
ئىدى.

ئىلى ئاسمىنى جۇت بۇلۇتلاردىن
تازىلىنىپ، ئابرال ئۈستىدىن ئۇپۇقنى يې-
رىپ چىققان قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ يالتى-
رىدى. ئالىم بىگۇناھ ئازار يېگەن كۈرمىڭ-
لىغان ئىللىقلارغا ئوخشاش بەدنام، كىشەن-
لىرىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەل-
دى. لېكىن خىيالىدىن ئىچىنى قاراڭغۇ-
لاشتۇرىدىغان دەرد-ئەلەم كۆتۈرۈلۈپ
كەتمىگەنىدى. بىر كۈنى ئالىمنى ئىز-
دەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا سىرتتىن ئىككى
ئادەم كەلدى.

— يولداش، — دېدى ئۆزىنى توخ-
تاتقان ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئادەم، — ئالىم
روزى دېگەن كىشى سىز بولامسىز؟

— شۇنداق، مەن بولىمەن، — ئالىم
ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي كۆزلىرىنى پارقى-
رىتىپ قاراپ قويدى.

— قەيەرلىكسىز؟

ئالىم يۇرتىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئىلگىرى قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟

— ئوقۇغان مەكتەپلىرىم كۆپ، ئاخىر-
قى قېتىم بېيجىڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنى
تۈگەتكەنمەن.

— خىزمەت قىلغان ئورنىڭىزچۇ؟

ئالىم جۇڭغار دالاسىدا نېفىت قىدى-
رىش بىلەن ئۆتكەن يىللارنى سېغىنىشلىق
بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە خىزمەت

ئورنىنى تولۇق ئادرېسى بىلەن ئېيتىپ بەردى.

ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىڭ چوڭى خەنزۇ، ياشراقى ئۇيغۇر ئىدى. سۆزلىشىش دەسلەپ تەرجىمە ئارقىلىق بولدى، ئۇيغۇر يىگىت ئالىمنىڭ ئاخىرقى جاۋابىنى ھەمراھىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى.

ئىزدەپ كەلگۈچىلەر نېفىت قىدىرىش ئەترىتى سىياسەتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى ئىدى. ئالىمغا ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى.

— مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، خىزمىتىڭىز ئەسلىگە كەلدى، — دېدى خەنزۇ كىشى، — قىدىرىش ئەترىتى سىزنى چاقىرىتىپ كېلىپ ئۆز ئىشىڭىزغا قويۇشنى قارار قىلغان. قەشقەرغىچە ئىزلەپ باردۇق، يول ئۈستىدە چۈشكەن يەردىن سۈرۈشتە قىلىپ ئۆتتۇق. قىسقىسى، سىزنى تېپىش ئاسانغا چۈشمىدى.

خەنزۇ تەرجىمە قىلىشنى كۈتمەي سۆزلىدى. ئالىم ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇ، گويا مىنۇت ۋاقىت ئىچىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تىلسىملىق سىرىنى يېشەلمەي ئېخىچە تېڭىرقاپ تۇراتتى. ئۇيغۇر سۆز قاتتى:

— شۇنداق، يولداش ئالىم، مەملىكىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتىش قىيىن. نېفىت قىدىرىش ئەترىتى مەسىلىڭىزنى باشقىدىن قاراپ چىقتى، سىزدە ئەيىب يوق، خاتا كۆرەش قىلىنغان، جازالىنىشىڭىز ئېخىمۇ ئاساسسىز، تۇنجى ئۇيغۇر نېفىت ئىنژېنېرىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلىگەن پارتىيىگە، سوتسى-

يالىستىك تۈزۈمگە مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى كاللىسى قىزىپ كەتكەن تەلۋىلەر كۆرۈشمىگەن...

ماشىنا بىر خىل سۈرئەتتە ئالغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇزۇن ئۆيلىنىش ئۆزىنى كۆرسەتتى ئەتىمالىم، ئالىم بىر ئاز ئېزىلگەندەك بولدى.

ئۇ، ئاخشام تۈزۈكرەك ئۇخلىمىغانىدى. دېھقانچىلىق مەيداندىكى يولداشلىرى ئالىمنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بىر ئۆيگە جەم بولۇپ، «تاڭ ئاتار ئويۇن» قىلىشتى. كۆڭۈل كۆيلىرىنى ئىزھار قىلىشتى، چىراي ئېچىپ كەلگەن بەختلىك كۈنلەر ئۈچۈن تەنتەنە قىلىپ ناخشا ئېيتىشتى، ئۇسسۇل ئويناشتى، بىر-بىرىگە ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈپ تارقىغاندا، دەرۋەقە تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى.

لېكىن ئۇلار ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خۇددى ئويقۇغا قېنىپ قوپقان ئادەمدەك كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كۈندىن ئىلگىرى مەيدان ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ئالىمنىڭ ئۆي بىساتىنى ماشىنىغا بېسىشقا ياردەملەشتى، چوڭ قىزى دىلدارنى تۇتۇپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن، ئايالى رازىيەخانغا ماشىنا ئۈستىدىن ئورۇن راسلاشتى.

دىلدارنىڭ ئاينىپ ئەقلىدىن ئېزىشىغا ئالىمنىڭ ھەرىكەت جەريانىدا ئۇشتۇمتۇت تۇتقۇن قىلىنغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. بىر كۈنى كېچىدە لۈكچەكلەر ئالىمنىڭ قولىنى باغلاپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ، دومىلىتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. دىلدار قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئاچچىق چىرقىراپ دادىسىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. كەينىدىن ئىزدەپ بېرىش

ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمەدى. رازىيە بولسا،
تاسادىپىي ھادىسىدىن ئۆزىنى پۇتۇنلەي
يوقىتىپ قويغانىدى. ئەتىسى ئاش ۋاق ـ
تى بىلەن دىلدارنى قورقۇپ، ھوشىنى
يوقىتىپ يېتىپ قالغان يېرىدىن ئورۇغ ـ
تۇغقانلىرى تېپىپ كېلىشتى. ئۇ، شۇ يات ـ
قانچە ھەپتە ـ ئون كۈن يېتىپ، ئالىجوقا
سۆزلەپ ئورنىدىن تۇردى. جاھان ئۇگىشە ـ
لىپ، ئالىم ئىككىنچى قېتىم ئىنسانىي ھو ـ
قۇققا ئىگە بولغاندىن كېيىن، دىلدارنى
كۆپ داۋالاتقان بولسىمۇ شىپالىق تاپال ـ
مىدى. ئۇ، قاتتىق داغدا قالدى، ھەرىكەت
داۋامىدا ئالىمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىش ـ
لار كۆپ ئىدى. جىسمانىي جەھەتتىن
زەئىپلىشىپ، چاچ ـ ساقىلى مەزگىلسىز
ئاقاردى، يۈرىكى زەردابقا، بەدىنى جارا ـ
ھەت ئىزلىرىغا تولدى. ھەتتا سول قول
جەينىكىنىڭ تۆۋىدىن سىرقىراپ ئاغرىيدى ـ
غانلىقى ئۈچۈن قولىنى ئېگىز كۆتۈرەل ـ
مەيتتى. ئالىم بۇ ئىشلارغا سالاۋات قىلىشنى
چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن يىگىرمە يىل
ئىلگىرىدىكى خىزمەتنىڭ ئەسلىگە كېلىش
خۇشاللىقى يۈرەككە ئۇيۇپ قالغان پەر ـ
زەنت دېغىنى يۇيۇپ چىقىرالىشى مۇمكىنمۇ؟
ئالىمنىڭ خىيالى يەنە ئۈزۈلدى.
دىلدار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قولىنى ئاغزىغا
سېلىپ شوراپ، مەقسەتسىز ئەلەڭلەپ قاراپ
ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇراتتى. رازىيە
ئىككى قولىنى ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن
ئۆتكۈزۈپ مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ كې ـ
تىۋاتاتتى. يۈرەك يارىلىرى ئېچىشتى بول ـ
غاي، ئالىمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىلى ۋادى ـ
سىنىڭ جىلۋىلىك كۆرۈنۈشلىرى دەريا
ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك يۇتۇپ كەتتى. بىر
پەستە ئېتىز ـ ئېدىرلار ئۈستىگە قارا كۆ ـ
لەڭگە تاشلاپ تىيانشان ئۈستىدىن ئىس ـ
سىقلار ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك سې ـ
زىلدى...

ئۇيغۇرلاردىن يېتىلگەن تۇنجى نې ـ
فىت ئىنژېنېرىنىڭ پاجىئەلىك كەچمىشى
مىسلى كۆرۈلمىگەن قاباھەتلىك يىللارنىڭ
تىرىك شاھىدى سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا
مىراس قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولغان رى ـ
ۋايىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل
قىلىدۇ.

(بېشى 14 ـ بەتتە)

ـــ ...چوقۇم ئۇكىلۇق ئايال، ـــ دەپ
ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى ئانا...ـــ
ئوبدانمۇ تورخۇدى، ھېلىقى... «خەق»
دەيدۇ!... قۇتقۇزۇش بەرسە ئالمايمەن،
ئالماي... زىغىر تېرىمەن... نەمچۈك گاچا
بولغان بىلەن ئىشنى پۇختا قىلىدىغان
ئوغۇل، رەھمەتلىكنىڭ كونا پەشمىتىنى
بۇزدۇرۇپ تامبال قىلدۇرۇپ بېرەرمەن،
يەرنى شۇنىڭغا ھەيدىتىپ... زىغىردىن
نەش مو تېرىسام...چامغۇردىن قېنى...
ئانا بارماقلىرىنى پۈكۈپ كەلگۈسى
مەھسۇلاتلارنى پۇلغا سۇندۇرغان ھالدا
مەھەللىگە يېقىنلاشتى.
ـــ زادى شۇلارغا خەت سۇنۇپ بەر ـ
گىنىم تۈزۈك! ئەمدى «تول خوتۇن»
دەيدىغانلار چىقىپ باقسۇنا! شۇلارنىڭ
ئالدىدا...

روزىخان ئانا ئۆز مەھەللىسىگە
بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىكى كۆۋرۈككە
يېقىنلاشقاندا ئېشەكتىن چۈشۈۋالدى ۋە
ئېشەكنى يېنىك بىرنى ئۇردى.
ـــ ...شۇ تورخۇنى ساتمىسام
بولغانىكەن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بالىلار ئەدەبىياتىدىن

ئالىمجان ئازاد (ئوقۇغۇچى)

# ئاپامنىڭ مېھمانلىرى

(ھېكايە)

ئاپام ھەپتە ئارىلاپ مېھمان چاقىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مېھمانلىرىنىڭ تولىسى چەت ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللار. سامان تىققان تاغاردەك سېمىز بۇ مېھمانلار نېمە ئۈچۈندۇر ماڭا بۆلەكچىلا غەلىتە، يېقىمسىز تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلار بىزنىڭ قانداقتۇ «شىرەم تۇغقان...» «ئىرەم تۇغقان...» لىرىمىز ئىكەن، بەزىدە «بىزنىڭ شۇنچىۋالا جىق تۇغقانلىرىمىز بارمىكىنا؟...» دەپ ئويلاپ قالىمەن-يۇ، بۇنى ئاپامغا دېيىشكە پېتىنالمايمەن. ئەگەر ئۇنداق دەيدىغان بولسام، ئاپامنىڭ خاپا بولۇپ قېلىشى ئېنىق گەپ.

مانا، بۈگۈنمۇ ئاپام «ئاغرىپ قالدىم» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئىدارىسىدىن بىر كۈنلۈك رۇخسەت ئالدى-دە، كەچتە كېلىدىغان يەنە بىر مېھماننى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

— بۇ تۇغقىنىمىز تۈركىيىدىن كەلگەن، ئۇقتۇڭمۇ قاھارجان. شۇڭا ئوبدان مېھمان قىلمىساق يۈزىمىزگە سەت بولىدۇ، مەيەرگە كەل، ماۋۇ كۆكتاتلارنى ئاقلىۋەت، — دېدى ئۇ ماڭا.

«پاھ، تېخى تۈركىيىدىمۇ تۇغقىنىمىز بار ئىكەن-دە!» يازلىق كانىكۇل بولغاچقا ئۆيدە ئاپامنىڭ بەزى ئۇششاق-چۈشەك ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم.

كەچتە ھېلىقى «تۈركىيىلىك تۇغقىنىمىز» يەنە بىر ئايال بىلەن بىللە كېلىشكەن ۋاقىتتىن بىر سائەت كېيىن كەلدى. بۇ «تۇغقىنىمىز» مۇ ئىلگىرى كەلگەن تۇغقانلىرىمىزغا ئوخشاشلا سېمىز ئىكەن. قارىغاندا، بىزنىڭ «تۇغقان» لىرىمىزنىڭ ھەممىسى سېمىز ئوخشايدۇ...

مېھمانلار ناھايىتى ئۇزۇن ئولتۇردى. شۇ ئارىلىقتا ئاپامنىڭ قورۇغان سەيلىرىنىمۇ

تاھىرجان مۇھەممەت (ئوقۇغۇچى)

# ئانا مېھرى

(ھېكايە)

ماي ئايلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن مەھەللىمىز تۇشلار بازىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. سېغىزخان، ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ، كاككۇك... قاتارلىق قۇشلارنىڭ سايراشلىرى كىشىنىڭ مەيلىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدۇ.

بۇ قۇشلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ئوماق بولسىمۇ، ئۇلار ئىچىدىكى ئاق قۇشساناپ بولالمايمەن. مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ، نېرىدقى ئۆيگە كىرىپ كىتاب كۆرۈشكە باشلىدىم. مېھمانلارنىڭ يوغان - يوغان كېكىرىشلىرى، ئاياغ دەمدۇ، چاچىماي دەمدۇ... ئەيىتاۋۇر بىر نېمىلەر ئۈستىدە قىلىشقان پاراڭلىرى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ساغرىسىغا چىۋىق تەگكەن خورازلاردەك قىقىلداپ ئالا - تاغىل كۈلۈشلىرى... ئوقۇۋاتقان كىتابىمدىكى سۆزلەرنى كاللامغا چۈشۈرمەي، زەردەمگە تەگدى. ئىچىمدە بۇلارنىڭ پاتراق كېتىشىنى تىلەشكە باشلىدىم.

ئاخىرى مېھمانلارمۇ كەتتى. بىراق،

قاچ مېنى ئۆزىگە قەۋەتلا جەلىپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ساغۇچ تۇمشۇقلىرى، ئاق پەي بىلەن ئورالغان قورسىقى، كىچىككىنە قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇشلىرى مېنى بۆلەكچە مەپتۇن قىلىدۇ.

يالغۇز ئوغۇل بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ئاپام بەزىدە كايىپ قويغاننىڭ سىرتىدا، دادامنىڭ مېنىڭ ئىشلىرىم بىلەن كارى يوق.

ئاپامنىڭ ئارتۇقچە كۈلكىدىن گارمون يۈپكىندەك پۈرۈشكەن چىرايى شۇ زامات تۈتۈلۈپ، غەزەپلىك تۈس ئالدى:

— ... شۇنچىۋالا جاپا چېكىپ كۆتكىنىمگە ئاران بىر پايپاق ئېلىپ كەلگىنىنى پەخسىق خوتۇننىڭ! ... ئىست، شۇنچە جۇۋدىغانلىرىم، ئىككىنچىمۇ چىللىماسىمەن ئۇ تۈزى يوق پېتىرنى! ...

ئاپام غۇدۇڭشىغىنىچە چىنلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى ...

مەن ھەيران بولدۇم. چۈنكى، ئىلگىرىدىكى مېھمانلار ئۇزىدىغاندا ئاپام ھېچقاچان بۇنداق ئاچچىقلاپ باقمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئادەتتە مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ۋاقتىم ئاق قۇشقاچ تۇتۇش بىلەن ئۆتىدۇ. ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا جىلتامنى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلايمەن ـ دە، ئۆزۈم ياسىۋالغان رەگەتكەمنى ئېلىپ سىرتقا چاپىمەن. ئەنە شۇ چاغدا يانچۇقۇمغا توشقۇزىۋالغان ئۇششاق تاشلار بىلەن رەگەتكەم كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. دەرەخ شاخلىرى، ئېتىز قىرلىرىغا توپلىنىشىۋالغان ئاق قۇشقاچلارنى قارىغا ئېلىپ رەگەتكەمدىن تاش ئۈزىمەن. بەزىدە تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قۇشقاچلارنىڭ بىرەرسى يىقىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ قالتىس مەرگەن ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن. تەڭتۇشلىرىمغا قانداق ئىكەنمەن؟ دېگەندەك قىلىپ، بوينۇمنى سوزۇپ، ئوڭ كۆزۈمنى قىسىپ، كالپۇكلىرىمنى پۈرۈپ قاراپ قويىمەن.

مانا بۈگۈنمۇ دوستلىرىم بىلەن ئاق قۇشقاچ ئوۋلاش ئۈچۈن ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى دەرەخزارلىققا باردىم. بۇ يەردە ئاق قۇشقاچلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

مەن بىر توپ سۆگەتنىڭ شېخىدا زوق ـ شوق بىلەن سايراۋاتقان بىر قۇشقاچقا قارىتىپ رەگەتكەمنى بەتلىدىم ـ دە، رېزىنكىسىنى بار كۈچۈم بىلەن تارتىپ قويۇۋەتتىم. بىراق رەگەتكەمدىن ئۇچۇپ چىققان ئۈرۈك ئۈچكىسى چوڭلۇقىدىكى تاش قۇشقاچنىڭ بېشىغا يېقىنلا يەردىن ۋىڭىلدىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكەن قۇشقاچ «پۇر» قىلىپ ئۇچقىنىچە ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تېمى ئۈستىگە قوندى.

مەن دەرەخ ئارىلىرىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ ھېلىقى قۇشقاچنى كۆزەتتىم. ھايال ئۆتمەي، قۇشقاچ تامنىڭ بىر تۆشۈكىگە كىرىپ كەتتى. ئۇچقاندەك چېپىپ تامنىڭ يېنىغا باردىم. تامنىڭ تۆشۈكىدىن قۇشقاچ بالىسىنىڭ «چىرت»، «چىرت» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ھەببەللى، قۇشقاچ ئۇۋىسىنى تېپىپتىمەن ـ دە»، مەن قۇشقاچ ئۇۋىسىغا قولۇمنى تىقىپ، ئۇچۇرما بولغان قۇشقاچ بالىسىدىن بىرنى ئالدىم ـ دە، ئۇنى قولۇمدا تۇتقىنىمچە ھويلىغا كىردىم. شۇ ئارىلىقتا ئىككى قۇشقاچ بېشىم ئۈستىدە غەلىتە ئاۋاز بىلەن سايراپ ئەگىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى قۇشقاچلارنىڭ ئادەتتىكى سايرىشىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار بەزىدە ماڭا خىرىس قىلغاندەك بېشىم ئۈستىدە ئەگىپ، كۆزۈم ئالدىدىن ئۇيان ـ بۇيان ئۇچۇپ ئۆتەتتى. قولۇمدىكى قۇشقاچ بالىسى «چىرت»، «چىرت» قىلغىنىچە يۇلقۇنۇپ قولۇمدىن چىقىش ئۈچۈن تېپىچەكلەيتتى.

ئاشخانا ئۆيدە خېمىر يۇغۇرىۋاتقان ئاپام ئالدىرىغىنىچە ھويلىغا چىقىپ كەلدى:

— بالام، بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ، قارىغىنا، ئاۋۇ قۇشقاچلار بالامنى بەر، دەپ سېنى تىللاۋاتىدۇ. مەن ساڭا قۇشقاچ تۇتما، دەپ قانچە قېتىم دېدىم؟ ... ئۇ ماڭا كايىغىلى تۇردى.

مەن ئاپامغا قاراپ ھومىيىپ قويدۇم. ئاپام ماڭا ئۆز كېپىنىڭ تەسىر قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلدىمۇ، مۇئامىلىسىنى سىلىقلاتتى:

— بالام، ئېيتقىنا، ئۆتكەن نۆۋەت ئىتلار سېنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغاندا قانچىلىك قورققانىدىڭ، شۇ چاغدا مەن بېرىپ ئىتلارنى قوغلىۋەتمىگەن بولسام...

توغرا، ئۇ چاغدا ئاپام بىلەن بىللە ھاممامنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ئاپادنى ئۆيـ

ده قالدۇرۇپ سىرتقا ئۇينىغىلى چىقتىم. ئۇيلىمىغان يەردىن ئۈچ ئىت مېنى ئوتتۇ-رىغا ئېلىۋالدى. يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرغى-نىمچە يىغلاشتىن باشقىنى قىلالمىدىم. ئىت-لار يوغان چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ماڭا قا-راپ «هاۋ، هاۋ» دېگىنىچە ئالدىمغا كەل-مەكتە ئىدى. بەختىمگە ئانام كېلىپ ئىت-لارنى قوغلىۋەتمىگەن بولسا... مەن شۇ چاغدا ئاپامنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ قان-غىچە يىغلىغانىدىم. ئاپاممۇ مېنى باغرى-غا ھەر قاچان-دىكىدىن قاتتىقراق باسقا-نىدى...

— قارىغىنا بالام، — دېدى ئاپام بې-شىم ئۈستىدە ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقان قۇش-قاچلارنى كۆرسىتىپ، — ئۇلار بالىسىنى قۇت-قۇزۇش ئۈچۈن زارلىنىۋاتىدۇ.

مەن ئېسەمنى يىغىپ قولۇمدا تىپىر-لاۋاتقان قۇشقاچ بالىسىغا قارىدىم.

ئۇ كىچىككىنە ئېغىزلىرىنى ئېچىپ، ئانىسىغا قاراپ ئاغزى بېسىلماي ۋىچىرلايت-تى، تەلپۈنەتتى... ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ساڭىمۇ ئاناڭنىڭ باغرى ئىللىق-ھە! — دېدىم مەن قۇشقاچ بالىسىغا قاراپ ۋە ئۇنى ئاستا يەردە قويدۇم، — تېز بول، ئاناڭنىڭ قېشىغا بارغىن!

ئاپام مېنى باغرىغا بېسىپ خېمىر يۇقى قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلىدى. مەن قۇشقاچلارغا قارىدىم. ئانا - بالا قۇش-قاچلار تۇمشۇقلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەش-مەكتە ئىدى. بالا قۇشقاچ ھەدەپ ئانىسى-نىڭ قانىتى ئارىسىغا تۇمشۇقىنى تىقىشقا ھە-رىكەت قىلاتتى.

ئاپامغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇر-لىنىپ كەتكەن بولۇپ، قۇشلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ مېنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى.

ئېھ، ئانا باغرى، ئانا مېھرى نېمە دېگەن ئىللىق - ھە!

هاجى ئەخمەت

# شېئىرلار

## چۆچەك ئېيتىڭ، مومىجان

چۆچەك ئېيتىڭ، مومىجان،
تاۋار قۇشقاچ توغرىلىق.
ئۇ قاچاندا ياشىغان،
ئەمدى نەسلى بارمۇ - يوق؟

ياسالغانمۇ ئۇنىڭكى
قاناتلىرى تاۋاردىن؟
ئۇۋا ساپتۇ جىگدىگە
چىقىپ نېچۈن كامۇردىن؟

ھەييار تۈلكە قورقۇتۇپ،
ئۇنى قانداق ئالداپتۇ؟
تاۋار قۇشقاچ باللىرى
نېمىلەر دەپ زارلاپتۇ؟

باغقا ئۇۋا ياسىسام،
تاۋار قۇشقاچ كىرەرمۇ؟
ئارقىسىدىن مارىلاپ،
تۈلكە يەنە كېلەرمۇ؟

ساق قالسىدى بىچارە،
شۇم تۈلكىنىڭ قەستىدىن.
قۇشلار توزۇپ كەتمىسە،
كۆشەندىنىڭ دەستىدىن!

## مومام – گۈزەل پەرىزات

ئېيتىڭ، موما، كۆپ ئىكەن
پەرىلەرنىڭ خىسلىتى،
راست شۇلارغا باغلىقمۇ
ئادەملەرنىڭ قىسمىتى؟

پەرىلەرنىڭ چاچلىرى
سىزنىڭكىدەك ئاقمىدۇ؟
تۆت ئەزايى بېجىرىم،
سىزدەك تېمەن، ساقمىدۇ؟

ئۇلارمۇ ئۆز نەسلىگە
سىزگە ئوخشاش كۆيەرمۇ؟
ئىشقى بىلەن ھاياتنى
سىزدەك قىزغىن سۆيەرمۇ؟

ئۇينايلى دەپ چاقىرساق
يېنىمىزغا كېلەرمۇ؟
سىزگە ئوخشاش سېھىرلىك
چۆچەكلەرنى بىلەرمۇ؟

ئېيتىڭ، موما، پەرىلەر
ياشمۇ، ياكى قېرىمۇ؟
سېلىشتۇرسا ئەگەردە
سىز گۈزەلمۇ، پەرىمۇ؟

ئىشەنمەيمەن،
ھەرگىزمۇ
سىزگە يەتمەس ئۆزگە زات.
پەرى دېگەن راست بولسا،
سىز ئەڭ گۈزەل پەرىزات!

## كۈن ئاداش ھەم ئاي ئاداش

ئەتىگەندە كۈن ئاداش،
كەچقۇرۇندا ئاي ئاداش.
ھەر ئىككىسى ئۆزگىچە
خىسلەتلەرگە باي ئاداش.

بىرى ئوغۇل، بىرى قىز،
چوڭ پەرقى يوق يېشىدا.
ھەر ئىككىسى ئالتۇن تاج
كائىناتنىڭ بېشىدا.

بىرى ئالتۇن يىپ، بىرى
كۈمۈش تەڭگە چاچىدۇ.
نۇردا يۇيۇپ يۈزۈمنى،
دىل بەھرىمنى ئاچىدۇ.

بىرى سەھەر، بىرى كەچ
چىللار مېنى يېنىغا.
خۇشاللىقىم جۇش ئۇرار،
يۈرەك سىغماي قىنىغا.

چىقاي دېسەم ئاسمانغا،
ئانا يەرگە تويمايمەن.
كۆكتىكى كۈن، ئاي بىلەن
ئاداش بولۇپ ئوينايمەن.

## گۈلدۈرماما

گۈلدۈرلىتىپ ھاۋانى،
چاقمىقىمنى چاقىمەن.
پەلتىسىگە غەزەپنىڭ
شىددەتتە ئوت ياقىمەن.

مىسران قىلىچ ئوينىتىپ،
كۆك باغرىنى تىلىمەن.
توسقۇنلارنى يولۇمدا
پارە - پارە قىلىمەن.

سوقۇشتۇرۇپ قوشقاردەك
بۇلۇتلارنىڭ بېشىنى،
پەرۋا قىلماي دادىغا
ئاققۇزىمەن يېشىنى.

ئىسمىم لايىق جىسمىمغا،
گۈلدۈرلىتىش خىسلىتىم.
بىكار كەتمەس زادىلا
قىلغان ئەجرىم - مېھنىتىم.

شادلىنىمەن،
يەر - زېمىن
كەۋسەر ئىچىپ ياشنىسا،
لېنتا باغلاپ پەرىلەر
كۆكتە ئويۇن باشلىسا.

uyghurkitap.com

مۇھەممەتجان ئىسمايىل

# ئىككى شېئىر

## ئاخىرى

چاشقان دەيمىش:
ــ يېغى بولسا تۇپراقنىڭ،
يۇتار ئىدىم، كاپ ئېتىپ.
تويمىغۇر دەيمىش:
ــ ئەگەر ئاغزىم كۆيمىسە،
يالمار ئىدىم ئوتنى هاپ ئېتىپ.
بەدنىيەت دەيمىش:
ــ خوجا بولسام ئالەمگە،
چالار ئىدىم داپ ئېتىپ.
ئۇلار،
شۇنداق دەپ يۈرۈپ،
يەپ كېتەرمىش ئاخىرى،
ئۆز گۆشىنى ئۆزى تىتىپ...

## چولپان سۆيگۈسى

كېچە ياتسام دالاندا،
بىر قىز كىردى قوينۇمغا.
مەن سۆيىمەن سىزنى دەپ،
گىرە. سالدى بوينۇمغا.

هەيران بولۇپ بۇ هالدىن،
سورىسام ئۇنىڭ نامىنى:
سۆزلەپ بەردى يوشۇرماي،
كۆڭلىدىكى بارىنى.

دېدى: «نامىم چولپان قىز،
تۇرار جايىم ئاسماندا.
قەلبىم شۇنچە سۆيۈنەر
يەر يۈزىگە باققاندا.

هەر كۈنى تاڭ سەهەردە
ئالتۇن نۇرلار چاچىمەن.
كۆرۈپ قانسۇن يارىم دەپ،
رۇخسارىمنى ئاچىمەن.

چۈنكى كۆپتىن بېرى سىز
كۆككە ئۆزمەي باقتىڭىز.
تەتقىق قىلىپ جىسمىمنى،
دىل ـ قەلبىمگە ياقتىڭىز.

پەننى سۆيەر روهىڭىز
يۈرىكىمگە ئوت سالدى.
مۇهەببىتىم سىز تامان
ئۇچقۇر ئاتتەك يول ئالدى.

ئىزلەپ كەلدىم شۇڭلاشقا،
سۆيگۈ ئىزهار قىلاي دەپ.
خاھلىسا گەر جانانىم،
مەڭگۈلۈك يار بولاي دەپ...»

ئاڭلاپ چولپان سۆزىنى،
كەتتى قەلبىم سۆيۈنۈپ.
باستىم شۇئان باغرىمغا،
ۋۇجۇدۇمدا ئوت كۆيۈپ.

دېدىم مەنمۇ چولپانغا:
«مەنمۇ سىزگە كۆيىمەن.
سىزدەك گۈزەل رەنانى،
چىن يۈرەكتىن سۆيىمەن.

شۇڭا بەلنى باغلىدىم،
كۆك سىرىنى ئاچاي دەپ.
ئەزىز ئانا تۇپراققا،
ئىلىمدىن نۇر چاچاي دەپ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى قىز،
— چىقايلى بىز ئاسمانغا.
تىلسىماتنىڭ سىرىنى
ئاچايلى بىز جاھانغا.

شۇ سۆز بىلەن ئىككىمىز،
ئۆرلىدۇق كۆك قەھرىگە.
بىر پەستىلا كېيىقالدۇق،
چولپان قىزنىڭ شەھرىگە.

سەيلى قىلدۇق كۆپ يەرنى،
بىلەۋالدىم نۇرغۇن سىر.
كۆرگەن بارچە نەرسىنى
يېزىۋالدىم بىرمۇ - بىر.

شۇ يوسۇندا تالاي كۈن،
بولدۇم قىزنىڭ شەھرىدە.
كۈلدى ئۈمىد - ئارزۇيۇم،
گۈزەل جانان مېھرىدە.

* *

مەن كۆز ئېچىپ ئويغانسام،
چولپان قىزدىن يوق ئەسەر.
كۆرگەنلىرىم چۈش ئىكەن،
ئەپسۇسلاندىم شۇ قەدەر.

شۇندىن بېرى ئۇيقۇسىز
تالاي تۈننى ئۆتكۈزدۈم.
تەتقىق قىلىپ بۇ سىرنى،
بىر ماقالە پۈتكۈزدۈم.

لېكىن تېخى يەتمىدىم
ۋىسالىغا ھۆر قىزنىڭ.
پىراقى بار يۈرەكتە،
چۈشۈمدىكى شۇ ئىزنىڭ.

شۇڭلاشقا مەن ھازىرمۇ،
جانانىمنى ئىزلەيمەن.
ئەۋلادلارنىڭ بەختلىك
ۋىسالىنى كۆزلەيمەن...

ئەركىن داۋۇت

## ئۆسمۈرنىڭ ئارزۇسى

ئانا تۇپراق ئۈستىگە،
ئۇرۇق بولۇپ چېچىلسام.
ئوزۇقلىنىپ زېمىندىن،
قىزىل گۈلدەك ئېچىلسام.

قونۇپ بۇلبۇل شېخىمغا،
ناۋا ئەيلەپ سايرىسا،
كۆكۈل ئېچىپ قانغىچە،
راھەتلىنىپ سايرىسا.

بەكمۇ خۇشال بولاتتىم،
بۇ ئارزۇيۇم بولسا ھەل.
چېكىمسىگە بەس - بەستە،
قىسىۋالسا مېنى ئەل.



# صورۇن غاز

(بالىلار چۆچىكى)

باۋۇدۇن ھەسەن

زامان زامان بولغاندا، قۇشلار پەيدا بولغاندا، بىر توپ غاز ئۆتكەنىكەن، كۆنلەرنىڭ بىردە ئۇلار يىراق مەنزىلنى كۆزلەپ سەپىرىنى باشلاپتۇ.

— نىشانىمىزغا يەتمىگۈچە يېرىم يولدا توختاپ قالمايلى، بىزنى قىيىنچىلىقمۇ، سەيلىگاھلارمۇ يولىمىزدىن قالدۇرالمىسۇن! — دەپ ۋەدىلىشىپتۇ ئۇلار سەپەر ئالدىدا.

غازلار قاتار تىزىلىپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇزاق ئۇچۇپتۇ، چۆل - باياۋان، جىلغىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپتۇ. شۇ ئۇچقىنىچە بۈك - باراقسان چوڭ بىر ئورماننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپتۇ. ئورمان ئۇلارغا قاراپ ئىنغاڭلاپ ئۇسسۇل ئويناپ مۇنداق خىتاب قىلىپتۇ:

ئەي غازجانلار، غازخانلار، ماڭا كېلىڭلار،
ئۇۋا ياساپ قوينۇمدا ماكانلىشىڭلار.
بوستانىمدا كۈلۈپ - سايراپ خۇشال ئۆتۈڭلار،
ئاپتاپ كۆرمەي، سوغ كۆرمەي ئامان ئۆتۈڭلار.
ھېچ-بولمىسا چۈشۈپ بىردەم تۇرۇپ كېتىڭلار،
ھاردۇق ئالغاچ يايراپ ئويناپ - كۈلۈپ كېتىڭلار.

غازلار بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

رەھمەت ساڭا، ئورمان تاغا، قالالمايمىز بىز،
مەنزىلىمىز يىراق بىزنىڭ تۇرالمايمىز بىز.
مەنزىلىمىز گەر بولسىمۇ ھەرقانچە يىراق،
يەتمىگۈچە توختىمايمىز ۋەدىمىز شۇنداق.

غازلار سۆزىنى تۈگىتىپتۇ - دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي، تېخىمۇ تېز قانات

قېقىپ، سەپەرنى داۋام قىلىپتۇ.

غازلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇزاق ئۇچۇپتۇ، ئورمانلاردىن، داللاردىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپتۇ، شۇ ئۇچقىنىچە چىمەنزار بىر يايلاقنىڭ ئۈدۈلىغا كېلىپتۇ. يايلاق غازلارغا كۆلۈپ بېقىپ، قۇچاق ئېچىپ مۇنداق خىتاب قىلىپتۇ:

ئەي غازجانلار، غازخانلار، ماڭا كېلىڭلار،
ئۇۋا ياساپ باغرىمدا ماكانلىشىڭلار.
گۈل - چىمەندىن سىلەر ئۈچۈن پاياندار سالاي،
ناخشا ئېيتىپ، ئويسۇل ئويناپ خۇشال ئۆتۈڭلار.
ھېچبولمىسا، قونۇپ بىردەم تۇرۇپ كېتىڭلار،
ھاردۇق ئالغاچ ئويناپ، يايراپ قېنىپ كېتىڭلار.

غازلار جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

رەھمەت ساڭا، يايلاق ھەدە قالالمايمىز بىز،
مەنزىلىمىز يىراق بىزنىڭ تۇرالمايمىز بىز...

غازلار سۆزىنى تۈگىتىپتۇ - دە، سەپەرنى داۋام قىلىپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇزاق ئۇچۇپتۇ، جىرالاردىن، مەھەللىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپتۇ. شۇ ئۇچقىنىچە ئوتتۇرىسىدا ياپيېشىل چىمەنزارلىقى بار چوڭ بىر دەريانىڭ ئۈدۈلىغا كېلىپتۇ، دەريا غازلارنى كۆرۈپ، دولقۇن ئۇرۇپ، سۇ ئۈنچىلىرىنى چاچرىتىپ، مۇنداق تەكلىپ قىلىپتۇ:

ئەي غازجانلار، غازخانلار، ماڭا كېلىڭلار،
ئۇۋا ياساپ ئارالىمغا ماكانلىشىڭلار.
دولقۇنۇمنى بۆشۈك قىلىپ تەۋرىتىپ باقاي،
شاۋقۇنۇمدا ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلىتىپ باقاي.

غازلار بۇ قېتىممۇ ئىلگىرىكىدەكلا دەريانىڭ ياخشى نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، سەپەرنى داۋام قىلماقچى بولۇپتۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىرادىسىز بىر غاز سەپەرنى داۋام قىلىۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، گۈزەل ۋە پارلاق مەنزىلىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ۋەدىسىنى بۇزۇپ، شۇ دەريادا قالماقچى بولۇپتۇ ۋە يىغلامسىراپ مۇنداق دەپ زارلىنىپتۇ:

ئۇچۇپ - ئۇچۇپ مەنزىلىمىزى تېخى يەتمىدۇق،
شۇنچە ياخشى جايلار قالدى ماكان ئەتمىدۇق.
قالايلى بىز بۇ دەريادا، ئەي بۇرادەرلەر،
بۇندىن ئارتۇق يەرنى يەنە نەدىن تاپقۇلۇق...
ھېچبولمىسا چۈشۈپ بىردەم تۇرۇپ كېتەيلى،
ئويناپ - كۈلۈپ، ئاندىن يەنە يۈرۈپ كېتەيلى.

بۇ ئىرادىسىز ھەمرىيىنىڭ نالىسىنى ۋە تەكلىپىنى ئاڭلىغان غازلار ئۇنىڭغا سەممىيەت بىلەن نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ۋەدە بەردۇق يېتىمىز دەپ يىراق مەنزىلگە،
ۋەدىسىدە تۇرالماسلىق نومۇستۇر بىزگە.

بىز بولايلى ئىرادىلىك، ئۈممىدلىك، دوستلار،
شۇ چاغدىلا يېتەلەيمىز مەقسىتىمىزگە.

لېكىن بۇ ئىرادىسىز ھورۇن غاز نەسىھەتنى ئاڭلىماي، دەۋەتكە كۆنمەي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ - دە، دەرياغا شۇڭغۇپتۇ، قانات - پەيلىرىدىكى چاڭ - توزانلارنى يۇيۇپ - چايقاپتۇ، راھەتلىنىپ چۆمۈلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، دەريادىكى چىمەنلىك ئارالغا ئۆۋا ياساپ ماكانلىشىپتۇ، ئۆز ھەمراھلىرىنى، قىلغان ۋەدىسىنى، غايىسىنى ۋە باشقىلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن دەريا دولقۇنىنىڭ يەڭگىل ئىرغىتىشى بىلەن خۇددى بۆشۈكتە ياتقان بوۋاقتەك ھوزۇرلىنىشقا، ئەللەي ناخشىسىدەك يېقىملىق دەريا شاۋقۇنىغا قولاق سېلىپ ئۇخلاشقا ئادەتلىنىپتۇ... ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ غاز بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ، بارغانسېرى سەمىرىپ، بەدىنى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇچۇشنىغۇ ئەسلا خالىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈزەل بىر تاڭ سەھەردە قاياقتىندۇر بىر ياقتىن غازلارنىڭ «غاق - غاق - غاق، نەدە سەن! غاق - غاق - غاق، بىز كەلدۇق!» دېگەن ساداسى ئاڭلىنىپتۇ. سەھەر ئۇيقۇسىدا ياتقان ھورۇن غاز چۆچۈپ ئويغىنىپ، بوينىنى سوزۇپ ئاسمانغا قارىغۇدەك بولسا، قىپقىزىل تاڭ شەپىقىگە چۆمگەن بىر توپ غاز ئارغامچىدەك قاتار تىزىلىپ، ئۆزىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك... ئاھ! بۇلار ئىلگىرى ئۆزى بىلەن ئەپسۇسلانغان ھالدا خوشلىشىپ كېتىپ قالغان ئاق كۆڭۈل ۋە غەيرەتلىك ھەمراھلىرى ئەمەسمۇ؟! مانا بۈگۈن ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىپتۇ!

بۇ غازلار ئىرادىسىز ۋە ھورۇن ھەمرىيى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ، ئاندىن كېيىن، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ھارساقمۇ بىز، تالساقمۇ بىز يەتتۇق مەنزىلگە،
شۇ مەنزىلنى ماكان تۇتۇپ پۈركەندۇق گۈلگە.
بىز تۇرغان ئۇ ماكان شۇنچە گۈزەل، باياشات،
يۈر بۇرادەر، شۇ ماكاندا ئۆتەيلى بىرگە.

ھورۇن غاز ھەمراھلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا تولىمۇ ئۆكۈنۈپتۇ، ھەمراھلىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغىلى كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە كەتمەكچى بولۇپ، قانات قېقىپتۇ، لېكىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان راھەت - پاراغەتكىلا بېرىلىپ، ھورۇنلۇقىدىن ئۇچۇپ باقماي، قانات - پەيلىرى قېتىپ كەتكەنلىكى، سەمىرىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقانچە كۈچەنسىمۇ يەردىن بىرەر غېرىچمۇ كۆتۈرۈلەلمەپتۇ. ئۇ خىجالەتچىلىكتە تىت - تىت بولۇپ ھەم غەزەپلىنىپ، راسا بىر يۇلقۇنغانىكەن، دەريادا چوقچىيىپ تۇرغان خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ كېتىپتۇ ۋە بېشى شۇ ھامان ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، لېكىن ئىككىنچىلەپ زادىلا ئۇچالماپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ھورۇن غاز ئاخىرقى ھېسابتا پالاكەت ئۆدەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۆز ھالىغا ئېچىنىپ، زارلىنىپ، ھورۇنلۇق قىلغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، «غاق - غاق! غاق - غاق!» دەپ يۈرۈشتىن باشقا ئامال قىلالماپتۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت

# نۇرلارغا ئۇلايمەن تىنىقلىرىمنى...

## ھەركىمدە بىر كۆڭۈل شاھتۇر ئۆزىگە

گۈلنىڭمۇ كۆڭلى بار، تىكەنىنىڭمۇ ھەم،
ھەركىمنىڭ كۆرۈنەر گۈل بوپ كۆزىگە.
تەبىئەت تەك قىلىپ ياراتتى ئادەم،
ھەركىمدە بىر كۆڭۈل شاھتۇر ئۆزىگە!

كۆكلىمە، ئەي تىلىم، نۆۋەت بەر، تەمكىن،
ھەر جايدا ھەركىمنىڭ ھەرنە سۆزىگە.
بىلگەيسەن بۇ ھېسنى چاقنايدۇ ئەركىن،
دۇردۇنلۇق تىلەيدۇ ھەركىم ئۆزىگە!

دۇردۇنلۇق تىلەيدۇ ھەركىم بۆزىگە،
ھەركىمدە بىر كۆڭۈل شاھتۇر ئۆزىگە!

## شائىر مەرسىيەسى

(بىر شائىرغا)

شۇنداق قىلىپ يۇلتۇز كەبى ئۆچتۇڭمۇسەن؟
ئۆزگە بىر مەنزىلسىرى كۆچتىڭمۇسەن؟
يەتمىگەن ئارمىنىڭنى قويۇپ بىزگە،
دەردى كۆپ بۇ ئالەمدىن ئۆتتىڭمۇسەن؟

ئاددىيلىقتا ئىشقىلىپ بىر خىسلەت بار،
خىسلەت دېسەك سېنىڭدە ئاچتى دىندار.
نۇر تىلىدىڭ ھەمىشەم ئادەملەرگە،
بەدەل تەلەپ قىلماستىن زىنھار، زىنھار.

نېم بولدى، پېشكەللىكمۇ سۇندى قەلەم...
يىقىلدى بىر يۇلتۇزدا يۇلتۇز ئەلەم...
يامان چۈش كۆرگەنمىكىن ئەزرائىلىم؛
نۆۋەتسىز ئىشىكلەرگە تاشلاپ قەدەم.

ياخشى نىيەت، ياخشى چۈش، ياخشى خىيال،
ياخشىلارنىڭ بەلگىسى ياخشى رېئال.
شائىرلىقتىن بۇرۇنراق ئادەم بولدۇڭ،
سەزگۈلىرى بەك سەرخىل، قەلبى زىلال.

ئاددىي بىر پۇقرا ئىدىڭ ئورتا چۆنتەك،
زارلانماي يۈرەر ئىدىڭ زارى يوقتەك.
قىممىتى ھەر كىشىنىڭ ئۆلۈشتىمۇ؟
شۇم خەۋەر! بۇ شۇم خەۋەر تەگدى ئوقتەك.

ياشىدۇق بىز ھاياتتا ئەپ ۋە بىئەپ،
ھەسەت بىلمەس دىللارنى ياشىسۇن دەپ.
ياشىسۇن دەپ تىلىگەن ياشىماسكەن،
يۈرەكلەرگە ساقايماس جاراھەت سەپ.

www.uyghurkitap.com

تۈپرىقىڭغا چاچقاندا تىلىكىمنى،
قەدرىڭ كېلىپ مۇجىدى يۈرىكىمنى.
مۆلچىرىمدىن زور ئىكەن ۋەزنىڭ سېنىڭ،
ئۆرتىمەكتە ئۆلۈمىڭ ئۆزىكىمنى.

ئادەم بولماق پەرىزدۇر، ئادەم بولماق،
ئادەم بولغان ئادەمگە كەلدى سولماق!

بىر ئەجايىپ ۋۇجۇدنى كۆممەكتىمىز،
ئۇنىڭ ئورنى بوش قالار يوقتۇر تولماق!

شۇنداق قىپ يۇلتۇز كەبى ئۆچتىڭمۇسەن؟
ئۆزگە بىر مەنزىلسىرى كۆچتىڭمۇسەن؟
يەتمىگەن ئارمىنىڭنى قويۇپ بىزگە،
دەردى كۆپ بۇ ئالەمدىن ئۆتتىڭمۇسەن؟

## ماۋزۇسىز

ۋىجدانەن ياشىدىم، بىرنى بىر دېدىم،
بېشىمدا ئوينىدى قان چېچىپ تاياق.
ئىت بولۇپ ياشىدىم ھەر نېمە يېدىم،
ئالدىمغا قويۇلدى ئالتۇندىن ئاياق.

ئويۇلۇپ ياشىدىم ئۇپرىدى خوپ جان،
كېمەيدى نېسۋەم، تارايدى يوللار...
تەلۋىگە ئايلاندىم كۆتەردىم چۇقان،
ئاسمانغا ئېتىشتى مېنى كۆپ قوللار...

ياخشىلىق تىلىدىم ھەركىمگە ھەر كۈن،
ئورۇلدى بوغدىيىم تېخى پىشماي خام.

جىن بولۇپ ياشىدىم، ياتمىدىم ھەر تۈن،
نى كۆركەم پەرىلەر بولدى ماڭا رام!

مېھرىمنى خەجلىدىم، سۆيگۈ تاراتتىم،
نەپرەتلىك نىگاھلار تەشتى قەددىمنى.
ئۆكتەمگە ئايلاندىم كۆپنى قاراتتىم،
نازاكەت، جىلۋىلەر ئالدى ھەددىمنى.

ئاھ، پەلەك نېمە دەي مىجەزىڭ تەتۈر،
ياقاڭدا قالدۇ قىزىل تىرنىقىم.
سەن بىلگەن نە ئوي بار كەلتۈرە، كەلتۈر،
دېۋەڭنى يىقىتار سالغان چىرمىقىم.

## فانتازىيە

دوزاقنىڭ ئالدىدا سورىدى جانان:
— نېمىشقا تۈگىمەس بۇنداق كۈلكەڭ!
شۇنداق بىر كىشىسەن بەكمۇ خىرامان،
بارمىدۇ ئالەمدە نەمۇنە — ئۈلگەڭ؟

ئوق ئۇچقان مەيداندا ئۇ يەنە دېدى:
— ئەجىلىڭ توشماقتا نېمە كۈلىسەن؟
بۇ مۇدھىش جەزلەرنىڭ كۆزى بارمىدى؟
تېگىدۇ، تېنى تارتماي دەرھال ئۆلىسەن؟

دەھشەتلەر ئالدىدا ئۇ دەيدۇ تىت-تىت،
بىلمىدىم بۇنداقمۇ ئەملىك كۈلۈش!
كۆپ چەكتىم تەشۋىشلەر، كۆپ چەكتىم، ئىست،
ئويۇڭغا كىرمەمدۇ، يوقىلىش، ئۆلۈش!

دەيمەنكى، يىغلىسام قاچارمۇ ئەجەل،
ئۆمۈرگە كېپىلمۇ ۋايساش دات، پەريات!
قىسمەتنىڭ قىسمىقى ئالالماس بەدەل،
كۈلكىدىن تۆرەلدىم، كۈلىمەن ھەييات!

## ماۋزۇسىز

شىكەستە ۋۇجۇدىنىڭ ئېمىدۇر ھالى،
ئۆمىدنى بوغۇزلاپ قاچار مۇدھىش ئوي.
ياتىمەن تۆشەكتە ئارامدىن خالى،
ئازابتىن قۇتۇلۇش ماڭا ئارمان كۈي...

ئۇيقۇسىز ئۆزىدى تالاي كېچىلەر،
قېنىقتىم سۇبھىنىڭ تالاي سىردىغا!
تاڭلارنى كۈيلىدى بۇلبۇل - گۈلچىلەر،
ئايلاندىم تاڭلارنىڭ تاڭدەك تىلىغا.

شاھلىقتىن جۇدامەن، چېقىلدى تەختىم،
پاتقاققا مىلەندى جاۋاھىرات تاج.
ئاغزىمغا تېتىماس ئاممىتىم، بەختىم،
(سۇبھان ۋە سۇلتاندا يوق بۇڭا ئىلاج!)

ئىزلەيمەن تاجىمنى ئىزلەيمەن ئۇزاق،
ئاسماندىن، زېمىندىن، كۈندۈزدىن، تۈندىن.

ئىزلەيمەن، ئىزلەيمەن يولۇمدا تۇزاق،
ھاۋادىن، ناۋادىن، يۇلتۇزدىن، كۈندىن.

يالۋۇردۇم - يېلىندىم قايت دەپ كەينىڭگە،
ئەي نۇرلۇق ئالەملەر، نۇرلۇق پەرىزات.
بەك ئاددىي قارىدىم سېنىڭ پەيلىڭگە،
قەدرىڭنى بىلمىدىم ئەمدى پەندىيات!

ئۇپۇقنىڭ قوينىغا كەتتىڭمۇ تېخى،
چاپسان كەل، يۈگۈرۈپ كەل، ئۇچۇپ كەل،
ئۇچۇپ!
بىلىمەن ئۇنچىۋالا ئەمەسسەن سېخى،
يېنىپ كەل، مەندە تۇر ۋەسلىمنى قۇچۇپ!

ئۆمىدلەر شۇ سۆيەت تاپىدۇ مەنا،
بۇ ئەمەس يۈرەكنىڭ مەيۇس نالىسى.
تاشلىما، تاشلىما، مېنى ئەي رەنا!
قۇياشنىڭ مېھرىبان نۇرلار تالىسى.

## ئېتىم بار قۇياشتا، ئېتىم بار ئايدا...

ئالەمگە تۆرەلدىم ياشاشتۇر ھەققىم،
رىسقىم بار مېنىڭمۇ ئايدا، قۇياشتا.
ھەر قانداق بولسىمۇ تۇرق ۋە تەققىم،
ئېتىمنى يازىمەن مەنمۇ قۇياشقا:

ئېتىم بار قۇياشتا، ئېتىم بار ئايدا،
نۇرلارغا ئۇلايمەن تىنىقلىرىمنى...
ئەقىدە سۆيگۈم بار بەختىم بار جايدا،
كۆلكىلەر يۇرت قىلار زىنىقلىرىمنى.

ھېچكىمنىڭ رىسقىنى تارتىپ ئالمىدىم،
ھېچكىمنىڭ بەختىگە بولمىدىم ئاپەت.

ئاجىزلار ئېشىغا چاڭگال سالمىدىم،
ئىزىمدىن ئۇلارغا تەگدى شاراپەت.

ھالال ۋە سۆپسۈزۈك ياشاپ ئۆتىمەن،
ئەجىلىم يالغاندا، ئالداش، بوياشتا.
ئادەملەر سىلەردىن ئىنساپ كۈتۈمەن،
خۇدالىق تىلەيمەن، مەڭگۇ قۇياشقا!

ئېتىم بار قۇياشتا، ئېتىم بار ئايدا،
ئەقىدە سۆيگۈم بار بەختىم بار جايدا...

## بۆزچى ھەققىدە چۆچەك

ئىبادەت قىلاركەن بىر ئاجىز بەندە،
تەڭرىگە يالۋۇرۇپ، چىندىن بېرىلىپ.

جاينىماز، تەسۋىگە بولۇپ پەيۋەندە،
ماڭلىيى كېتىپتۇ ھەتتا يېرىلىپ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ يىغلاپ، ئۆتۈنۈپ قىپتۇ ئىلتىجا،
ئىجاۋەت قىلغىن، دەپ تىلەكلىرىمنى...
ئۇ دەركەن رىسقىمنى زىنھار كەم قىلما
توشقازغىن چۆچەك ۋە چىلەكلىرىمنى...

ئەمەلگە ئېشىپتۇ مۇراد ـ مەقسىتى،
توشۇپتۇ چۆچىكى، چىلەك، ئىدىش ھەم.
ئامەتلەر ئېپكەپتۇ تەگرى رۇخسىتى،
نېمەتكە تولۇپتۇ چەللە ـ بېدىش ھەم...

يىغلاپتۇ ئۇ يەنە قىپتۇ ئىلتىجا:
ئىجاۋەت قىلغىن، دەپ تىلەكلىرىمنى...
ئۇ دەركەن رىسقىمنى زىنھار كەم قىلما،
توشقازغىن چۆچەك ۋە چىلەكلىرىمنى...

«بۇ يۇرتتا بۆزچى كۆپ، بۆز ئۆنگىدىن كۆپ،
شۇڭلاشقا ئۆتمەيدۇ مېنىڭ بۆزلىرىم.
بەرىنىڭ ئىزىدىن ئۈنمەس گىياھ ـ چۆپ،
ۋۆز ئۆتمەي ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزلىرىم...

كەلتۈرسەڭ، ئەي ئىگەم، بىر قىرغىن تەگسە،
قىرىلسا بۆزچىلەر، پەقەت مەن قالسام،
قىيالار شۆھرەتتىن قەددىنى ئەگسە،
بۇ يۇرتنى بىر ئۆزۈم قولۇمغا ئالسام.

ھەيرەتتە تىڭشىسە ماڭا نىگاھلار،
شايىمنىڭ ئورنىدا ئۆتسە بۆزلىرىم.»
شۇ يەرگە كەلگەندە ياڭراپتۇ ئاھلار:
«زۇلمەتقۇ كۆزلىرىم
قېنى كۆزلىرىم...»

* *

كۆزمۇ يوق، بۆزمۇ يوق قاپتۇمىش بۆزچى،
ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ، بىئار.
كۆزنى ھەم بۆزنى ھەم بەرمەسمىش كۆزچى،
بۇنداق بىر بەندىگە زىنھار ۋە زىنھار!

## ئەسلەش

— مەرھۇم ئۇستازىم زۇھرە قۇربانوۋانىڭ يارقىن خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن —

كۈنىنىڭ قەدرى كۈن پاتقاندا بىلىنىپ،
يۈرەكلىرىم ئۇستۇرىدا تىلىنىپ:
ئەي ئۇستازىم، سىزنى يەنە ئەسلىدىم،
خىياللارنىڭ قۇدرىتىگە ئىلىنىپ.

سىز كەتتىڭىز كۆز يۇمۇپ ۋە كۆز يۇمماي،
ئارمان تۇرسا تولۇن ئەمەس ھىلال ئاي...
سىز كەتتىڭىز... قىرچىنىڭىز قىيىلدى،
بىز چىدايمىز قانداقلارچە ئاھ ئۇرماي؟...

ئوڭاي ئەمەس بۇ ئالەمدە ياشىماق،
ئادەملەرنى ئادەملىككە باشلىماق.
قىيىن يولنى تاللاپ ئېلىپ ئۆزىگە،
ئوڭاي يولنى ئۆزگىلەرگە تاشلىماق.

ئوڭاي ئەمەس شولا بولماق، نۇر بولماق،
نۇرغا تەشنا كۆڭۈللەرگە لىق تولماق.
ئوڭاي ئەمەس يۇلۇپ ئېلىپ يىلتىزىنى،
قاراقلارنىڭ دەل ئورنىغا سەپ قويماق.

ئوڭاي ئەمەس «پەس دۇنيا» دىن قۇتۇلماق،
جىننى ئۇتۇپ، پەرىشتىگە ئۇتتۇزماق.
ئوڭاي ئەمەس ئەمەلدىكى ھالاللىق،
ئوڭاي ئەمەس ئېزگۈلىككە يۇتۇلماق.

ئوڭاي ئەمەس ئالماي پەقەت بېرىشمۇ،
ئوت مېھرىگىنى ئۇرۇق قىلىپ تېرىشمۇ،

ئۇڭاي ئەمەس چىن ساداقەت، چىن مەردلىك،
ئۇڭاي ئەمەس قاقشىماستىن قىرىشمۇ.

ئۇڭاي ئەمەس ئۆزگىلەردىن پەس تۇرماق،
مۆدۈرۈلۈپ يىقىلغاندا دەس تۇرماق.
ئۇڭاي ئەمەس ياخشى دېيىش قوشناڭنى،
ئۇڭاي ئەمەس ھەسەتلەرگە پەنج ئۇرماق.

ئۇڭاي ئەمەس ئۆزگىلەرنى گۈل دېمەك،
يىغا كۆرمە، ئۆمرۈڭ بويى كۈل دېمەك.

ئۇڭاي ئەمەس ئاق كۆڭۈللۈك دېگەنمۇ،
ئۇڭاي ئەمەس ئۆزگىلەرنى ھۆل دېمەك.

ئۇڭاي ئەمەس مېھنەت قىلماي تەر تۆكمەك،
بالا كەلسە ئانجان دەپ يەر ئۆپمەك،
ئۇڭاي ئەمەس پىداكارلىق، باتۇرلۇق،
ئۇڭاي ئەمەس بىلىپ تۇرۇپ بەك چۆكمەك.

* *

ئۇڭاي ئەمەس شۇ خىسلەتلەر سىزدە بار،
شۇڭا جەننەت سۆپەتلىرى بىزگە يار.
تۇرنىلارنىڭ قانىتىدا نامىڭىز،
تاڭ ۋەسلىدە كۆرستىسىز تاڭ دىدار.

## پارچىلار

ھاياتتا ئۆلگەم كۆپ، ئۇستازلىرىم كۆپ،
ئۆگەندىم قۇرتتىن، ئۆگەندىم تاشتىن.
چىدامنى ئۆگەتتى دالىدىكى چۆپ،
ئۆگەندىم قېرىدىن، ئۆگەندىم ياشتىن.

* *

قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار كۆزلىرى ئاسمان،
زوقلىنىپ، ئېچىرقاپ باقتى زېمىنگە.

سۆيۈنۈش سۆيگۈسى مىڭ قىسسە، داستان،
دېدى: چىن گۈزەللىك ئىكەن زېمىندە.

* *

سۆيگۈنى ئۆلتۈردۈك ئۆلدى سۆيگۈمىز،
ئەمدى سەن يولۇڭنى رەمبالغا تاللات.
تۆكۈلدى كەۋسەر قان، ئېيتقىنا ئەي قىز،
قايسىمىز پەرىشتە، قايسىمىز جاللات؟

1987 - يىل، سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

ئابلىجان ھېيت

# گۈزەل ئەسلىمىلەر قەلبىمدە مېنىڭ

## گۇگۇمغا بۆلىنىپ يۈرمىگەن دىلبەر ...

يانتاقتىن گۈل قىسقان بىر قىيا يارلىق
ياتىدۇ شەھەرنىڭ يىراق چېتىدە.
يارلىقنىڭ باغرىدا تولغىنار دەريا،
گۇگۇمغا بۆلەنگەن ئايسىز كېچىدە.
شۇ يارلىق لېۋىدە بىر گۈزەل دىلبەر،

يۈرىدۇ خىياللار ئىچرە بۆلىنىپ.
ئېقىن سۇ ئۈستىدە ئاققان غازاڭدەك،
دەم ماڭار، دەم بېشى قالىدۇ قېيىپ.
تىكىلمەس يوللارغا ئۇنىڭ كۆزلىرى،
ئىنتىلمەس يۈرىكى ھېچنىمىگە ھەم.

www.uyghurkitap.com



بىر گۈزەل ئەسلىمە ئۇنىڭ قەلبىدە،
قوزغىتار بىر سىرلىق ھاياجان، ئەلەم.
ئەسلەيدۇ ئۇ بۇرۇن بۇندا سۆيۈشكەن
شۇ تاتلىق دەملەرنى، پەچىرلاشلارنى...
دەريالار كۆيىگە سىڭىشىپ كەتكەن،
يۈرەكنى ئۈيناتقان ئوتلۇق ھىسلارنى...
كېزىدۇ ئۇ شۇنداق ھەركۈنى كەچتە،
كەتكۈسى كەلمەيدۇ يارلىق بويىدىن.
تىڭشايدۇ ئۇ دەريا شاۋقۇنلىرىنى،
نېمىدۇر ئىستەيدۇ كېچە قوينىدىن.
ئۇ نېچۈن ئويلاپمۇ قويمايدىغاندۇر،
ۋەيرانە يارلىقتىن نېمە چىقار دەپ؟
ۋە ياكى ئويلامدۇ ئاشۇ دەملەرنى

يەنە بىر تۇغۇلۇپ قالارمىكىن، دەپ...
ئارقىدا ياتماقتا ئەنە بىر شەھەر
سۆيگۈگە ئىنتىلگەن لەززەت كەيپىدە.
ئاشىقلار كۆزىدەك يانار تۇندىمۇ،
ئەمدىلا سۈزۈلگەن ئۇپۇق رەڭگىدە...
ئۇ شۇنداق ئۆتمەكچى قاچانغىچىلىك
ئۆتمۈشنىڭ مۇزلىغان دىمىنى ئېمىپ؟
خامۇشلۇق ئىلكىدە ئۇنسىز چۆشەكەپ،
نە ئۈچۈن ئويغانماس ھەسرەتنى يېڭىپ؟!
ئىنسى - جىن كۆرۈنمەس ۋەيرانە يارلىق،
يوق ئۇندا سۆيگۈنىڭ ھېچ ئىز - دېرىكى.
گۈگۈمغا بۆلىنىپ بىر گۈزەل دىلبەر،
يۈرىدۇ تەمتىرەپ، ھەركۈن كەچلىكى...

## باغرىمدا پايانسىز بىر كەڭرى زېمىن...

قۇملۇقتا باغرىمنى يېقىپ ياتىمەن،
مەرۋايىت ئۈنچىلەر يالتىرار سۈزۈك.
يۈرىكىم چاڭقىغان ئىشق تەپتىدىن،
ھە، ئوتلۇق تىنىقلار، ئاھلىرىم ئۈزۈك.

باغرىمدا پايانسىز بىر كەڭرى زېمىن،
بىر زامان گۈل قىسقان قەدىمىي ماكان.
ھۆسنىگە قۇملاردىن ئارتىپتۇ چۈمبەل،
ھەسرەتكە بۆلىنىپ، ئۇخلار ئۇ ھامان.

جىمجىتلىق ئەللىيى ئۇخلاتقان ئۇنى،
كەلمەكتە يوشۇرۇپ يىللار كۆزىدىن.
كەتمەدى كۆزى ياش تەگرىتېغىنىڭ
ھازىدار بەلبېغى شۇڭا بېلىدىن.

ئويغىنار ئۇ قاچان؟!
ئويغىنار قاچان؟!
مىڭ كۆزدە باقىمەن يەنە ۋە يەنە.
بارمىدۇر دۇنيادا بۇنداق سۆيۈشتىن،
بۈيۈك ھەم مەنىلىك گۈزەل مەنزىرە.

ئارزۇلۇق سۆيگۈنىڭ تېگى قەلبىمدە،
يىگىتلىك بۇرچۇمنى ھەردەم ئەسلىتەر.
چۆشەكەش ئىچىمدە كۆرسەم يارىمنى،
نازىدىن باغرىمغا مىسلى ئوت كېتەر.

مەن شۇڭا ھەرزامان سۆيۈپ ياتىمەن،
بۇ تەكلىماكاننى، قۇمنى قۇچاقلاپ.
ياشىدىم، ياشايمەن ئۇنىڭ غېمىدە،
ئارمانلىق يۈرىكىم قۇياشتەك چاقناپ.

## بېلىقچى يىگىت

بىر يىگىت ئولتۇرار، قارماق قولىدا،
ئاي نۇرى يېيىلغان كۆلگە تىكىلىپ.

تارتىلماس قارمىقى پەقەت - پەقەتلا،
ئولتۇرار خىيال ھەم مۇڭغا بېكىنىپ.

نويناىدۇ بىر گۈزەل شولىسى كۆلدە،
سۇدىكى ئاي كەبى يېنىك تەۋرىنىپ.
ئەگىيدۇ يىگىتنىڭ خىياللىرى ھەم،
كۆل ئەمەس ۋە بەلكى
قىزغا قېتىلىپ.

ئولتۇرار شۇ خىلدا، ئاۋارە يىگىت،
ئىلمەكچى بولغاندەك قىزنىڭ قەلبىنى.
سازاڭنى يەپ بولغان ئەركە بېلىقلار،
ئازادە ئوينىشار قارماق يېمىنى.

## كۆزۈڭ ۋە كۆزۈم ...

«مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى بار» دېسەم،
جانان سېنىڭ ھەربىر كۆزۈڭدە.
ئىشەنمەستىن ماڭا قارايسەن،
كۆزلىرىڭنى تىكىپ كۆزۈمگە؛

قۇياش شۇنچە يانسىمۇ نۇرلۇق،
تىكىلمەيدۇ ئاڭا جۈپ كۆزۈم.
بىراق سېنىڭ كۆزۈڭ ئالدىدا
نېچۈن يەرگە قارايدۇ كۆزۈم؟!

تەلئەت ناسىرى

# ئىككى شېئىر

## ئاقار يىللار

قاراڭغۇ تۈن باغرىنى نۇردا تىلىپ،
يۇلتۇزلار ئاقار تىنىماي، باقساڭ كۆككە.
يىللارمۇ ئاقار ئاشۇ يۇلتۇزلاردەك،
كۆرۈنمەس غىل-پاللىقى ئەسلا كۆزگە.

ئاسمانغا بېشىڭ يەتمەس، قۇياشقا قول،
مېھماندۇر ئەقلىڭ نۇرى كەڭ ئالەمگە.
چوققىلار تاپان سۆيەر، نىشان كېلەر،
ئىرادە، ئۈمىد بولسا ھەر ئادەمدە.

كۆللەرنى قىشتا باسقان قېلىن مۇزلار،
توسالماس بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرىنى.
چاقنىتار ئەسىر ياساپ كەلگەن يىللار،
باغرىدا قالغان مېھنەت ئىزلىرىنى.

تېرەكلەر ئۆسكەنسېرى بوي تالىشىپ،
تېرەڭگە شۇنچە ئۆسەر يىلتىزلىرى.

ۋۇجۇدى ۋۇجۇدلارغا ئوت بولغانىنىڭ،
تىللاردىن دىلغا كۆچەر ئىش ئىزلىرى.

تۆۋەنگە ئۆز مەيلىچە ئاققان سۇلار،
بىل، ئەسلا ھالقىيالماس ئېگىز تاغدىن.
تۇرمۇشنىڭ مۈشكۈلىدىن يول ئاچقانلار،
يېتىدۇ جانانىغا كەچسە جاندىن.

قايتمايدۇ ئاتقان ئوقتەك كەتكەن ئۆمۈر،
چاقنايدۇ ئەينەكلەردە نۇرنىڭ ئەكسى.
خەلقىگە قان — تەر تەقدىم ئەتكەنلەرنىڭ
ياشايدۇ خەلقى بىلەن كۈندەك قەلبى.

دەريالار ئاقار تىنىماي ئۆركەشلىنىپ،
يۇلتۇزلار ئاقار كۆكتە نۇرلار چېچىپ.
يىللارمۇ ئاقار كۆزگە كۆرۈنمەستىن،
پەيتىنى تۇتقانلارغا كۈندەك بېقىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئەگەر

ئەگەر يىللار شاش ئاتلاردەك قاچماق بولسا،
مەن سالىمەن تىزگىنلەشكە نوقتا - يۈگەن.
دۈمبىسىگە مىنىپ ئېلىپ دەيمەن يانا؛
ئۇچقۇر ئاتنىڭ چېپىشىنى مەندىن ئۆگەن!

ئەگەر يىللار قاچماق بولسا مېنى ئالداپ،
يولغا تىككەن كۆزلىرىگە قوم چاچارمەن.
ئالدار كوسا شەيتاننى گول ئەتكىنىدەك،
ھەييارلىقتا دۈمبىسىدىن يول ئاچارمەن.

ئەگەر يىللار ئىرادەمنى سۇندۇرماق بوپ،
ئاپەت - بالا مۆلدۈرىنى تۆكسە باشقا؛
مۇزغا چوغدەك، ئوتقا سۇدەك ھەيۋىتىمدە،
ئايلىنارمەن چوققىدىكى قىران تاشقا.

ئەگەر يىللار تىك قەددىمنى يادەك ئېگىپ،
ئاق مويلارغا كۆمۈپ ئەتسە ئېڭەك، باشنى؛
ئىجادىمدىن ياساپ مەزمۇت تىيەكلەرنى،
ياشنىتارمەن يىللار ئاتقان ئەسىر - ياشنى.

قادىر تۇردى

## يېزامدا

ئېھ، يېزام گۈزەللىكىڭ تارتتى كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى،
مەن كېلىپ، قوينۇڭدا سۈردۈم گويا بېھىشنىڭ پەيزىنى.

يول بويى ئورمانلىرىڭ ئەگسە سالام دەپ بېشىنى،
رەڭمۇ - رەڭ شوخ گۈللىرىڭ سەپتى يولۇمغا ئەتىرىنى.

نەگە بارسام كۈي بىلەن كۈتتى قاناتلىق سازچىلار،
يايرىدى كۆڭلۈم ئەجەب ئاڭلاپ تۈمەن خىل نەغمىنى.

توق يېشىل مەخمەل كىيىپ، ئويناپ ئۇسسۇل ئېتىزلىرىڭ،
ئەركىلەپ غۇر-غۇر شامال مەڭزىمگە ياقتى مەڭزىنى.

نەگىدۇ غايىپ بولۇپتۇ كونا ساتما، كونا تام،
قوش قەۋەت رەت-رەت بىنالار كۆتۈرۈپتۇ قەددىنى.

ئىزلىسەم ئۇن يىل بۇرۇنقى چۆل-قاقاسنى زەڭ قويۇپ،
كەلدى ئالدىمغا قۇچاقلاپ رەڭمۇ-رەڭ گۈل لەيلىنى.

ماللىرىڭنىڭ كۆپلۈكىنى لاپ ئەمەس بولۇت دېسەم،
بىپايان يايلاقلىرىڭ ئەسلەتتى گۈللۈك كەشتىنى.

جۇپتىنى تاپقان يىگىتتەك قانىمدىم باغرىڭغا مەن،
شۇڭا ئۆتكۈزدۈم سىنىمگە نەچچە-نەچچە ھەپتىنى.

**ھوشۇر ئەمەت**

## پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىغا مەدھىيە

يەر-جاھان كۆز تىككەن، خەلقىم تەلپۈنگەن،
ئېچىلدى مۇقەددەس ئۇلۇغ قۇرۇلتاي.
تىيانشان شادلىقتىن كۆككە تاقاشتى،
قاش تېشى دىلبەرى ئاچتى خۇش چىراي.

قۇرۇلتاي لۇشيەنى — سائادەت يولى،
گۈللەتەر يەنىمۇ ئەلنىڭ بەختىنى.
نامايان قىلدى ئۇ پۈتكۈل دۇنياغا،
خەلقىمنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇ-ئەھدىنى.

يورۇغقاش قىزلىرى چۈشتى ئۇسسۇلغا،
ياڭرىدى شاد ناخشا ناغرا ھەم سوناي.
قاپلىدى ھەريانىنى قىزغىن تەنتەنە،
قۇتلىدى چىن دىلدىن شاد دېھقان بوۋاي.

قۇرۇلتاي پەرمانى — غەلىبە پەرمانى،
ئىسلاھات-ئىجادلىق چىقىش يولىمىز.
تەۋرەنمەي شۇ يولدا شان-زەپەر قۇچۇپ،
قۇدرەتلىك، باياشات دۆلەت قۇرىمىز.

**12 - سانغا تۈزىتىش**

| بەت | كالون-كا | قۇر | | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | يۇقىرىدىن | تۆۋەندىن | | |
| 28 | — | 2 | — | مەشرەپ | كۆك مەشرەپ |
| 106 | — | 14 | — | يىگانە | بىگانە |
| 112 | — | — | 12 | ئىستىملاچىلارنىڭ | ئىستىبداتلارنىڭ |



مۇھەممەت باغراش

# ئاقساق بۇغا ①

(پوۋېست)

## 22 - باب

قانچىلىك ماڭغىنىمىزنى مەن قانداق بىلەي. «ماشىنا» دېگەن نەرسىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ جۇلۇغۇم چىقىپ، ئىچى - قارنىم چۇۋۇلۇشقا ئاز قالغاندا، ماشىنا توختاپ مېنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈشتى. قارىسام، بىر چېتى چۆلگە تۇتاشقان كىچىككىنە بىر توغراقلىققا يېتىپ كەپتۇق. ئۇ يەردە بىرنەچچە ئېغىز پاكار ئۆيلەر بار ئىكەن. پاكار ئۆيلەردىن ئىككى ئەركەك ۋە بىر چىشى ئادەم چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆزئارا خېلى ۋاقىتقىچە بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كېلىشكەندەك قىلىشقاندىن كېيىن، مېنى ئېلىپ كەلگەنلەر قايتىشماقچى بولۇشتى. شۇ چاغدا باغچىدا 40 نەچچە كۈنگىچە مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ھېلىقى بوۋاي يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن چوڭقۇر مۇڭ ۋە مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى، ئۇ مېنىڭ پېشانەمنى مېھرى بىلەن ئۇزاققىچە سىلىدى ۋە ئاندىن ھېلىقى چىشى ئادەمگە قاراپ دېدى:

— قىزىم ... قاراڭ بۇ بۇغىنىڭ ھالىغا؟ خۇدا ياراتقان مۇشۇ ئەركىن جانىۋارنى نېمىگە مۇنچە قىينايدىغاندىمىز؟ ... بۇنى سىزگە تاپشۇردۇم. ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرۈڭ ... ھەممىمىزنى ئاللا ياراتقان ... غېرىبنىڭ بېشىنى سىلىساڭ ساۋاب بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار ... مۇشۇ بىچارە تېخىمۇ غېرىب بولمىسۇن ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاي - كۈنى توشۇپ قالدى ... — بوۋاينىڭ لەۋلىرى تىترەپ ئاغزى ئۈمچەيدى.

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا دادا ...، — دېدى ھېلىقى چىشى ئادەم مۆلايىمغىنە، — ئۆزلىرى ئەتىۋارلىغانلىقى ئەتىۋارلاپ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن... ھەممىمىز ئوخشاش جان ئەمەسمۇ!...

چىشى ئادەم ئۇچامنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىلىدى:

— ئەجەبمۇ چىرايلىق بوغا ئىكەن ... بۇنداق كېلىشكەن بوغىنى كۆرمىگەن ئىدىم، ئادەمنىڭ كۆزىگە ھەر بىر قارىسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە دېمەكچى بولىۋاتقىنىنى شۇ ھامان چۈشەنگىلى بولىدىكەن ... قارىسىلا، ئۇنىڭ كۆزىدىكى مۇڭنى، ھەسرەتنى.

— ئورماندىن يېڭى تۇتۇپ كېلىشكىنىدە كۆرگەن بولسىڭىز قالتىس چىرايلىق ئىدى بۇ جانىۋار. تۈكلىرى سېرىق مەخمەلدەك يالتىراپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى، شەھەرنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئۇنىڭ تۈكلىرىنى ئىسلاپ - دۇتلاپ، موردىن چىققان ئاسلانغا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەك ئەقىللىق جانىۋاركەن، ئادەمزاتقا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئىززەت - نەپسىنى قەدىرلەشنى، تۇغۇلغان يېرىنى سېغىنىشنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆرتىنىشنى بىلىدىكەن. ماكانىنىڭ سېغىنچىدا سۇدىن باشقا تۇزۇكرەك نەرسە يېگىلى ئۇنىمىدى ... ئەركىن - ئازادە، يايراپ - يېيىلىپ ئۆز ماكانىدا ئارامخۇدا ياشىسا كىمنىڭ، نەرىگە تاقىشار ئىدىكىن. ھەي ئادەملەر ... — بوۋاي ھەسرەت بىلەن خورسىندى.

ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلدى ۋە ئاخىرىدا قىيماي خوشلاشتى:

— خوش قىزىم، ... خوش جانىۋىرىم، ... خۇدا ئامانلىق ۋە ئەرك بەرسۇن ...— بوۋاي ۋە ماشىنا كەتتى. ھېلىقى ئىككى ئەركەك مېنى پاكار ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئېلىپ مېڭىشتى.

— تازا دېگەن يېرىمىزدىن چىقتى ... بىر كۆتكەن بوغىنىڭ ئۆزى ئىكەن ... — دېدى ئەركەك ئادەملەردىن بىرسى يېنىدىكىسىگە شىۋىرلاپ، — بوغىنىڭ تۇغۇشىنى كۈتسەك، كامىل شۇجىنى بەك ساقلىتىپ قويىمىز ... «چىشى بوغىنىڭ بالىياتقۇسى ۋە ھەمراھىنى ئادەم ياشارتىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، ماڭا ئازراق جۈندەپ بەرسەڭلار» دېگەن ئەمەسمۇ ... باشقا چىشى بوغىلاردىن قېرىشقاندەك بوغاز بولغىنى يوق ... شۇڭا كېچىكتۈرمەيلا ... بىر - ئىككى كۈنىنىڭ ئىچىدە مۇشۇ بوغىنىڭ ھەمراھىنى، بالىياتقۇسىنى قوشۇپ كامىل شۇجىنىڭ ئالدىغا قويايلى ... ئۇ چاغدا سىزنىڭ ھېلىقى قىزىڭىزنىڭ خىزمەت مەسىلىسىمۇ ... ھى ... ھى ...

— مېنىڭلا ئەمەستۇ ئەپەندىم ... ئۆزلىرىنىڭ باش فېرمىغا يۆتكىلىش ئىشلىرىمۇ ...

— ئى ... ئى ... ھا ... ھا ... ھا ... را ... را ... راست ...

— ھى ... ھى ... قىھى ... قىھى ... شۇ ...

ئۇلار بىر - بىرىنى نوقۇلىشىپ ئۇياتسىزلارچە كۈلۈشۈپ ئېغىناقلىشىپ كەتتى.

— لېكىن ... بۇنى قايسى يول بىلەن يوغۇشتۇرماق؟ — دېدى ئاۋۋالقىسى كۈلكىسىنى تەسلىكتە توختىتىپ، — ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆلتۈرسەك قانۇنغا خىلاپ بولىدۇ ...

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى كېيىنكىسى بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ، — بۇ بوغىنى

www.uyghurkitap.com



ئۈدۈل ئاپىرىپ ئەركەك بۆغىلارنىڭ قوتىنىغا سولايلى ... ئىنەكسىرەپ كەتكەن ئەركەك بۆغىلار قوغلاپ، ئۇسۇپ يۈرۈپ كېچىچىلا تەييار قىلىدۇ، ياكى ھالسىرىتىپ بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ياكى ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ ... ئۇ چاغدا قانۇنىمۇ، باغچا تەرەپمۇ بىزگە بىرەر ئىللەت ئارتالمايدۇ ...

— پاھ! قالتىس ئەقىللىق ئىكەنسىز ...

— ھا ... ھا ... ياقەي ... ئەمدى دەيمەنا ...

تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى. بىر مۇدھىش سۈيىقەست مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا تەييارلانغانىدى. كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، ئورنۇمدا ئاياغ دەسسەپ تۇرالماي دەلدۈگۈنۈپ كەتتىم.

ئۇلار مېنى بىر چوڭ قاشانىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، قاشانىڭ شاخشىسىنى ئېچىپ، مېنىڭ تىرەجەپ تۇرۇۋالغىنىمغا قارىماي مېنى ئىتتىرىپ، قاشانىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى ۋە قاشانىڭ شاخشىسىنى يېپىپ قويۇپ غالداڭلاپ كېتىپ قېلىشتى.

قاشانىڭ ئىچىگە 10 – 20 ئەركەك بۆغا قامالغانىكەن، ئۇلار مېنى كۆرۈپ، بىرلەپ، ئىككىلەپ يېنىمغا كېلىشكە ۋە مېنىڭ ئارقا تەرىپىمنى پۇراپ ھىدلاپ بوزلاشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى قاشانىڭ بۇلۇڭىغا ئاتتىم ۋە بۇلۇڭغا تىقىلىپ كۆزۈمنى مۆلدۈرلىتىپ ئۇلارغا ۋەھىمە ئىچىدە تىكىلدىم. «ئادەم» ئاتالغان ھېلىقى مەلئۇنلار ئۆز نەسلىم ئارقىلىق ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. مۇشۇ نەسىلداشلىرىم شۇنى چۈشىنىشكەن بولسىمۇ كاشكى – ھە؟!

مەن ئۆزۈمنىڭ تىلىدا ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان ئەركەك بۆغىلارغا ئۆزۈمنىڭ ھەسرىتىنى بايان قىلىپ مەرىدىم. ئۇلار ئورۇنلىرىدا «چىپپىدە» توختاپ، ماڭا ھېسداشلىق نەزىرىدە تىكىلدى. لېكىن ياشقىنا، ئاتا – ئانا تەربىيىسى ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا مۇشۇ يەرگە بەنت قىلىنىپ، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئەركەك بۆغا ھەدەپ ماڭا قىستاپ كېلىۋەردى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىچارىلەرچە يېلىندىم. لېكىن مېنىڭ يېلىنىشىم ئۇنىڭ قوتراۋاتقان تەلەپ تۇيغۇسىغا تەسىر قىلالمىدى. ئۇ ۋەھىمىلىك چىرقىراپ ماڭا يېقىنلىشىپ كېلىۋەردى. ئۆزۈمنىڭ ئىپپىتى، پاكلىقى ئۈچۈن قورسىقىمدىكى جاننىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئېلىشىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، قاتتىق تۇياقلىرىم بىلەن بۇ ھاياسىز، تەربىيە كۆرمىگەن قوترىغان ئەركەك بۆغىنىڭ تۇمشۇقىنى قان قىلىشقا تەييارلاندىم. لېكىن مەن ماغدۇرسىز ئىدىم، ئاياغلىرىم تىترەپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا قاشانىڭ شاخشىسى ئېچىلدى – دە، ئادەمنىڭ ھىدى كەلدى. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. مەن كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ بايىقى چېشى ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. بايا مەن ئۇنى ھىدلىۋالغانىدىم، چېشى ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ، ماڭا يېقىنلىشىپ قالغان ياش بۆغىنى قوغلىۋەتتى ۋە مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئاندىن مېنىڭ بوينۇمدىن قۇچاقلاپ، مېنىڭ كۆزلىرىمگە يۈزىنى ياقتى:

— كەت قېرىندىشىم ... يىراقلارغا كەت ... سېنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس مەنپەئەتىنىڭ قۇربانى قىلماقچى ... مەن ئۇلارنى توسۇپ قالالمايمەن. ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئەبلەخلىرى،

ئۇلار كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بار… مەن خۇددى سەندەكلا ئاجىزمەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ساڭا قىلىدىغان ياۋۇزلۇقىغا چىداپ تۇرالمايمەن، سېنىڭ تەقدىرىڭ مېنىڭ تەقدىرىم، دەررۇ كەت، تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇ توغراقلىقتىن چىقىۋالغىن. بۇ تەرەپكە ماڭساڭ ئادەملەرگە تۇتۇلىسەن… ئۇدۇل مېڭىۋەرسەڭ، قۇملۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورمانغا، ئاندىن كېيىن تاغقا ئۇلىشىسەن. ئادەملەردىن يىراققا قاچقىن، خەير دوستۇم… ئاللا سېنى ۋە بالاڭنى ئامان قىلسۇن! ساڭا ئەرك ۋە ئىختىيارلىق ئاتا قىلسۇن!…

ئۇ مېنىڭ باش - كۆزلىرىمگە سۆيۈپ بىر ھازاغىچە قۇچاقلاپ تۇردى. مەن شۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىڭ ئانىسىنىڭ، ئۆزۈمنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغاندەك سەزدىم. پۈتۈن بەدەنلىرىم بوشىشىپ، يۈرىكىم بىر ھارارەت بىلەن ئىللىپ ئېرىدى. مەن مۇھەببەت - سۆيگۈنىڭ ھارارىتىنى، ياخشى كۆرۈشنىڭ خۇشاللىقىنى، دوستلۇقنىڭ قۇدرىتىنى، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنىڭ بۈيۈكلۈكىنى تۇنجى قېتىم ئاشۇ چىشى ئادەمنىڭ قۇچىقىدا ھېس قىلدىم. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە؟ ئۇنىڭ تومۇرىدا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان مۇھەببەت، سۆيگۈ ئېقىمى مېنىڭ تومۇرۇمدىكى مۇھەببەت، سۆيگۈ ئېقىمى بىلەن نەقەدەر ئاھاڭداش - ھە؟…

مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيمىدىم، چاناقلىرىمدىن تۆكۈلگەن ئىسسىق كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى نەم قىلدىم.

مەن ئۇنىڭ پەرىشتىنىڭكىدەك نۇرلۇق يۈزىنى، قارلىق چوققىدا ئېچىلغان مېھرىگىيانىڭ بەرگىسىدەك پاك لەۋلىرىنى پۇرىدىم، ھىدلىدىم، يالىدىم، مۇقەددەس بىر ھاياجان ئىلكىدە مەس بولدۇم، ئۇمۇ گويا بىھوش بولدى. بىز شۇ تاپتا بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتتۇق، شۇ مىنۇتتا مەن ئۆزۈمنىڭ بۆغا ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدۇق. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا بىر خىل ھارارەت، بىر خىل ھېسسىيات، بىر خىل ھاياجان جۇش ئۇراتتى، بۇ، ئادەم ۋە ھايۋان ئوخشاشلا موھتاج ۋە تەشنا بولىدىغان مۇھەببەت، دوستلۇق، قېرىنداشلىقنىڭ بېسىپ بولالماس ھاياجىنىنىڭ شىددىتى ئىدى. ھايۋاننىڭ ئەركى ئۈچۈن ئادەمنىڭ، ئادەمنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن ھايۋاننىڭ بىرلىكتە قىلىۋاتقان تەنتەنىسى ئىدى!…

مەن ئۇنىڭ بىلەن قىيماي خوشلاشتىم. تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۇ نازۇك ۋە پاك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ماڭا ئامانلىق تىلەپ قالدى. مەن ئارقامغا پات - پات ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا بىھېساب مىننەتدارلىق ۋە ئىززەت - ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە قاراپ قويۇپ، توغراقلىق تەرەپنى نىشانلاپ كېتىپ قالدىم…

يۈرىكىم ئازادلىق خۇشاللىقى ئىچىدە تىپىرلايتتى، ۋۇجۇدۇم ئەركىنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە يايرايتتى. مەن جىمجىتلىققا چۆمگەن توغراقلىق ئىچىدە كېتىۋاتىمەن، ھەممە يەردىن يېڭى بىخ ئۇرۇپ چىقىۋاتقان گۈل - گىياھنىڭ خۇش پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. مەن سۆيۈملۈك ئانا تەبىئەت قۇچىقىغا قايتىپ كەلدىم، مەن بۈگۈن كېچە يورۇق دۇنياغا قايتا تۇغۇلغانىدىم، ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇقراق مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ، جاندىنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەزىزرەك ئەركىنلىكنى تېپىۋالغانىدىم. مەن بىر قېرى توغراقنىڭ يېنىدا توختاپ، ئالىلقاچان كۆرۈنمەي قالغان «بۇغا قېرىمىسى» تەرەپكە قاراپ بايا مېنى قۇتقۇزغان ئەركىنلىك ئىلاھىغا، ئازادلىق پەرىشتىسىگە، ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ بىرسىگە ئاخىرقى قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرۈپ چوڭقۇر ھاياجان بىلەن مەرىدىم - دە، توغراقلىقنىڭ چېتىگە قاراپ چېپىپ كەتتىم.

## 23 - باب

چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمغا ئىككى كېچە - كۈندۈز بولدى. يىراقتا — قۇملۇقنىڭ ئۇ چېتىدە قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان تاغلار ئەمدى كۆكۈش كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چۈشكە يېقىن ئاپئاق قارلىق چوققىلار كۆزۈمگە ئېنىق تاشلاندى. قۇملۇقتا ھاۋا گويا بەدىنىمدىكى ماينى ئېرىتىپ سۈيۈلدۈرۈپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە ئىسسىق ئىكەن. ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق مېنى قىينايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ مەن تۇتقۇنلۇقتا بەك زەئىپلىشىپ كەتكەنىدىم. شۇڭا، ئاياغلىرىمنى بەكمۇ تەستە يۆتكەپ كېتىپ باراتتىم. مەن يىقىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم، يېتىپ قالساملا ئورنۇمدىن قوپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتەتتى. ھەر قېتىم ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلاي دەپ قالغاندا مەن ئاشۇ قارلىق چوققىلارغا قارايتتىم. ئۇ يەردە قويۇق ئورمان، ياپيېشىل ئوتلاق، مۇزدەك تاغ سۈيى، يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈلچىمەن بار ئىدى. ئانا تەبىئەت، ئانا ماكان، نەسىل - تومۇرىمىز، ئۇرۇغ - ئەۋلادىمىز مېنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

سەن قورسىقىمنىڭ ئىچىدە بارغانسېرى كۈچەپ تىپىرلاۋاتاتتىڭ. سېنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان سائىتىڭ ئاز قالغانىدى. لېكىن، مېنىڭ سېنى بۇ گىياھ ئۈنمەيدىغان، سۇسىز، ھاياتتىن نام - نىشانە يوق دەشت - جەزىرىگە تۇغقۇم يوق ئىدى. چۈنكى سەن تاغ بالىسى، ئورمان بالىسى، يايلاق ئەركىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

مەن قۇملۇق كۆچۈۋاتقىنىنى، تاغلار، ئورمانلار، يايلاق جايلاشقان تەرەپكە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئانا تەبىئەتكە پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان، زېمىنىنىڭ مۆتىدىل تەبىئىتىنى بۇزۇپ خانۇ - ۋەيرانلىقنى ئۆزىگە چىللاۋاتقان ئادەملەر ياشاۋاتقان تەرەپكە قاراپ بەكمۇ ئاستا لېكىن توختىماي، قۇدرەت بىلەن كۆچۈۋاتقىنىنى كۆردۈم. ۋاقتى - سائىتى كەلسە، بۇ ئادەملەرنىڭ جېنىغا ۋاي! ئەمەلىيەتتە ئادەملەر ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلىشقا ماھىر بولسا، تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئەلۋەتتە ئاچالايدۇ. ئانا تەبىئەت ئۆزىنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان ئەقىللىق، ئىشچان ئادەملەردىن ئۆزىنىڭ سىرىنى يوشۇرمايدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھىممىتىنى ئايىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە قارشى ئىش قىلغانلارنى رەھىمسىز جازالايدۇ. بوران، قۇم، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، ھاشارات، جۇت - شۇۋرغان قاتارلىق ئاپەتلەرنى ئادەملەر ئۆزلىرى پەيدا قىلغان — دۇنيادىكى بارلىق بىر - بىرىگە بەكمۇ نازۇك، بەكمۇ سىرلىق يىپ بىلەن باغلانغان، بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاڭلىق يوسۇندا قوپاللىق، زورلۇق قىلىپ ۋە بەزى-

لەر ئۆزى بىلىپ - بىلمەي بۇ خىل مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا تەبىئەت هەر خىل شەكىل، هەر خىل كۆلەم ۋە ئوخشىمىغان ماكان - زاماندا ئادەملەردىن ئۆچ ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئاپەتلەر ئانا تەبىئەتنىڭ ئادەملەردىن ئۆچ ئېلىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەن يەنە ئادەملەر ئارىسىدا بىر خىل ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىرىنىمۇ كۆردۈم. ئۇلار هەممىلا ئىشتا ئۆزىنىلا كۆزلەيدىكەن، ئۇلاردا هېسسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئىگىلەشكە باشلاپتۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا پەقەت ماددىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن مۇناسىۋەت قىلىدىكەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يېقىنچىلىق بىلەن يىرىكلىك، ماددىي مەنپەئەت نۇقتىسىدا پەرقلەندۈرۈۋېلىنىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، پۈتۈن زېهنى، پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئېلىشىدىكەن. كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى پۈتلايدىكەن، بىر - بىرىنى چىشلىنىش، كەچۈرۈش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقمايدىكەن. هەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت، خۇشامەت، ماختانچاقلىق ئۇلارنىڭ روهىنى بۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىشقا، بىر - بىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە بەكمۇ ئۇستا ئىكەن ۋە هېرىسمەن ئىكەن. كۆپلىرى ئازلىرىنى، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى بوزەك قىلىشنى نومۇس بىلمەيدىكەن. دېمەك، ئاز ساندىكى بۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىدىكى ئۇلۇغلۇقى ۋە ئېسىللىكىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋېتىپتۇ. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنىڭ، بىر خىل روهىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن بەك يىراقلىشىۋالغانلىقىنىڭ، تەبىئەتنى دۈشمەن تۇتقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى، ئانا تەبىئەتنىڭ سەزدۈرمەي ئۇلارنى جازالاۋاتقانلىقى!

چۆل هاۋاسى بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. مەن نىگان - نىگاندا توختاپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۆسۈپ قالغان يېگانە قامقاق ياكى يۇلغۇننىڭ ئۈچىدىن ئۈزۈپ يەپ، يولنى داۋام قىلىپ كېتىۋاتىمەن. تاغ باغرىدىكى قارىغايزار ئورمانغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالدىم. مەن ئورمان تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئات - كالا، قوينىڭ هىدىنى سەزدىم، ئادەم هىدىمۇ كېلىۋاتىدۇ، يايلاققا ئاز قالغىنىمنى بايقىدىم، ئەمدى ئېهتىيات قىلماسام بولمايتتى. مەن قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ قۇمنىڭ ئىچكىرىسى بىلەن مېڭىپ، ئادەم هىدى كېلىۋاتقان يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، قەدىمىمنى تېزلەتتىم.

خېلى يۈردۈم. ئورمانغا يېقىنلاپ كەلگەنسېرى تېتىكلىشىپ كەتتىم، ئەزايى - بەدىنىمگە قايتىدىن كۈچ قونۇپ، قۇۋۋەت ئۇلاشقاندەك بولدى...

بىردىنلا يۈرىكىم ئەنسىزلىك ئىچىدە ئاسقىپ كەتتى. يېقىنلا يەردىن ئادەمنىڭ هىدى كەلدى؛ مەن چۆچۈپ ئورنۇمدا «چىپپىدە» توختىدىم ۋە ئەتراپنى تۈيغۇنلۇق بىلەن كۆزەتتىم. شۇ تاپتا قۇم بارخىنى كەينىدە پايلاپ ياتقان قايسىبىر ئوۋچىنىڭ مىلتىقىنىڭ ئاغزى چېكەمنى مولجاللاپ تۇرامدىكىن، دېگەن خىيال مېنى قورقۇنچقا سالماقتا ئىدى. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن ئۇ دۇنياغا تۈگىمەس ئەلەم ئىچىدە كېتەر ئىدىم. چۈنكى، ئانا ئورمان، ئانا ماكان بىر يۈگۈرسەم يەتكۈدەك يەردىلا تۇراتتى... مەن ئۇ يەرگە قەدەم قويۇپلا ئانا بولۇش شەرىپىگە، ئۆز باغرىمنى يېرىپ چىققان يېگى

www.uyghurkitap.com

ھاياتنى كۆرۈش، سۆيۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولار ئىدىم.

مەن ئاخىر نېمىلا بولمىسۇن ئالدىمغا قاراپ مېڭىش ــ ئۇرمانغا بىر قەدەم بولسىمۇ يېقىنراق بېرىۋېلىش قارارىغا كەلدىم. ماڭا ئارقامدىكى مەھكۇملۇق، تۇتقۇنلۇق ۋە خورلۇقتىن ئالدىمدىكى ئۆلۈم ياخشى ئىدى. يىقىلساممۇ ئانا تەبىئەتنىڭ قۇچىقىغا يىقىلارمەن. ئۆلسەممۇ تەبىئەتنى قۇچاقلاپ ئۆلەرمەن...

مەن ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم... ئالدىمدا غايەت زور بىر قۇم بارخىنى غودۇيۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە، ئېھتىيات بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتىم، ئۇشتۇمتۇت ئالدىمدا ــ مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ تۈۋىدە بىر قارا ـ قۇرا نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، چۆچۈپ كەتتىم.

مەن ئورنۇمدىن قىمىرلىماي ھېلىقى قارا ـ قۇرا نەرسىگە سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ يەردە ياپيالىڭاچ بىر ئادەم ئوڭدىسىغا يىقىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى قۇمغا كۆمۈلگەن ئىدى. «بۇ نېمە ئادەمكىنە؟... بۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ پېژقىرما ئىسسىقتا قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتىدۇ؟...» بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى ئۇ ئادەمدىن ماڭا بىرەر خەۋپ يەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەندىم ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇ ئادەم ياتقان يەرگە قاراپ ماڭدىم.

بۇ بىر ئۆسمۈر بالا ئىدى. بالىنىڭ ئاياغ تەرىپىنى قورسىقىغىچە قۇم كۆمۈۋېتىپتۇ. قارىغاندا، بۇ يەردە ياتقىلى خېلى ئۇزۇن بولغان ئوخشايدۇ. ئۇ بالا مۇشۇ يەردە يەنە ئازراق ياتسا، پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا قالىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن ھېلىقى ئۆسمۈرگە يېقىنلاشتىم. ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، لەۋلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كېتىپتۇ. تېخى جېنى بار ئىكەن. بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەپەس ئېلىۋېتىپتۇ... ئۇنىڭ تاشلىنىپ ياتقان بىر قولىدا ئاتنىڭ يۈگۈنى سىقىمداقلىق ئىدى، قارىغاندا، ئادەم بالىسى ئات ئىزدەپ چىقىپ يولدىن ئاداشقان ۋە كېيىن ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىقتىن ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالغان بولسا كېرەك.

مېنىڭ كۆڭلۈم باشقىچە بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا دۇنياغا يېڭى بىر ھايات تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان ئانا ئالدىدا بىر جان، تېخى تولىمۇ ياش بىر جان ئۆلۈۋاتاتتى. دېمەك، مەن ئانا مەن! ئانا ــ دۇنياغا ھايات تۇغقۇچى، ئانا ــ ئۆلۈم قالدۇرغان مۇدھىش بوشلۇقنى تولدۇرغۇچى، ئانا ــ ئۆلۈم بىلەن كۈرەشكۈچى، ئۆلۈمدىن ھاياتنى تالاشقۇچى...مەن ھېچ ئويلاپ تۇرماي تۇمشۇقۇم بىلەن ئۇنى تۈرتۈپ سىلكىپ تارتقۇشلىدىم. ئۇ سەل قىمىرلاپ ئېڭىرىغاندەك قىلدى، ئۇ تېخى ھايات ئىدى.

مەن ئۇنى قۇمدىن بېلىگىچە تارتىپ چىقاردىم. ئاندىن پۇتۇم بىلەن ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قۇمنى قېزىپ، پۇتلىرىنى ئاچتىم. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ قولىدىكى سىقىمداقلىق يۈگەن تاسمىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن پۇتۇم بىلەن يۈگەن تاسمىسىنى ئۇنىڭ گەجگىسى بىلەن قوشۇپ ئىككى قولتۇقىدىن ئۆتكۈزدۈم، ئاندىن يۈگەن ئېغىزدۇرۇقىنى ئېغىزىمغا سېلىپ كۈچەپ تارتتىم. ئەمدى ماڭا سەل ئوڭاي چۈشتى. مەن غەيرەت ۋە ئىشەنچكە كېلىپ، ئادەم بالىسىنى ئېقىۋاتقان يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ئورمان تەرەپكە قاراپ

سۆرەپ مېڭىپ كەتتىم. ئادەم ھوشسىز ھالەتتە ئوڭدىسىغا يېتىپ سۆرۈلۈپ كەلمەكتە. مەن ۋۇجۇدۇمدا قالغان ئاخىرقى كۈچ ۋە قۇۋۋىتىمنى، تەبىئەت ھايۋاناتقا ئاتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىدارىمنى ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە سەرپ قىلىپ، تىرەجەپ تىرمىشىپ كېتىپ باراتتىم. گاھىدا ماغدۇرسىزلىقتىن دەلدۈگۈنۈپ تىزلىنىپ قالاتتىم. شۇنداق چاغدا «مەن ئانا!» دېگەن بىر مۇقەددەس تۇيغۇ «ھاياتنى قۇتقۇزۇش!» دېگەن بىر قۇدرەتلىك ئەقىدە مېنى ئاياغقا تۇرغۇزاتتى. مەن يەنە ئالدىمغا قاراپ مېڭىپ كېتەتتىم.

ئۆلۈم ئوپقاندەك لۆمشۈپ-ھاسىراپ ياتقان پايانسىز قۇملۇق دەشتتە، ماغدۇرسىزلىقتىن ھېلىلا يىقىلىپ قېلىش ھالىغا كېلىپ قالغان بىر بوغاز بوغا تەشنالىقتىن ھوشىنى يوقاتقان، ئەجەل قوچىقىدا جان تالىشىۋاتقان قىپيالىڭاچ بىر ئادەمنى ئورمان تەرەپكە قاراپ تىرىشىپ-تىرمىشىپ سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزىنى خورلىغان ئادەم بالىسىنى بالايىئاپەتتىن، ئۆلۈمنىڭ قوچىقىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئورمان تەرەپكە — ئادەم بالىسى يۈز ئۆرۈگەن يېشىل ھايات قىرغىقىغا، ئانا تەبىئەتنىڭ قوينىغا سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ...

ئاھ، جېنىم بالام، مۇشۇ كۆرۈنۈشنى ھېلىقى ئادەملەر — مېنى تۇتۇپ باغچا دائىرىلىرىگە ساتقان، مېنى قەپەزگە سولاپ ئەركىمنى دەپسەندە قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئاچقان، مېنى ۋە سېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ چوڭلىرىنىڭ نەپسىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيىتىنى قاندۇرماقچى بولغان، گۇناھسىز ئانا-بالا بوغىنى رەھىمسىزلەرچە قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ تويماس قارنىنىڭ تاقىتىنى باسماقچى بولغان ئادەملەر كۆرگەن بولسا نېمىلەرنى ئويلىشار ئىدىكىن، تاڭ؟!... ياق بالام، مەن مىننەت قىلىۋاتقىنىم يوق! ھەرگىز ئۇنداق ئويلاپ قالمىغىن. ئۇنداق ئويلىساڭ ماڭا ھاقارەت بولىدۇ. كېرەك بولسا، بىز ھاياتقا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى قۇربان قىلالايمىز. بىز ھايۋاناتلار بۇ دۇنياغا ھاياتنى قوغداش ئۈچۈن يارالغانمىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بىر ئانا مەن! ئانا پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. لېكىن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، پەقەت مانا مۇشۇلا!... مەن تامىقىم قۇرۇپ، ئاياغلىرىمدىن ماغدۇر قۇرۇغاندا ئادەم بالىسىنى بىر يانتۇ تۆپىلىكتىن سۆرەپ ئۆتۈپ پەسكە سىيرىلدىم. قۇملۇقمۇ شۇ تۆپىلىك بىلەن چەكلەنگەنىدى. ئەمدى بىزنىڭ ئالدىمىزدا باھار قوچىقىدا يايراپ ياتقان كۆپكۆك ۋادا، ئۇنىڭ نېرىسىدا گۈۋۈلدەپ تۇرغان قەدىمكى ئورمان، ئورماننىڭ نېرىقى چېتىدە چوققىسىدا ئاپئاق قار يالتىراپ تۇرغان ئېگىز تاغ، يېشىل نۇرغا كۆمۈلۈپ، ھايات خۇشاللىقىدا كۈلۈمسىرەپ ياتقان ئانا تەبىئەت غۇلىچىنى تاشلاپ باغرىنى ئېچىپ ياتاتتى. مەن ھېلىقى ئادەم بالىسىنى تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى ئەمدى بىخلاۋاتقان چىملىقنى ئارىلاپ ئېقىۋاتقان تار ئېرىقنىڭ بويىغا سۆرەپ كەلدىم-دە، ئۇنى چىملىقتا قالدۇرۇپ، ئۆزۈمنى ئوخچۇپ-ئويناپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىگە ئاتتىم ۋە مۇزدەك سۇنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىشكە باشلىدىم. سۇ سوغۇق ۋە سۈزۈك ئىدى. قۇرۇغان يۈرىكىم تاغ سۈيىگە چىلاشقۇچە ئىچتىم، يىگىلەپ قالغان تومۇرلىرىم ياشاردى. سۇ سولاشقان بەدىنىمگە قان ۋە جان بولۇپ قوشۇلدى، ۋۇجۇدۇم، جىسمىم، دەرد-ئەسرادىن خالاس

بولۇپ، نۇر - زىيا كۆزۈمدىن، روشەنلىك كۆڭلۈمدىن، كۈچ - مادار ئاياغلىرىمدىن ئۆزلىرىگە جاي تاپتى. مەن تاغ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، ئېقىن سۇغا باغرىمنى چىلاپ ياتتىم، يۇيۇندۇم، تارانىدىم ئادەملەر ياشايدىغان شەھەرنىڭ ناپاك ھاۋاسىدا بۇلغانغان ۋۇجۇدۇمنى پاكلىدىم، تۈكلىرىم يالتىراپ، تۇياقلىرىم پارقىراپ كەتتى. جىسمىمغا ئىلگىرىكى گۈزەللىكىم، ئۇزلۇقۇم، خۇش پىچىملىقىم، لىۋەنلىكىم قايتىپ كەلدى...

كېيىن مەن قىرغاقتا بىھوش ياتقان ئادەم بالىسىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئاغزىمغا سۇ ئالدىم - دە، قىرغاققا چاپچىپ يۈگۈرۈپ چىقتىم، ئاندىن ھېلىقى ئادەم بالىسىنىڭ باشكۆزىگە ئاغزىمدىكى سۇنى ساقىتتىم. تاغ سۈيى ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى باسقان قۇم - تۇپراقنى يۇيۇپ ئېقىتىپ ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرسەتتى. ئادەم بالىسى جاۋغىيىغا، كالپۇكىغا سىرغىپ چۈشكەن لاي - لاتقا سۇ تامچىسىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالىدى، ئاندىن بىردىنلا «لاپپىدە» كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزى بىرىنچى بولۇپ ئەينەكتەك سۈزۈك كۆك ئاسمانغا تىكىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىدە ھاياتلىق ئۇچقۇنى پارلاپ، لەۋلىرىدە بىر تاتلىق كۈلۈمسىرەش زاھىر بولدى. ئۇ بىردىنلا مېنى كۆرۈپ قالدى، شۇچاغدا ئۇنىڭ كۆزىدە چۆچۈش، ھەيرانلىق ئەكس ئېتىپ، ماڭا تىكىلىپ قاراپ قالدى. مەن ئۇنىڭ تولۇق ھوشىغا كەلگىنىگە ئىشەندىم - دە، ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىش تەرىقىسىدە قاراپ قويۇپ، ئورمان تەرەپكە قاراپ چاپتىم. بىر چاغدا مەن كۈچسىزگىنە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئورنۇمدا توختاپ ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. ھېلىقى ئادەم بالىسى ئەمدى ئورنىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ماڭا قاراپ قوللىرىنى كۈچسىز پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. مەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆپكۆك دالىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئورمان تەرەپكە چېپىپ كەتتىم. ئۇ ئادەم بالىسى ماڭا قاراپ نېمىلەرنى دېدىكىن؟ نېمىشقا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ، ماڭا تەشەككۈر ئېيتىۋاتامدۇ، ياكى مېنى قاراپ تۇرۇپ قاچۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ ھەسرەت چېكىۋاتامدۇ؟...

ئاھ، بۇ ئادەملەر!

مەن ئادەملەر ئىچىدە ئالۋاستى تەبىئەتلىك ئادەملەرنى كۆردۈم. ھاياتنى بۇزۇۋاتقان، تەبىئەتنى خانۇ - ۋەيران قىلىۋاتقان ئادەملەرنى، پەقەت ئېلىنىشنىلا، يوقىتىشنىلا بىلىدىغان ئادەملەرنى كۆردۈم. مەن يەنە بىر تال گۈلنى، بىر تال چۆپنى، بىر تۈپ دەرەخنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان، ھايۋانات، ئۇچار - قاناتنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىدەك قەدىرلەيدىغان، زېمىننى، تەبىئەتنى ئانا ئورنىدا ئۇلۇغلايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنىڭ دوستى، زېمىننىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقان نومۇسچان، ھايالىق، پېشانىسىدە نۇر - زىيا بالقىپ، قەلبىدە پاك، غەرەزسىز ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببەت كۆۋەجەپ تۇرغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار ھاياتنى قۇتقۇزۇۋېتىپتۇ، دۇنيانى بېزەۋېتىپتۇ. ئانا تەبىئەت ئۈچۈن ئىخلاسمەن، ۋاپادار پەرزەنت سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ. قۇملۇق باياۋان چۆللەرگە دەرەخ تىكىپ، ئۇ يەرنى بوستان قىلىپ گۈلباغ ياساپتۇ. دەشت - جەزىرىگە سۇ باشلاۋېتىپتۇ. بارغان يېرىدە دەرەخ تىكىپ، ئولتۇرغان يېرىدە گۈل تېرىۋېتىپتۇ، تاقىر

سايلارغا ئوت - چۆپ تېرىۋېتىپتۇ، ئادەملەر ھايۋاناتلار، چۆپ - گىياھلارغا ئاپەت بولۇۋاتقان كېسەللىكلەر بىلەن، شۇنداقلا ھېلىقى ئالۋاستى تەبىئەتلىك ئادەملەر بىلەن ھاياتنى قوغداش، تەبىئەتنى قوغداشنى مەزمۇن قىلىپ، ھارماي كۈرەش قىلىۋېتىپتۇ... بۇ ئادەملەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى پەرىشتە سۈپەت كىشىلەر ئىكەن... مۇبادا مۇشۇ ئادەملەر غەلىبە قىلسا، ئۇ چاغدا كەلگۈسى دۇنيانىڭ ئىستىقبالى كۈندەك پارلاق بولۇپ كېتەر ئىدى.

مەن بايىقى ئادەم بالىسىنى ئەجەل تىرنىقىدىن قۇتقۇزۇۋالغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رەھمەت، تەشەككۈر كۈتمەيمەن. پەقەت مۇشۇ ئىش سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتنىڭ بىر تال ئۇرۇقى بىخلانسا، سۆيگۈنىڭ بىر تال مايسىسى كۆكلەپ مېۋە بەرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ چەكسىز بىر خۇشاللىق بولار ئىدى، مەن پەقەت مۇشۇنىلا تىلەيتتىم...

## 24 - باب

ئۇزۇن ئۆتمەي سەن تۇغۇلدۇڭ، يۈرىكىمگە بەخت شادلىق قىيامى قۇيۇلدى. ئۆزۈم گويا بىردىنلا تاغدەك يۈكسەك، ئورماندەك باي، تاغ گۈللىرىدەك شادىمان، زېمىندەك قېرىماس، ئادەملەردەك كۈچلۈك، ئەقىللىق ۋە تەسەۋۋۇرچان، تاغ سۈيىدەك ھارماس، قۇشلاردەك خۇشئاۋاز، سەرۋىدەك قامەتلىك، شامالدەك چاپقۇر، توزدەك گۈزەل بولۇپ كەتتىم. ئانا خۇشاللىقى تەبىئەتنىمۇ كۈلدۈردى. سېنىڭ تۇغۇلغىنىڭغا ئورمان تەنتەنە قىلىپ گۈركىرىدى، تاغلار ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بېشىنى ئەگدى، گۈللەر شادلىنىپ خۇش پۇراق چاچتى، سۇلار ئۇقچۇشۇپ ۋىلىقلاپ كۈلدى، ھاۋا سىلكىنىپ دولقۇنلاندى... ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى كۆرۈملۈك ئورنىدا ساڭا ئىنئام قىلدى، ماڭا مۇبارەك سوۋغىسى قىلدى، زېمىن سېنى ۋە مېنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى... قۇياش سېنىڭ مەڭزىڭگە، مېنىڭ پېشانەمگە سۆيدى...

لېكىن ئادەملەر... ئاشۇ ئادەملەر سېنى تۇتقۇن قىلدى... جېنىم قوزام، يۈرەك پارەم، كۆزۈمنىڭ قارىسى، شۇ تاپتا سەن نېمە كۈننى كۆرۈۋاتىدىغانسەن؟! ئاسارەت ۋە خورلۇق سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئېزىۋاتقاندۇ؟ ۋەھىمە ۋە قورقۇنچتىن ۋۇجۇدۇڭ يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقاندۇ؟ يېتىملىك، تەنھالىق، يېگانىلىقتىن چىرايلىق كۆزلىرىڭ ياشلانغاندۇ؟

مەن شۇ تاپتا سېنى تۇغقىنىمغا مىڭلارچە ئۆكۈنۈۋاتىمەن. ئاشۇ بۇغا فېرمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ قولىدا ئۆلسەممۇ بولغانىكەن. ئۇ چاغدا سەنمۇ بۇ كۈنگە قالماس ئىدىڭ، مەنمۇ ئۆزۈمگە بۇنچە ئېغىر دەردنى تېپىۋالماس ئىدىم...

جىگەرىم بالام! مەن قۇملۇقتىن چىقىپ ئورمانغا قەدەم تاشلىغىنىمدا، يۈرىكىم قايتا ئېرىشكەن ئەركىنلىك خۇشاللىقىدا يېرىلىپ كەتكىلى ئاز قالغانىدى، لېكىن ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى خۇشاللىقىمنىڭ ئورنىنى يەنە ھەسرەت، پىغان،

www.uyghurkitap.com



ئۈمىدسىزلىك ئىگىلىدى، چۈنكى ئورمان ئىچىدە چېرىپ ياتقان بۇغا ئۆلۈكلىرىنى ئۇچراتتىم. ئۇلار تېخى ياش، بەرنا، زەبەردەس بۇغىلار ئىدى. «ئادەملەر بۇغىلارنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلماقچىدۇر؟» دەپ ئويلاپ قالارسەن. مەن ئاشۇ ئۆلۈپ ياتقان بۇغىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندىم — ئۇلارنىڭ ئەركەكلىرىنىڭ مۈڭگۈزلىرى ۋە چاندىرى كېسۋېلىنىپتۇ، چىشىلىرىنىڭ بالىياتقۇسى سۇغۇرۇۋېلىنىپتۇ... ئۇلار: «بۇغىنىڭ بۇ ئەزالىرىنى يېسەك قېرىمايمىز، ئۆلمەيمىز» دېيىشىدىكەن... شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى ناھايىتى قىممەت باھادا ساتىدىكەن، چوڭلىرىغا سوڭگۈتۈپ، ئۇنىڭغا ئەمەل-ھوقۇق، ئورۇن، ئىمتىياز يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشىدىكەن... مەن يەنە يول بويى ئادەملەرنىڭ ئورمانلارغا ئوت قويۇۋاتقىنىنى كۆردۈم. ئۇلار ئورمانغا ئوت قويۇپ، ئورمان ئىچىنى پاناھلىغان ھايۋاناتلارنى ئورمان سىرتىغا قوغلاپ چىقىپ، ئۇ يەردە ئۇلارنى ئوققا تۇتىدىكەن.

مەن يەنە ئادەملەرنىڭ دەرەخلەرنى شەپقەتسىز تۈردە كېسىۋاتقانلىقىنى، كۈن نۇرى ئۆتەلمەيدىغان ئورمانلارنىڭ ئەمدىلىكتە تاقىر تېپىرغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن يەنە ئادەملەرنىڭ «سۇغىگۈل، چۈچۈك بۇيا يىلتىزى قازىمىز» دەپ ئوتلاقنى، ئورماندىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى تولۇم چاشقاندەك كولاپ، قېزىپ، ھۆتمە-تۈشۈك قىلىۋەتكەنلىكىنى، بۇ يەردە ھەرخىل گۈل-گىياھنىڭ، ياش نوۋەر تال-كۆچەتلەرنىڭ، ھەرخىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى قىرقىلىپ، دەسسەپ-چەيلىنىپ، قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئادەم تىكسە، ئادەم ئۈنگۈدەك ئاشۇ مۇنبەت يەرلەرنىڭ دەشت ۋۇلۇققا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم...

بالام، سېنى بۆرىدىن قۇتۇلدۇرغانىدىم. بۆرە پەقەت ئۆزىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن بىر كۈنلۈك ئوزۇققا موھتاج بولۇپ بىزنى قوغلىدى. ئۇ پەقەت قوغلىيالايدۇ، يېتىشۋېلىپ تۇتۇۋالسا ئۇنىڭ رىسقى، چۈنكى ئۇنىڭغىمۇ ھايات كېرەك. قوغلاپ يېتىشەلمىسە، ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ ئۆز ئورنىدا قېلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانچە ئاچ بۆرىمۇ ئۆزىنىڭ بىر ۋاقلىق ئوزۇق ئېھتىياجىدىن ئاشۇرۇپ ئوۋلىمايدۇ، شۇڭا بۆرە بىلەن بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزدا باشتىن-ئاخىر بىرخىل مۇۋازىنەت ساقلىنىپ كەلمەكتە! لېكىن ھېلىقى ئادەملەرچۇ؟ ئۇلار بۆرىگە قارىغاندا، ئىقتىدارلىق — قوغلايدۇ، ئوت قويىدۇ، تۇتىدۇ، يېتەلمىسە ئاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ئادەملەرنىڭ نەپسى گويا ئوپقاندەك تەگسىز... ئۇلار تويمايدۇ، قانمايدۇ... ئۇلارنىڭ نەپسانىيىتى يەرنىمۇ يۇتىۋېتىشكە، ئوتنى— دوزاق ئوتىنىمۇ يالماشقا تەييار. سەن مانا شۇ ئاز ساندىكى ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ تۇتقۇنىسەن! ئۇلار ۋەھشىي بولمىسا سېنى تۇتۇپ كەتمەس ئىدى. شۇ تاپتا مېنىڭ يۈرىكىم سەن ئۈچۈن لەختە-لەختە قان! تومۇرۇمدا زەرداب ئاقىدۇ! مەن سەندىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. مېنى كەچۈرگىن، جېنىم قوزام! ئاز ساندىكى تەبىئىتى بۇزۇلغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا چارىسىز قالغان بىچارە ئاناڭنى كەچۈرگىن!

ماڭا، ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئەرك ھەدىيە قىلىنغانىدى. شۇنىڭ ھارايىتىدىن سېنى ساق-سالامەت تۇغقان ئىدىم، ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئالۋاستىسى سېنى مېنىڭ باغرىمدىن زورلۇق بىلەن يۇلىۋالدى! ئەمدى ماڭا ئۇنداق ئەركىنلىكنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق! بۇنداق ھاياتنىڭمۇ قەدىر-قىممىتى يوق! ئەمدى مەن ئۆلىمەن! ئەلەم بىلەن ئۆلىمەن! ئەلۋىدا، بەختسىز قوزام! ئەلۋىدا، كۆڭلى قارا، پېشانىسى تەتۈر بولۇپ تۇغۇلغان كۆز قارام! مېنى كەچۈرگىن! مەندىن رازى بولغىن! مۇبادا پەرىشتە سۈپەت ئادەمگە، ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىگىلەيدىغان مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنى ھايات بايرىقى قىلغان ئادەملەرگە يولۇققان بولساڭ ئامان قالارسەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت! ھاياتقا خىزمەت قىل، تەبىئەتكە خىزمەت قىل، ئانا زېمىنىڭگە خىزمەت قىل، پەرىشتە سۈپەت ئادەملەرگە خىزمەت قىل! مۇبادا ئالۋاستىسىمان ئادەملەرگە تۇتقۇن بولۇپ، ئۆلۈم—ھالاك بولۇش قىسمىتى پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بولسا، غۇرۇرۇڭ بىلەن پاكلىقىڭنى ساقلاپ ئۆلگىن! ئۆزۈڭنى خارلىغۇچە، دۈشمىنىڭنى زار قىل! ئۇلار سېنى خۇددى مېنى باققاندەك مەلۇم ۋاقىت باقار، لېكىن سەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالما! چۈنكى ئادەملەر قويىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بوردايدۇ!

سەن بۇغا ئەۋلادى، تەبىئەت ئەركىسى، زېمىننىڭ ئەززۇسى سەن! مەندەك ئانىنىڭ ئوغلىسەن! ئەسلىڭنى ئەستىن چىقارما! بورچۇقىڭنى ئۇنتۇما! پاك ياشاپ، پاك ئۆل! ئەلۋىدا بالام! ئەلۋىدا!...

ئانا بۇغا بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاققۇزۇپ، دەلدۈگۈنۈپ ئارقىسىغا قاراپ ئاخىرقى قېتىم: «ئەلۋىدا بالام!» دەپ مەرەپ ئۆزىنى تىك ھاڭغا تاشلىدى. بۇغا بالىسى ئانىسىغا ئېتىلىپ باقتى. لېكىن زادى ماڭالمىدى. ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۈۋرۈنىنى بىر تاش بېسىۋالغانىدى. پۇتىنى زادى سۇغۇرۇپ ئالالمىدى. ئاخىرى ئۇ زار-زار يىغلاپ ھەسرەت بىلەن نالە قىلىپ مەردى:

—ئانا!...مېنى بىللە ئېلىپ كەت، جېنىم ئانا!...

بۇغا بالىسى تۇيۇقسىز ياڭرىغان كاناي ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلانغانىدى. پۈتۈن تېنى غال-غال تىترەيتتى. ئۇنىڭ تېخىچە ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرى كاناي ئاۋازى بىلەن تەڭ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ئالدىراش كىيىنىۋاتقان ئادەملەرگە تەگسىز نەپرەت، قورقۇنچ ئىچىدە چەكچىيىپ قارىدى. ئادەملەر بىردەمنىڭ ئىچىدە كىيىنىپ، ئالدىراشلىق بىلەن تالاغا قاراپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

بۇغا بالىسى چۈشىدە ئايان بولغان ئانىسىنىڭ تۇرقىنى خاتىرىسىدىن يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئاستاغىنە كۆزىنى يۇمدى، تاڭ يورۇقى ئاستا-ئاستا يېيىلىپ كېلىۋاتاتتى...

## 25 - باب

جەڭچىلەر ئەتىگەنلىك يۈگۈرۈشتىن قايتىپ كېلىشىپ بەزىلىرى يۈز يۇيۇشقا، بەزىلىرى تام مەشكە ئوت يېقىشقا ۋە بەزىلىرى ياتاق تازىلاشقا كىرىشىپ كېتىشتى.

بۈگۈن ئىشقىيار ئەتىگەنلىك يۈگۈرۈشكە خۇددى بىرسى غولىدىن ئىتتىرگەندەك كەيىپسىز هالدا قاتناشتى. ئۇنىڭغا ئادەتتە قىسقا بىلىنىدىغان يۈگۈرۈش مۇساپىسى بۈگۈن بەكمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك، هەر كۈنى جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ چىقىدىغان قارىغايزار تۆپىلىك بۈگۈن باشقىچىلا تىكلىشىپ ئېگىزلەپ كەتكەندەك بىلىنىدى. ئۇ، ياتاققا قايتىپ كېلىپلا بۆگۈلىكىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى-دە، قوللىرىنى جۇۋىسىنىڭ يېڭىگە جەينەكلىگىچە تىقىپ دۈگدىيىپ يېتىۋالدى. جەڭچىلەر ئىشقىياردىكى ئۆزگىرىشتىن هەيران بولغاندەك بىر-بىرىگە قارىشىپ قويدى.

—ئىشقىيار، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

—تۈنۈگۈن شامال تەگدى-دە...

—مە، مۇنۇ دورىنى ئىچىۋەت...

ئىشقىيار هېچكىمنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي كۆزىنى يۇمغىنىچە يېتىۋەردى. خارىس ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ جۇۋىسىنى يېپىپ قويدى. كىمدۇر بىرسى ئىشقىيارغا زۇكام ئېشى بۇيرۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن زاپخوزنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن ئىشقىيارنىڭ پەقەتلا تاۋى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تېنى قىزىپ، چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى، قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئادەتتە ئۇنىڭ مەڭزىدە ساغلاملىق ۋە كۈچنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىزىللىقى يوقاپ، كۆزىنىڭ چۆرىسى قارىداپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ، كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتالمىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى نېمىدۇر تاتىلايتتى. تاڭغا يېقىن ئۇخلىغاندەك قىلىۋېدى، لېكىن يەنە قاتتىق قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇشى بىلەنلا بايىقى كۆك يايلىق چېشى بۆرىنىڭ قانغا مىلەنگەن بېشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. بۆرىنىڭ بىر جۈپ كۆزى چەكچەيگەنىدى. ئۇ كۆزلەردە كىشىنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان بىر خىل ۋەهىمىلىك ئوت ياناتتى. بۆرىنىڭ بېشى تۇرۇپلا بوۋىسىنىڭ بېشىغا ئايلىنىپ قالاتتى. بوۋىسىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىمچىلاق پاتقۇچىلىك تۆشۈك تۇراتتى. ئۇ تۆشۈكتىن قىپقىزىل قان سىرغىپ، بوۋاينىڭ ساقىلىنى بويلاپ ئېقىپ يەرگە تامچىلايتتى، قان تامچىلىرى يىغىلىپ، ئۇلغىيىپ شارقىراپ ئېقىپ، يەردىكى بىر چۈشىنىكسىز تۆشۈككە قۇيۇلاتتى. گاهىدا بوۋىسىنىڭ ساقىلىدىن تامچىلاۋاتقان قان ئىشقىيارنىڭ يۈزىگە چېچىلاتتى. ئۇ ئالقىنى بىلەن قاننى سۈرتمەكچى بولاتتى، لېكىن سۈرتكەنسېرى ئۇنىڭ يۈزى قانغا بويىلاتتى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىككى قولى چىلىق-چىلىق قان بولاتتى.

تۇيۇقسىز ياڭرىغان ئورنىدىن تۇرۇش سىگنالى ئىشقىيارنى قورقۇنچلۇق چۈشىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالدى. پۈتۈن ئەزايىنى مۇزدەك تەر باسقان، بەدىنىدە مىسقالچە

كۆچ ـ قۇۋۋەت قالمىغان ئىشقىيار ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ كيىندى...ئۇ شۇدەمدە ۋۇجۇدىغا ئىچ ـ ئىچىدىن بىر تىترەك ئولىشىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتى. ئۇ قورۇغان لەۋلىرىنى كۆچ بىلەن يالىدى، ئورنىدىن قوپۇپ كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇردى، مۇشۇنداق يېتىۋەرسە ئورنىدىن قوپالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندى...ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ چىشىنى مەھكەم چىشلىۋالدى. ھېلىقى تىترەك بارغانسېرى كۈچىيىپ تېشىغا تېپىۋاتاتتى. ئىشقىيار كۆزىنى يېرىم ـ ياتا يۇمۇپ، بېشىنى سالغىنىچە ياتقان بۇغا بالىسىغا قارىدى، بۇغا بالىسمۇ تىترەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى سالپىيىپ، تۈكلىرى تەتۈر يېتىپ كەتكەنىدى. ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى بىر قىسما بولۇپ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى ـ دە، بۇغا بالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى. بۇغا بالىسى چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ تىپىرلاپ يۇلقۇندى، ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ، بۆرىنى مۇشۇ بىچارە جانىۋارنى دەپلا ئېتىپ تاشلىغان ئىدىغۇ؟! مۇبادا بۆرىنى ئاتمىغان بولسا، بۇ ئاجىز مەخلۇق ئامان قالمىغان بولار ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ كۆز ئالدىدا بىر كۈچسىز، گۇناھسىز بىچارىنىڭ بۆرىگە يەم بولۇشىغا چىداپ تۇرالامتىكىن؟ ئۇ چاغدا يەنە قانچىلىك ئازابلىنار ئىدىكىن ـ ھە؟ ئىشقىيار ئۇتتەك قىزىق ئالقانلىرى بىلەن بۇغا بالىسىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى. نېمىشقىدۇر بۇغا بالىسىنى سىلىغان بىلەن تەڭلا ئىشقىيارنىڭ كۆڭلى «پاللىدە» يورۇغاندەك بولدى. ئۇنىڭ جىسمى گويا ئۈستىدىن قارا تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ، كۆڭلىنى بىر خۇشلۇق ئىگىلىدى:

— مۇڭلانما جىگەرىم! — ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىغا يېنىك شاپىلاقلىدى، — ھەممىمىز ياخشى، سەنمۇ، مەنمۇ...ھەممىسى!... ياشاشقا رىسقىڭ بار ئىكەن. كەڭرى دۇنيا ساڭا قۇچىقىدىن جاي بېرىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ياشايمىز... بېشىڭنى تىك تۇت! ئەسكەرنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىسەن... غەم قىلما... بىز ئەسكەرلەردەك غەيرەتلىك بول ئاغىنە...— ياتاقتىكى جەڭچىلەر ئىشقىيارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ئۇنىڭغا شۈبھىلىك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ چەكچىيىپ قېلىشتى، ئۇلار شۇ تاپتا ئىشقىيارنى «قىزىتمىسى ئۆرلەپ جۆيلىۋاتامدىكىن» دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئىشقىيار ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىتىكى جەڭچىلەرگە قاراپ خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ، — مۇشۇ بىچارىنى ئۆز سېپىمىزگە قوشۇۋالايلى... ئادەمدىن قورقىدىغان مۇشۇ مەخلۇق، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ـ ئەسكەرنىڭ يۈرىكىنى بىر بىلىپ قالسۇن...

ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. جەڭچىلەر ئىشقىيارنىڭ ئىسسىتمىدىن ئەمەس، ئەكسىچە بىر ئىچكى ھاياجانىنىڭ كۈچىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ياتاقنىڭ ھاۋاسى ياش يىگىتلەرنىڭ قوۋناق كۈلكىسى بىلەن يېڭىلىنىپ ياشارغاندەك بولدى.

شۇ كۈنى چۈشتە روتا بويىچە يىغىن چاقىرىلىپ، ئىيۇلدا ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە پولك نامىدىن قاتنىشىدىغان ئوددىلىنىيىنى مۇشۇ روتىدىن تەشكىللەپ ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش يەتكۈزۈلدى.

پولكىنىڭ ئىشەنچى جەڭچىلەرنى خۇشال قىلدى. ئۇلار يىغىن مەيدانىدىن چىقىۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىدىكى نامزاتلار ئۈستىدە قىزغىن تالاشتى.

ئىشقىيارلارنىڭ ئىزۋودىدىن ھەممىسى بىردەك ئىشقىيار بىلەن خارىسنى كۆرسىتىشتى. باشقا ئىزۋودلارمۇ ئۆز نامزاتلىرىنى مەلۇم قىلىشتى، ئەمدى روتا رەھبەرلىكى بېكىتىسىلا بولاتتى.

ئىشقىيارنىڭ كەيپى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. سەپداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە ئىرادە بېغىشلىدى. كەچقۇرۇن ئىشقىيار زاپېخوز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن بۇغا بالىسىنىڭ يېمى ئۈچۈن ئازراق كېپەك ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. زاپېخوز چۈشتە ئىشقىيارنىڭ ياتىقىغا كېلىپ بۇغا بالىسىنى كۆرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى.

— خاتىرجەم بول يىگىت، ئۇ ھەممىمىزگە ئوخشاشلا قەدىرلىك، بىر نېمە قىلىپ بېقىپ كېتىمىز. كۆك چۆپكە ئۇلاشتۇرۇۋالساقلا بولغىنى. شۇڭغىچە مەن ئۇنىڭ يېمىنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ.

ئىشقىيار ئۇنىڭغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقتى. ئاندىن گازارمىنىڭ ئالدىدىكى قارىغايلىققا كىرىپ، قارنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇق چۆپتىن بىر قولتۇق يۇلۇپ قايتىپ كىردى.

ياتاق ئىسسىق ئىدى. يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى كىتاب كۆرسە، بەزىلىرى خاتىرە يېزىپ ۋە بەزىلىرى ئائىلىلىرىگە سالام خەت يېزىپ ئولتۇراتتى. بۇغا بالىسى كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ تىپتىنچ ياتاتتى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە ئوچاقتا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ شولىسى ئەكسلىنەتتى. بۇغا بالىسى تۈنۈگۈندىن بۇيان بىر تال گىياھمۇ چىشلىمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىككى بېقىنى ئولتۇرۇشۇپ ئىنچىكە بېلىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. بۇغا بالىسىنىڭ بېقىنى توختاۋسىز لىپىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ئىشقىيار دالىدىن يۇلۇپ كەلگەن قۇرۇق چۆپنى بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئۆزى ئۇنىڭ يېنىغا زوڭزايدى.

بۇغا بالىسى قىمىر قىلماي بۇرۇنقى ھالىچە يېتىۋەردى. ئىشقىيار بىر تۇتام چۆپنى ئېلىپ ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تەڭلىدى. لېكىن بۇغا بالىسى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

ئىشقىيار ئۇنى-بۇنى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ھەپىلىشىپ باقتى، لېكىن بۇغا بالىسى بېشىنى تولغاپ، ئېغىزىنى ئاچقىلى زادى ئۇنىمىدى. ئىشقىيار ئاخىرى ھارغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ياتسىراشتىنمۇ ياكى پۇتىنىڭ بەك ئاغرىغىنىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ئۇنىمايدىغۇ بۇ جانىۋار... — دېدى ئىشقىيار بايا چۆپ يۇلغاندا قۇرۇق چۆپ تىلىپ قانتىۋەتكەن بارمىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئازراق پىياز يېگۈزۈۋەتسەم ياكى تۇمشۇقىنى قىچا مېيىدا ياغلاپ باقسام بولامدىكىن؟...

ئىشقىيار ئات-ئۇلاغ، قوي-قوزىلار ئىشتىھاسىز بولۇپ قالغىنىدا بوۋىسىنىڭ ئاشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدى.

— ئەڭ ياخشىسى،— دېدى بىر يىگىت چاقچاق قىلىپ،— بەررى كاۋاپ قىلايلى ئىشقىيار... شۇ چاغدا ھەممە باش ئاغرىقىدىن بىراقلا قۇتۇلسەن...

بۇغا بالىسىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ، كۆزىدە يىگىندەك بىر تال ئوت «يالت»قىلىپ ياندى.

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ قورسىقىڭ تويماۋاتقان بولسا، مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى ساڭا بېرەي... لېكىن بۇ بىچارە ھەققىدە ئۇنداق بىمەنە گەپنى قىلغۇچە بولما!— دېدى ئىشقىيار ھېلىقى جەڭچى ئولتۇرغان بۈگۈلۈككە «شارتتىدە» ئۆرۈلۈپ،— ھېلەمۇ خۇداغا شۈكرى، تاماقنى ئالدىمىزدىن ئاشقۇچە بېرىۋاتىدىغۇ... ئاچ قالغان چېغىمىدىمۇ ئۇنداق ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ!

— مۇشۇ جانىۋارنىڭ ئاشۇ ھالىغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ گېلىگە پىچاق ئۇرۇشقا قولۇڭ بارامدۇ؟— دېدى يەنە بىر جەڭچى ھېلىقى جەڭچىگە ئەيىبلەش ئاھاڭىدا،— قارا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭنى...

— خۇددى تۇتقۇندىكى بەختسىز ئادەمنىڭ كۆزىدەكلا...

— ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان يېتىمەكنىڭ كۆزى دېگىنە...

جەڭچىلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن توختاپ، ھەممىسىلا بۇغا بالىسىغا قاراشتى.

— ئەڭ ياخشىسى...— دېدى خارىس قولىدىكى كىتابنىڭ ۋارىقىنى قاتلىۋېتىپ،— بۇنى ئاشۇ ئەكەلگەن يېرىڭگە ئاپىرىۋەت، ئىشقىيار...

— توغرا، ئاشۇ يەردە ئانىسىنى تېپىۋالار...

— بۇ يەردە ئاشۇنداق ياتقان پېتى ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە... بىكار قىساسىغا قالىسەن...

ئىشقىيار بۇغا بالىسىغا ئۇزاق تىكىلدى:

— مەنمۇ شۇنى ئويلىغانىدىم... لېكىن ئۇ ھازىر ئاياغ بېسىپ تۇرالمايدۇ-دە،... ئۇ مۇشۇ ھالدا نەدىن ئوزۇق تېپىپ يەيدۇ؟ بۆرىگە يەم بولماقتىن باشقا چارە يوق!— ئىشقىيار بۈگۈلۈكىگە كېلىپ ئولتۇردى،— كۆك چىققۇچە پۇتىمۇ ساقىيىپ قالار، ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۇنى قويۇۋېتىمەن. ئانىسىنى تاپسۇن، نەنى خالىسا شۇ يەردە ياشىسۇن... پەقەت تېزرەك ساقايسىلا بولاتتى...

— لېكىن سەن جەڭچى-دە؟!— دېدى خارىس ئەسنەپ تۇرۇپ،— 4-، 5- ئايغىچە ئۇنى قانداق باقىسەن؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەشىق ۋەزىپەڭ ھەممىدىن ئېغىر.

— بىر نېمە قىلارمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەرگە ئىشىنىپ تۇرۇپتىمەن... پۇتى ساقىيىپ سەل ماغدۇرىغا كېلىۋالسىلا بولىدى... بۇنى ئۆزۈم ھېلىقى يەرگە ئاپىرىپ قويىمەن... شۇڭغىچە بىر نەرسە يېسە بولاتتى... جىمجىتلا ئۆلۈپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن.

بۇغا بالىسىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە مۆلايىمغىنە قارىشىپ تۇرغان جەڭچىلەرگە خۇددى ئۇلارنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە قاراپ مۆلدۈرۈپ ئولتۇرغان ئىشقىيارغا كېلىپ

توختىدى. بۇغا بالىسى گويا ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق نۇر چاچمىسى چاچرىغاندەك بولدى. بىر ھازادىن كېيىن بۇغا بالىسى ئىشقىياردىن نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ، خۇددى خىيال سۈرگەندەك ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى چۆپكە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

ئىشقىيارلار كەچلىك ئۆگىنىشتىن قايتىپ كىرىپ ھاڭ-تاڭ قالدى. بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىدىكى چۆپ كۆرۈنمەيتتى. بۇغا بالىسى بىر قولتۇق چۆپنى بىر تالمۇ قالدۇرماي پاك-پاكىزە يەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاچلىقتىن چاپلىشىپ كەتكەن بېقىنى ئەمدىلىكتە پومپىيىپ چىققانىدى. بۇغا بالىسى يايراپ-يېيىلىپ بىخارامان كۆشەپ ياتاتتى. جەڭچىلەر كىرىپ كېلىشكەندە ئۇ گويا مەمنۇن بولغاندەك قاراپ قويۇپ يېتىۋەردى. بۇغا بالىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئىشقىيارنى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ بۇغا بالىسىنىڭ يېنىغا زوڭزايدى-دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى، دىقماق مۈڭگۈزىنى مەمنۇنىيەت بىلەن يېنىش-يېنىشلاپ سىلىدى:

— يارايسەن ئاغىنە! ئىشىنىڭ يولى مانا شۇ-دە! مۇشۇنداق يەپ راۋرۇس ئەتلىنىۋالساڭ پۇتۇڭمۇ تېزرەك ساقىيىدۇ، ئاناڭنىڭ ئالدىغا بارساڭ ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سۆيۈنۈپ كېتەر... تېزرەك ساقايغىن... ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرا...

ئىشقىيار بۇغا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ قىزغىن پىچىرلايتتى. بۇغا بالىسى گويا ئىشقىيارنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك قىسقا قۇيرۇقىنى شىپشىتىپ كۆڭۈللۈك مەرىدى.

## 26 - باب

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇغا بالىسى يەمگە كىرىشىپ كەتتى. ئىشقىيار كۈنىگە ئىككى-ئۈچ قېتىم ھەلەپ ئېتىپ بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇغا بالىسى ئاشنىڭ سۈيىگە، ئاق نانغا ۋە ئۇن تاماقلىرىغا ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالدى. جەڭچىلەر تاپقىنىنى ئاياپ ئولتۇرماي ئۇنىڭغا يېگۈزۈشەتتى. بىر قېتىم ھەتتا جەڭچىلەر ئۇنىڭغا كۆپ يېگۈزۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئىچى ئارتىپمۇ قالدى. ئىشقىيار ئەمدى يىگىتلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ بېرىۋېتىپ ئۇنى ئاغرىتىپ قويۇشىدىن خەۋپسىرەيدىغان بولدى. گاھىدا زاپخوز ۋە سىياسىي يېتەكچىمۇ بۇغا بالىسىنى كۆرگىلى كىرەتتى. پەقەت روتا كوماندىرى كەلمەيتتى، ئۇ ھەتتا «تازىلىق نىزامىغا ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ بۇغا بالىسىنى ياتاقتىن يۆتكىۋېتىشنى بۇيرۇدى. لېكىن ئۇ كۈنلەردە ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. ئىشقىيار باشلىق بىرنەچچە جەڭچى ۋەكىلىنىڭ سورىشى بىلەن روتا كوماندىرى بۇ ئىشنى بىرنەچچە كۈن ئارقىسىغا سۈرۈشكە ماقۇل بولدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى پات-پات ئەسكەرتىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىدى. كېيىن ئىشقىيار گازارمىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىچىككىنە قاشا ياساپ بۇغا بالىسىنى شۇ يەرگە يۆتكىدى. ھازىر بۇغا بالىسى ئاشۇ قاشادا تۇرۇۋاتاتتى. ئىشقىيار ئۇنى قانچىلىك ئىمكانىيەت بولسا، شۇنچىلىك يوقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەنلىك يۈگۈرۈشتىن چۈشكەندە، ئۈچ ۋاق تاماق ۋاقتىدا ھەمدە كەچكى پائالىيەتتىن كېيىنكى ئىختىيارىي ھەرىكەت چاغلىرىدا ۋاقتىنى بۇغا

بالىسى بىلەن ئۆتكۈزەتتى، تۆكلىرىنى تارايتتى، ئايىغىنى قۇرۇقدايتتى. ئۇنىڭ قىرىسلىتىپ ئوت
چاينا شلىرىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. گاھىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىچە مۇڭ-
دىشىپ سىردىشاتتى... بۇغا بالىسى كۈنسېرى ئەتلىنىپ سەمىرىشكە باشلىدى، تۆكلىرى
تىكلىشىپ، قاراشلىرى دىدىللىشىپ قالدى. ئۇ ئادەمدىن زادىلا ھۈركمەيتتى. بۇ ماش رەڭ
كېيىملىك جۇشقۇن ئادەملەرنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆزىگە سىڭىشىپ قالدى. بۇ ئادەملەر-
نىڭ تەپتەكشى بويلىرى، ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان چىرايلىرى، ئوخشاش قەدەم
بىلەن گۈرسۈلدەپ مېڭىشلىرى، جىلغا ئاسمىنىنى، تاغ يامزىلىدىكى ئورمانىنى تىترىتىپ
ناخشا ئېيتىشلىرى، كۈلكە - چاقچاقلىرى، بىر - بىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئىززەت ۋە دوستلۇق
بىلەن چاقىرىشلىرى، كۈنگە ئالتە ۋاق ياڭرايدىغان سىگنال كانىيى... ئىشقىلىپ بۇ
يەردىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا باشقىچە تەسىر قىلغانىدى. ئۇ ئىشقىيارنى يۈزلەپ
جەڭچىنىڭ قاتارىدىن تونۇپ ئالاتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ ھىدىنى يىراقتىنلا سېزىۋالاتتى.
ئىشقىيار بىرەر سەۋەب بىلەن بىرەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەي قالسا، ئۇ مۆڭگۈلىنىپ
قالاتتى، ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ياكى ھىدىنى ھىدلىغان ھامان كۆڭۈللۈك مەرىشى بىلەن
ئۇنى كۈتۈۋالاتتى، ئۇنىڭ قوللىرىنى يالايتتى، يۈزلىرىنى پۇرايتتى... دېمىسىمۇ ئىككى - ئۈچ ئاي-
دىن بېرى بۇغا بالىسى ئۈچۈن ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى ئاقتى. گاھىدا ئۆزى يېمەي - ئىچمەي ئۇ -
نىڭغا يېگۈزدى. ئازراق بىتاب بولۇپ قالسا پايپېتەك بولۇپ، ئۇنىڭغا تاغ چۆپلىرىنى قاينى-
تىپ، دورا تەييارلاپ ئىچكۈزدى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

يەر - جاھان باھار پۇراپ قالدى. ھاۋا بىردىنلا ئىللىپ تەبىئەت جانلىنىشقا باشلىدى.
ئورمانلار خۇددى قاتتىق مۈزلاپ قاتقان دەريا باھار بىلەن تاشقىنلىغاندەك ئېغىر ئۇي -
قۇدىن ئويغىنىپ گۈركىرىمەكتە ئىدى. قېلىن قار ئېرىپ، كەڭ دالىنىڭ بېتى ئېچىلدى.
تاغ - جىرانىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئەگمىز سۈيىنىڭ كۆڭۈللۈك شارقىرىشى ئاڭلىناتتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇپراقنى يېرىپ چىقىۋاتقان ئوت - چۆپلەرنىڭ پاكىزە،
يۇمران ئۆتكۈر ئۇچلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولدى. قىشتىن بېرى خۇددى بىر مۆجى-
زە بىلەن كۆكتە ئېسىلىپ تۇرۇپ قالغان سۇر تاشتەك خىرە كۆرۈنگەن كۆڭۈلسىز قۇياش،
ئەمدىلىكتە خۇددى يۈزىدىكى چاڭ - توزاننى سۈرتىۋەتكەن ئالتۇن لىگەنىدەك پارقىراپ
كۆرۈنۈۋىدى، ھەممە يەرنى غۇچچىدە ئۇنۇپ چىققان ئوت - چۆپلەر قاپلاپ كەتتى.
يەردىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان نازۇك چۆپلەر قۇياش نۇرىدا تىغدەك يالتىرايتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە بولسىمۇ ئىشقىيار سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ
كېيىنىپ بولغاندىن كېيىن مۇزدەك سۇدا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، تاتلىق ئۇيقۇدىكى
يولداشلىرىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ سىرتقا چىقتى.
گازارمىنىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى. گازارمىنىڭ ئەتراپىدىكى قارىغايزارلىقتىن ئاندا -
ساندا قۇشلارنىڭ سايرىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. تاغنىڭ ھاۋاسى كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەن-
دۈرگۈدەك سوغۇق بولسىمۇ، ساپ ۋە يېڭى ئىدى. ئەتراپتىن دېۋىرقاينىڭ خۇش پۇرىقى
كېلەتتى. ئىشقىيار ئورمان تەرەپتىن تىنىمسىز ئاڭلىنىۋاتقان تاغ تورغىيىنىڭ چۇچۇل-
شىغا ھەۋەس بىلەن بىر پەس قۇلاق سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر
شېرىن ئەسلىمە، بىر خۇپىيانە خۇشاللىق ئەسىر قىلغانىدى، بىر تىنىمسىز ھاياجان

ئۇنى نەگىدۇر ئىتتىرگەندەك، ئۇنى نېمىگىدۇر ئۈندەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپ-لا نامەلۇم بىر كەڭلىككە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرگۈسى، تۇرۇپلا ئاشۇ زىبا قېيىننى قۇچاق-لىۋالغۇسى، تۇرۇپلا گازارما ئالدىدىكى ئاشۇ چىمەنلىقتا باغرىنى بېسىپ، مۇزدەك كۆكاتقا مەڭزىنى يېقىپ يېتىۋالغۇسى ۋە تۇرۇپلا جاراڭلىتىپ ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى...

ئىشقىيار تاڭ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. مۇزدەك سالقىن ھاۋا شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوتتەك قىزىۋاتقان يۈرىكىنى سۆيۈندۈرگەندەك بولدى.

ئىشقىيار يالاڭ چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىنى سىلاپ قويدى - دە، بىردىنلا نېمىدۇر بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك «شارتتىدە» ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ياتاققا قاراپ يۈگۈردى. ئىشقىيار ئىشىكتىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ، بۆگۈلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئېسىقلىق تۇرغان تەمبۇرنى قولىغا ئالدى ۋە قانداق ئېھتىيات بىلەن كىرگەن بولسا، شۇنداق ئاۋايلاپ دەسسەپ ياتاقتىن چىقتى - دە، قاتتىق چۆچۈپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۈچ ئايدىن بېرى يانپېشىنى ئالالماي ياتقان بۇغا بالىسى شۇ تاپتا ياتاق ئالدىدا ئىشىككە قاراپ تۇراتتى. ئىشقىيار ئاخشام ئۇنىڭغا چۆپ تاشلاپ بېرىپ، ئۇچىسىنى تاتلاپ بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانىدى. لېكىن ئۇ چاغدا تېخى ھېچنەرسە بايقىمىغانىدى. بۇ گويا بىر مۆجىزە ئىدى، خۇشاللىقىدا ئىشقىيارنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ سەللىمازا ساقايغانلىقىغا بىر خۇشال بولغان بولسا، بۇ ھايۋان بالىسىنىڭ ئاياغ بېسىپلا ئۆزىگە شەپقەت ئاتا قىلغان مۇشۇ ياتاق ئالدىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن مىڭ ھەرتەۋە سۆيۈنۈپ كەتتى.

—ئاھ، ئەقىللىقىم! — ئىشقىيار بېسىپ بولالماس ھاياجان ئىچىدە بۇغا بالىسىنىڭ بويىندىن قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ باش- كۆزلىرىنى پۇراپ سۆيدى.

بۇغا بالىسمۇ ئەركىلىگەندەك ئىشقىيارغا سۈكۈلۈپ ئۇنىڭ يوغان قۇلاقلىرىنى، ئوتتەك قىزىغان مەڭزىنى ھىدلىدى. قارا خۇرۇمدەك يىرىك ۋە نەم كالپۇكى بىلەن ئىشقىيارنىڭ ئوچۇق تۇرغان بويىنىنى غىدىقلىدى. ئىشقىيارنىڭ بەدىنىگە شۇ ھامان خۇش-خۇي غىدىق ئولاشتى - دە، چىدىمالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. بۇغا بالىسمۇ ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن خۇشال بولغاندەك قۇيرۇقىنى شىپشىتىپ، تىنىق كۆزلىرى بىلەن ئىشقىيارغا قىيا بېقىپ، دىمىقىدا كۆڭۈللۈك مەردى.

—مۇبارەك بولسۇن، قەدىرلىك جان! — دېدى ئىشقىيار كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ، — يۈر، ئايلىنىپ كېلىمىز، كەڭ دالا سېنى كۆرسۇن، تاغ - تۆپىلىكلەر سېنى كۆرسۇن، گۈل - گىياھ، قېيىن، قارىغايلار سېنى كۆرسۇن... تاڭ شامىلى سېنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان ئاناڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزسۇن...

ئىشقىيار گازارمىنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. بۇغا بالىسمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىشقىيارغا ئەگەشتى. پەقەت شۇ چاغدىلا بۇغا بالىسىنىڭ ئاقسايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئىشقىيار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بۇغا بالىسىنىڭ يانپېشىنى سىلىدى. ئۇنىڭ يانپاش سۆڭىكى سەللىمازا ساقايغانىدى، لېكىن بىر پۇتى سەل قىسقا ساقىيىپتۇ. دېمەك، ئىشقىيار ئۇنىڭ ئىنچىكە پاچىقىنىڭ سۆڭىكىنى جايىغا چۈشۈرەلمىگەنىكەن.

— ۋاي بىچارە، ئاخىرى ئېيىپناق ساقىيىپسەن - دە، — دېدى ئىشقىيار چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن بۇغا بالىسىنىڭ سول پاچىقىنى سىلاپ، — مېنى كەچۈرگىن... مېنىڭ قۇربىم يەتمەدى، سېنى ناكا قىلىپ قويۇپتىمەن. — بۇغا بالىسى گويا ئىشقىيارنى تەڭلىكچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك، ناكا ئايىغى بىلەن يەرتىلغاپ بېشىنى سىلكىدى ۋە ئىشقىيار ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن تەڭ گويا ئۆزىنىڭ تەلتۆكۈس ساقايغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئازراق يۈگۈردى ۋە بىر - ئىككىنى تاقلاپ ئاندىن ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ئىشقىيارغا ئۆرۈلۈپ قاردى.

— كۆڭلۈمنى ئاياۋاتامسەن، بىچارە! رەھمەت، ئەقلى، ھوشۇڭغا رەھمەت...

ئىشقىيار كۈلۈمسىرىگىنىچە بۇغىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار خۇددى دالىغا گۈمبە تېرىشكە ماڭغان باللاردەك بىر - بىرىگە ياندىشىپ گازارما ئالدىدىكى چىملىققا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئاقساق بۇغا بىلەن ئىشقىيارغا خېلىدىن بېرى كۆز سېلىپ تۇرغان قاراۋۇل ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىقىنى ئىزھار قىلىپ كۈلۈمسىرىدىپ، يىراقتىن بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيارغا سالام بەردى. ئىشقىيارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى، ئىشقىيار يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يېنىدا ئۆزى بىلەن تەڭلىشىپ يۈگۈرۈۋاتقان بۇغا بالىسىغا يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتى. بۇغا بالىسى ئۆسۈپ يوغانلا بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئەمدىرەك شاخ ئايرىۋاتاتتى. ئىشقىيار شۇ تاپتا خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي قالغانىدى. بۇغا بالىسىمۇ گويا بۇنى سەزگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيارغا قاراپ قىسقا - قىسقا مەرەپ قوياتتى.

## 27 - باب

ئۇلار گازارمىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، قېيىنزار تۆپىلىككە كۆتۈرۈلدى. بۇغا بالىسى گاھ ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. گاھ ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالاتتى ۋە بىر ئوقچۇپ ئىشقىيارغا يېتىۋالاتتى، ئۇلار خېلىغىچە يۈرگۈرگەندىن كېيىن تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىشتى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىنى ياش قېيىن، قارىغايلار بۈككىدە قاپلىۋالغانىدى. بۇ قېيىن، قارىغايلارنى ئىشقىيار قىسمىغا كەلگەن يىلى باھاردا ئىشقىيارلارنىڭ روتىسى تىككەنىدى. تۆپىلىكنىڭ نېرىقى تەرىپى كەڭرى يايلاق، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى قارىغايزار ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغانىدى.

ئىشقىيار تۆپىلىككە چىققاندىن كېيىن بىر قورام تاشقا كېلىپ ئولتۇرۇپ، نەزەرىنى يىراققا ئاغدۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى چوڭقۇر ۋە سۈزۈك سۇغا چۆمۈلۈپ سۇدىن ئەمدىلا چىقىۋاتقان يالىڭاچ بەدەن قىزدەك نازۇ - نازاكەت ۋە بىر خىل ئۇيالچان تەبەسسۇم بىلەن، يۇپقا تاڭ تۇمانى ئىچىدىن ئاستاغىنە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان ياش، بەرنا، پاكىزە دۇنيا ئايان بولدى. تۈگەل كۆكىرىپ كەتكەن بىپايان زېمىن شۇ تاپتا كۆكۈش دولقۇن ئىچىدە ئاستا تەۋرىنەتتى.

سۈزۈك تاڭ ئاسمىنى، ئۇپۇقتىن تەبەسسۇم بىلەن كۆلۈمسىرەپ بالقىۋاتقان ياش ۋە پارلاق قۇياش، ئەمدىلا تۇپراق يېرىپ بۆرتۈپ چىققان يۇمران چۆپلەرنىڭ بەرگى، ياپرىقىدا يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىسىدەك سۈزۈك شەبنەم، تاغ قاپتاللىرىدىكى باھار ھاۋاسىغا تويۇنۇپ كۆبجۈگەن، قىل تومۇرلىرىدا سۇ يۈگۈرۈپ سەمىرىشكە باشلىغان قارىغاي، قېيىن، ئارچا، ئېرەن، تاغ تېرەكلىرى، كىشىنى مەس قىلىدىغان سالقىن ۋە سېخىي تاغ شامىلى، كۆك نۇر ۋە يېشىل رەڭ قۇچىقىدا يايراپ ياتقان قامەتلىك تاغلار، كەڭرى يايلاق، قېلىن ئورمانلار، جىلغىنىڭ چوڭقۇرىدا گۈركىرەپ كۈۋەجەپ ئېقىۋاتقان تار ئېقىن... ئىشقىيارنى ياشاش خۇشاللىقى بىلەن ھاياجانغا سېلىپ مەس قىلسا، ئالەمگە كۆز ئاچقاندىن بېرى يىلنىڭ مۇنداق نەۋقىران پەسلىنى، ئانا تەبىئەتنىڭ بۇ تەرىزدە سۆيۈملۈك، بۇ تەرىزدە تەنتەنىلىك چاغلىرىنى كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن بۇ سەبىي بوغا بالىسىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. جىمى كۆرۈنۈشتىن، پۈتكۈل سىياقىدىن ھايات مېھرى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان، ھەرىكەت ۋە سۈكۈنات ئىچىدىكى جىمى بارلىقتىن ئۈمىد، شادلىق جەۋلان قىلىپ، كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئاجايىپ يارقىن كۆكۈش ۋە يېشىل نۇر ئىچىدە چايقىلىپ، نۇر، پۇراق، رەڭ، ئاۋاز ھەم شەكىلنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى، قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان غايەت جەزبىدار ھاياتنىڭ سېھرىي گۈزەللىكىنى نامايىش قىلىۋاتقان مۇنەۋۋەر تەبىئەت شۇ تاپتا ئانا باغرىدىلا بولىدىغان ئىللىقلىق، ئانا كۆكسىدىن كېلىدىغان ئوغۇز سۈتىنىڭ ھىدى ۋە ئانىنىڭ ھايات بەخش تىنىقى بىلەن ئىشقىيارنىڭ جىسمىنى قۇۋۋەتلەپ، روھىنى ئۆرىدىمەكتە ئىدى.

كۆرۈمسىزلىك كىشى قەلبىدە غەشلىك، ئۈمىدسىزلىك ھەتتا نەپرەت ئويغاتقاندەك، گۈزەللىك ئادەمنىڭ كۆڭۈل چۈشكىگە تاتلىق ئەسلىمە، يېشىل رەڭلىك تەسەۋۋۇر، قۇياش كەبىي مۇھەببەت تۇغۇپ بېرىدۇ...

ئىشقىيار تۆش يانچۇقىدىن چىرايلىق پۈكلەنگەن ئاق ئىپەك ياغلىقىنى ئېھتىيات بىلەن ئاچتى. ياغلىقنىڭ جىيەكلىرىگە نەپىس تور تۇتۇلۇپ، ئىككى بۇرجىكىگە قىزىل مەشۇت يىپ بىلەن ئىككى تال قىزىلگۈل، يەنە ئىككى بۇرجىكىگە بىر ـ بىرىگە قاراپ چاپچىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىككى كېيىكنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن ئىدى. ياغلىقنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى قىزىلگۈللەر گويا قىپقىزىل يالقۇندەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. يىڭنە ئىزىنى بىلىندۈرمەي سىلىق ۋە سىپتا مەشۇت يىپتا ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن گۈل بەرگىلىرىدە قىزغۇچ شولا جۇلالاپ تۇراتتى. سېرىق مەشۇت يىپتا ئىشلەنگەن كېيىكلەرنىڭ بىرسى مۈڭگۈزسىز، نازۇكراق كەلگەن، يەنە بىرى بولسا، مۈڭگۈزلىرى شاخ ئايرىغان قامەتلىك كېيىك ئىدى. ئۇلار زېمىننىڭ ئىككى چېتىدىن چەكسىز ئىنتىزارلىق ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئىشقىيار ئىپەك ياغلىقنى بۇرنىغا تۇتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بۇرنىغا قىزىلگۈلنىڭ خۇش ھىدى «گۈپپىدە» ئۇرۇلغاندەك بولدى ـ دە، تومۇرلىرىغا بىر لەززەتلىك سېزىم تارقاپ كەتتى.

## 28 - باب

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ماگىلىيىغا جايلاشقان «ئۇلۇغ ئارت» يېزىسىدا گۈل پەسلى، ھەممە يەردىن گۈپۈلدەپ گۈل ھىدى كېلىدۇ. گۈللەپ - باغجانلاپ، گۈۋۈلدەپ ياتقان تۇتاش - تۇتاش قارىغۇ باغلاردا تۈرلۈك قۇشلار ۋىچىرلاپ سايرىشىپ، توپ - توپى بىلەن پۇرقىرىشىپ ئۇچىشىدۇ. غۇچچىدە گۈل - چېچەككە كۆمۈلگەن كەگىرى دالىدا كېپىنەكلەر پىلدىرلىشىپ يۈرۈشىدۇ.

بۇ، دەل «جىگدە پۇرىقى» كۈنلىرى بولۇپ، ھەممە يەر گۈپۈلدەپ پۇراق چېچىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن. تېخى ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان باللارنىڭ ئۇيقۇچان كۆزلىرى خۇددى چاچراپ چىققان ئۇچ - قۇندەك چاقنىدۇ. شۇ كۈنلەردە قىزلار جىگدە چېچىكىنىڭ ئالتۇندەك جۇلالىق رەڭگى ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقىغا بەك سەزگۈر كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۆزى مەيگە ھېرىسمەن بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇرىغا يوشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىدىغان خۇپىيانە سىرلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مەيگە يېقىن كېلەلمەيدىغان ئادەمگە ئوخشاش، قىزلارمۇ جىگدە چېچىكىگە تولىمۇ ئامراق كېلىدۇ - يۇ، يەنە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ... چۈنكى يېڭى گۈللىگەن جىگدە چېچىكىنىڭ خۇش ھىدى ئۇلارنىڭ ئىزاسىنى ئاجىز - لىتىپ، كۆڭلىنىڭ ئەڭ خۇپىيانە يەرلىرىدە ئەمدىرەك بىخلىنىپ يېتىلىۋاتقان سىرلىق تۇي - غۇلىرىنى ئۇشتۇمتۇت ئويغىتىپ جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ناھايىتى ئۇياتچان قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىنلا شېرىن خىياللارنى ئويغىتىپ، سەبىي ۋە گۈزەل قىزلىق ئارزۇسى ھەم بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئانا بولۇش ئىستىكىگە بەنت قىلىدۇ. ئويغانغاندا ئۆزلىرىنى ئىزا تارتقۇزۇدىغان چۈشىنىڭ قۇدرىتى بىلەن سەبىي قىزلارنى ۋەسۋەسە ۋە غۇلغۇيچىلىقىقا سېلىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزلىق ھېسسىياتى جۇشقۇنلاپ تۇرغان كۆكۈللىرىنى، گۈلباھار، يېڭى تاڭ ۋە ياشلىق ھەۋەسىنىڭ خۇشاللىقىدا ئىزتىراپ قىلىدۇ...

كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كېلىۋاتقان تازا قۇياش گويا «ئۇلۇغ ئارت» ئاسمىنىدا چەكسىز باياۋاننىڭ لېۋىدىكى خۇددى بىر تال خالدەك ئورۇنلىشىپ قالغان بۇ كىچىككىنە يېزىغا ھەيران بولغاندەك تىكىلىپ بىر ئىزىدا توختاپ قالغاندى. ھەممە يەر نۇر ئىلكىدە چاراقلاپ يالتىرايتتى. پۈتۈن مەھەللە كالا تىزىكىنىڭ كۆكۈش ئىسى بىلەن، يەردە ياشناپ تۇرغان دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ گۈل - گىياھنىڭ يېشىللىقىدىن ھاسىل بولغان، لوغۇلداپ تۇرغان يۇپقا نەپىس يالتىراق پەردىگە ئورالغاندى. ھويلا - ئارامدىكى گۈللۈكلەردىن، باغلاردىن گۈپۈلدەپ كېلىۋاتقان گۈل ھىدى، جىگدىلىكلەردىن كېلىۋاتقان جىگدە چېچى - كىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى ھەممە ئۆي - ئۆيدىن تارقىلىۋاتقان كۆيگەن كالا تىزىكىنىڭ، ئەتكەن چاينىڭ خۇش پۇرىقى قوشۇلۇپ، گويا خىلمۇ - خىل ئېسىل خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەخسۇس تەييارلانغان خۇش بۇيدورىنىڭ پۇرىقىدەك كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى قۇۋۋەتلەپ، سەزگۈلەرنى غىدىقلاپ، بېشىنى قايدۇرغاندەك بولاتتى.

مەھەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىن سۈزۈك ۋە مۇڭلۇقىنە نەي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا دوقمۇشتىن ياۋىداق ئاتقا سىڭار يان مىنىپ، كىگىز مالخىيىنى نوچىلارچە قىرلاپ كىيىۋالغان ياش چوپان يىگىت قومۇش نېيىنى «باياۋان» ئاھاڭىغا سوزۇپ چېلىپ چىقىپ كەلدى. قورۇ، جايلاردا ئىنەكلىرىنى سېغىۋاتقان خوتۇنلار چوپاننىڭ نېيىنى ئاڭلاپ، سېغىشنى توختىتىپ، سۈت كورىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىنەكلىرىنى باغلاقتىن بوشىتىۋېتىشتى. ئەمدىلا يوتقىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقان ئىشتانسىز ئوغۇل باللار چىۋىق بىلەن ئىنەكنىڭ ساغرىلىرىغا ساۋىشىپ، ئىنەكلەرنى چوپاننىڭ پادىسىغا قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن كوچىغا ھەي- دەپ چىقىشتى. باياتىدىن بېرى ئاندا - ساندا ئىشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى ۋە ئىتلارنىڭ قاۋىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر خىل يېقىملىق سەھەر جىملىقىغا چۆمگەن يېزا ئىچى بىردەمنىڭ ئىچىدە موزىيىدىن ئايرىۋېتىلگەن ئىنەكلەرنىڭ، ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن موزايلارنىڭ ئاچچىق - ئاچچىق مۆرەشلىرى، «ھوش - ھوش» دەپ ئىنەك قوغلاپ يۈرگەن كىچىك باللارنىڭ، قىز - چوكانلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن لەرزىگە كەلدى. كالا پادى سىنىڭ ئايىغىدىن قويۇق چاڭ - توزاڭ كۆتۈرۈلدى. ئەركەكلەرنىڭ ھاي - ھۇيلىرى، ئايال- لارنىڭ زىل، چىرقىراق ئاۋازدا باللارنى قىچقىرىشلىرى، ئىنەك - موزايلارنىڭ مۆرەشلىرىدىن ھۈركىگەن ھەممە قورۇنىڭ ئىتلىرى تەڭلا قاۋاشقا باشلىدى. يېزىدا ھەر كۈنى بىر- خىلدا داۋام قىلىۋاتقان بۇ بىردەملىك قىزغىنلىقنىڭ سىرتىدا قېلىشنى خالىمىغان ئات - ئىشەكلەرنىڭ، ئۆچكە - قويلارنىڭ بەس - بەس بىلەن كىشنەشلىرى، ھاڭراشلىرى، مەرەش- لىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئاڭلىنىپ، يېزىغا خاس تاڭ قىزغىنلىقىغا ئالاھىدە تەنتەنە كىر- گۈزۈۋەتتى.

يېزا ئاسمىنى، بىپايان دالا، باغ - ۋاران، تۈزلەڭ - ئوتلاقلار بىر كۈنلۈك ھايات دەبدەبىسىگە قەدەم قويۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن تىترەيتتى، بىردىنلا ھەممە يەردە ھايات شاۋقۇنلاپ كەتتى. «ئۇلۇغ ئارت» يېزىسىدا تۇرمۇش سىم- فونىيىسى مانا مۇشۇنداق باشلاندى.

ئۆستەڭ بويىغا قاراپ سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى يالغۇز ئاياغ يولدا، رەڭدار تېپىز رومال بىلەن چېكىلىرىنى تېڭىۋېلىپ، گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان خوتۇن - قىزلار بىردىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چېلەك، بەزىلىرى سوغا - مالتاق كۆتۈرۈۋالغان، بەزىلىرى بولسا قېرىن، چاناچ يۈدۈۋالغان ۋە بەزىلىرى يوغان سۇ قاپىقىنى باشلىرىغا، مۈرىسىگە قوندۇرۇۋالغان ياكى ئۈشنىسىگە يۈدۈۋالغانىدى.

بۇ يالغۇز ئاياغ يولنىڭ ئىككى تەرىپى قويۇق پىچەنلىك ئىدى. پىچەنلىك تاڭنىڭ مەيىن شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بىنەپشەرەڭ پىچەن چېچەكلىرى كۆزنى قامىنتاتتى. ھەر خىل كېپىنەكلەر، ھەسەل ھەرىلىرى، پىچەنلىكنىڭ چېچەكلىرىنى ئەگىپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرەتتى. خۇددى قىزنىڭ بىر تال ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈۋالغان سۇمبۇل چېچىدەك تار ۋە ئۇزۇن كەلگەن يالغۇز ئاياغ يول، قويۇق پىچەنلىكنى ئارىلاپ تولغىنىپ - تول- غىنىپ ئۆستەڭ بويىدىكى قويۇق جىگدىلىككە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. ۋۇجۇدىدا كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ۋە ساغلام خوتۇن - قىزلار خۇددى قاقىرلاردەك بىردىنىڭ ئار-

قىسىدىن بىرى قاتارلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار دەسلىپىدە بىر - بىرى بىلەن ئادەت بويىچە تازىم قىلىشىپ تىنچلىق سوراشتى. بىر - بىرىنىڭ سالاملىرىنى ئىلىك ئېلىشىپ بولۇشقاندىن كېيىن، سەھرا ئاياللىرىغا خاس تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىشتى، سۆز ئويۇنى قىلىشتى. گۆپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قويۇق جىگدىلىكنىڭ ئوتتۇرد - سىنى كېسىپ ئۆتۈدىغان غول ئۆستەڭنىڭ مۇزدەك سوغۇق ۋە سالقىن سۈيىدە يۈز - كۆز- لىرىنى يۇيۇشقاچ، قەلبىدە ئۆرىدەۋاتقان باھارلىق خۇمارىنى بېسىشالماي بىر - بىرىگە سۇ چېچىشتى، ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن جىگدىلىكنى بېشىغا كىيىپ، تولغىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى ۋە قايسىبىرلىرى ئۆستەڭنىڭ تېپتىنچ ئېقىۋاتقان تىنىق سۈيىگە تىكىلگىنىچە مۈگدىنىپ قالغاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن پەرداز كۆرمىگەن ئاپتاپ ۋە شامالدا خۇددى ناندەك قىزىرىپ پىشقان تازا، ساغلام، شەھەرلىكلەردەك ھېچ ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن ۋايىم يېمىگەچكە تېخى قورۇق يېقىن كەلمىگەن بۇدۇرۇق، چىڭ، بېجىرىم يۈزلىرى مۇزدەك ئۆستەڭ سۈيىدە يۇيۇلغاندىن كېيىن، خۇددى پاكىز سۈرتۈلگەن ئەينەكتەك يالتىراپ كېتىشكەندى. شۇ تاپتا ئۇلارنى ئاۋۇندۇرۇۋاتقان باھار زوقى، باھار خۇشاللىقى، ئۇلارنىڭ تازا يۈرىكىدىن بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ساددا ۋە قوۋناق كۈلكە بىلەن چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، ئاپتەپتەك يورۇپ - يالتىراپ، ئەتراپقا - جىگدە دەرىخى گۈۋۈلدەپ قىرغاقلىرىنى ياپىيېشىل كۆكات، چىمەن قاپلىغان بۇ قەدىمكى ئۆستەڭ بويىغا ياشاش خۇشاللىقىنى، ھايات جۇشقۇنلۇقىنى بېغىشلىماقتا ئىدى.

قىز - چوكانلار ئۆستەڭ بويىنى بىردەم بېشىغا كىيىشكەندىن كېيىن، چېلەك، سوغا، قاپاقلىرىغا سۇ ئېلىپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى قاتارلىشىپ مەھەللە ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى. تاڭ شامىلى ئۇلارنىڭ روملىنى ئۈچۈرۈپ، ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىشتەتتى. ئۇلارنىڭ قاپاق، سوغىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشلىرىمۇ شۇنچە سىپايە، يەڭگىل ۋە نازاكەتلىك ئىدى. ئۇلار چېلەك، سوغا، قاپاقلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېچ سەزمىگەندەك يەڭگىل چامداپ، خۇددى كەكلىك- لەردەك يورغىلىشىپ مېڭىشاتتى. قىزلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كېتىۋاتقان، زىلۋاغىنە كەل- گەن، قاراقۇمچاق قىز چۆپلۈكنىڭ چېتى تەرىپىگە نەزەرىنى ئاغدۇرغاندەك قىلدى - دە، ئورنىدا توختاپ قالدى. دىلىغۇل بولۇپ يەنە ماڭدى، لېكىن ئۇنىڭ نازۇك ئاياغلىرىنى چىغىر يولنى پۇر - كەپ ياتقان پىچەنلەر باغلىۋالغاندەك يەنە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ خوتەن كىيىكىنىڭ كۆزىدەك گۈزەل كۆزلىرىدە بىر بىئاراملىق ئەكس ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۈرىسىدىكى قاپاقنى يەرگە ئاستاغىنە قويدى ۋە پىچەنلىكنىڭ ئىچكىرىسىگە بىر ھاياجان ئىچىدە تەل - مۈرۈپ قارىدى. قىزنىڭ 40 تال قىلىپ ئۆرگەن قاپقارا چاچلىرى تال بوستاندەك ئۇنىڭ نازۇك خۇشپىچىم گەۋدىسىنى يېپىپ، ئەۋرىشىم بېلىدە ئويناپ تۇراتتى.

چۆپلۈكنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر يىگىت تاراسلاپ ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئات سۇغارغىلى ماڭغاندەك ئېتىنى جىگدىلىككە قاراپ چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. قىز كۈلكە - چاقچاق بىلەن كېتىۋاتقان قىز - چوكانلارغا ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاراپ قويدى. ئۇلار بۇ قىزنىڭ ئوغرىلىقچە ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالغانىدى. قىز ئاستالا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، جىگدە بىلەن پۈركەنگەن ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يۈگۈردى. يايداق

uyghurkitap.com


ئېتىنى سۇغا قويۇۋەتكەن ھېلىقى يىگىت جىگدىلىكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. قىز يېتىپ كېلىشى ھامان بايىقى يىگىت يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. بۇ يىگىت بەكمۇ قاۋۇل، بەستلىك ئىدى. قىز گويا بىر نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويغاندەك كۆزى بىلەن ئەتەي ئوت ـ چۆپ ئىچىنى ئاختۇرۇپ تىمىسقىلاپ ئۆستەڭ قىرغىقىغا كەلدى. بايىقى بەستلىك يىگىت قىزدىن بەتتەررەك قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قىزغا يېقىنلاشتى. قىز چۆچىگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى، لېكىن ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. سۇ ئىچىۋاتقان ئات شۇنچە خالىي ۋە پىنھان جايدىمۇ يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر ـ بىرىدىن بۇنچە تارتىنىپ تۇرۇشقىنىغا ھەيران بولغاندەك، جامدەك يوغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكىپ بېشىنى سىلكىپ پۇشقۇرۇۋەتتى، قىزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سالاتتى، يىگىتنىڭ ھەلقۇمى تىنىمسىز قىمىرلايتتى. ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. ئاخىر قىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاپىقى قالغان يەرگە يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بوزغا چىقىمىز... قىزلار بىلەن.. شۇ يەردە... كۆل سەيلىسىگە...

يىگىت قىزنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى. قىزنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىدا خۇددى بىر يېقىملىق ناخشىدەك جاراڭلاپ كەتتى.

قىز سۇ قاپىقىنى مورىسىگە ئېلىپ، پىچەنلىكنى ئارىلاپ ئۇششاق چامداپ مېڭىپ كەتتى. قىزنىڭ چېكىسىنى تېڭىۋالغان رەڭدار ياغلىقى ۋە گۈللۈك نېپىز كۆڭلىكى تاڭنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىدا يەلپۈنەتتى. كەكرى پىچەنلىكنى ئارىلاپ، خۇددى توزدەك لاتاپەت بىلەن كېتىۋاتقان تەنناز قىز شۇ تاپتا گويا كۆك چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋلىنىپ تۇرغان يالغۇز گۈلدەك كۆرۈنۈپ قالدى. قىز پىچەنلىكنىڭ چېتىدىكى ئەتراپى جىگدە، جىغان، يانتاق، تال بىلەن بوككىدە قورشالغان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، يىگىت تۇرغان تەرەپكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، خۇددى تۇمۇچۇق قويۇق دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كۆرۈنمەي قالغاندەك، يېشىللىق قاپلىۋالغان قورۇغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. قىز كەتكەن تەرەپكە قاراپ كۆزى تالغان بايىقى يىگىت ئىرغىپ ئېتىغا مىنىپ، مەھەللە ئىچىگە قاراپ ئوق ئۈزگەندەك چېپىپ كەتتى.

يىگىت ئۆز قورۇسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە ئاتنى قورۇنىڭ ئالدىدىكى تېرەككە باغلاپ قورۇغا كىردى.

قورۇنىڭ ئىچى پاك ـ پاكىزە سۈپۈرۈلگەنىدى. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چاققانغىنە گۈللۈكتە بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان خىلمۇخىل گۈللەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قورۇنىڭ ئىچىنى يېڭى ياققان مەززىلىك ناننىڭ پۇرىقى بىر ئالغانىدى. يىگىت پاكىزە سۈپۈرۈپ، شىرداق سېلىپ قويۇلغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئىشقىيارنىڭ ئاپىسى قورۇنىڭ نېرىقى چېتىدىكى بۇلۇڭغا سېلىنغان تونۇرغا نان يېقىۋاتاتتى. نان يېقىشقا ياردەملىشىشكە كىرگەن قوشنا ئاياللار يەڭلىرىنى جەينەككىچە تۈرۈۋېلىپ زوۋۇلا راسلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى چېكىسىنى گۈللۈك ياغلىقتا تېڭىۋالغانىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، خېمىر راسلىغاچ كۈلۈشۈپ قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى.

ئىشقىيارنىڭ ئاپىسى تونۇردىن بېشىنى چىقىرىپ ئىشقىيارنى كۆردى. تونۇردىكى ئوتنىڭ تەپتىدىن ئۇنىڭ ئاق ۋە سۈزۈك چىرايى شۇ تاپتا قوقاستەك قىزىرىپ يېلىنجاپ كەتكەنىدى. ئۇ چەككۈچ ئورنىدا ئىشلىتىدىغان يوغان ياغىچىنى چىشلىۋالغانىدى.

— ئەمدى كېلىشىڭمۇ بالام، — دېدى يىگىتنىڭ ئانىسى لېۋىگە قىستۇرۇۋالغان يوغان ياغىچىنى ئېلىۋېتىپ ئوغلىغا كايىغاندەك قىلىپ، — نەۋاخ بولدى ... شۇنچە بىخەستە بولارسەنمۇ؟! ئىتتىك ناشتا قىلىپ ئېتىڭنى ئېگەرلە، — ئۇ قولىدىكى يەڭلىكنى يەنە بىر ئايالغا بېرىپ تونۇر بېشىدىن چۈشتى.

— بوۋام قېنى، ئاپا؟ ...

— گۈل سەيلىسىنىڭ سورۇن بېشى شۇ ۋاققىچە ئۆيدە ئولتۇرامدۇ؟ ئىككەم بوزغا چىقىپ كەتكىلى ... مەيدان راسلىشىۋاتقاندۇ، تايىن ...

گۈل سەيلىسىنىڭ دەبدەبىسى ئۈلۈشكۈنلا باشلىنىپ كەتكەنىدى. مەھەللىدىكىلەر سەيلە تەييارلىقىدا ئالدىراش ئىدى. ئىشقىيارنىڭ بوۋىسى ھەممىدىن بەكرەك ئالدىراش ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەر يىلى بۇنداق سەيلىدە توپ بېشىلىقنى ئۈستىگە ئالاتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان بۇ تىنىمسىز بوۋاي مەھەللىنىڭ بەيگە - ئوغلاقچىلىرىنى تەشكىللەش، قوشنا مەھەللىدىن كېلىدىغان چېلىشچى، بەيگىچىلەرنى كۈتۈش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇسسۇل، بەزمە سورۇنلىرىغا نەغمىچى، ئۇسسۇلچىلارنى تەقسىم قىلىش ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. ئىشقىيار ئۆز قولى بىلەن بۇ يىلقى بەيگىگە بىر تايىنى تەييارلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، يېقىندىن بېرى شۇ تاي بىلەن ھەپىلىشىپ بوۋىسى بىلەن بىللە بولالمىغانىدى. بۈگۈن بوۋىسى بىلەن بوزغا بىللە چىقىشقا كېلىشكەنىدى، لېكىن ئۇ كېچىكىپ قالدى ... بوۋىسى كايىپ كېتەرمىكىن ئەمدى. كايىسا كايىپ قالار ... بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كايىشلار تەسىر قىلالمايدىغان كۈن - دە؟! چۈنكى بۈگۈن ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئىسمى- جىسمىغا لايىق گۈل سەيلىسى قىلىدۇ ...!

ئىشقىيار مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۇپىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتە تېخى يېڭىراقلا ئېچىلىپ خۇددى «مېنى ئۈزۈۋال» دېگەندەك يېنىك تەۋرىنىپ جىلمىيىپ تۇرۇشقان گۈللەرگە ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۆز تاشلىدى.

ئىشقىيارنىڭ ئاپىسى سۇپىدىكى شىرداقنى سېرىپ سۈپۈرۈۋېتىپ داستىخان سالدى. شۇ ئارىلىقتا ئىشقىيار ئاپىسىغا تۇيدۇرماي گۈللۈكتىكى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان قىزىلگۈللەرنىڭ ئىچىدىن بەش تال گۈلنى تاللاپ ئۈزۈپ، ئالدىراپ قوينىغا سېلىۋالدى - دە، گويا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك سۇپىغا كېلىپ داستىخان يېنىغا ئولتۇردى. قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان مۇھەببەت ئوتىدا ئىزتىراپ بولىۋاتقان بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ چوڭلا ئەر بولۇپ قالغىنىغا قارىماي بىرسىگە كۆيۈۋاتقىنى ئۈچۈن، ئاپىسىدىن ئۇيالغانىدى. ئۇ، قەلبىدىكى بۇ پاك ۋە تۇنجى مۇھەببەتنى ھېچكىمنىڭ سېزىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

ئاپىسى تېخى يېڭىلا سويۇۋېلىنغان ئىسسىق نان بىلەن ئاپقۇردا يېڭى قايماقتا راسلانغان چاي كەلتۈردى. شۇ ھامان ئىشقىيارنىڭ دىمىقىغا سۈت، ياغ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، يۈزىگە كۈنجۈت، سىيادان، پىياز سېپىلگەن ناننىڭ مەززىلىك ھىدى كېلىپ

ئۇرۇلدى. تونۇردىن يېڭىلا قومۇرۇلغان ناندىن يېلىنجاپ تۇرغان ئوتىنىڭ تەپتى كېلەتتى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق ئىشتىھانى غىدىقلاپ، ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئىشقىيار ئىسسىق ناننى قولىغا ئېلىپ ئۇشتۇشقا قىيمىغاندەك ئاۋايلاپ سۇندۇردى ۋە بىر بۇردا ناننى خۇددى بوۋىسى ئۆگەتكەندەك «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئاغزىغا سالدى.

ئاھ!... ئۇيغۇر نېنى! ئۇيغۇر ئەمگىكىنىڭ پارلاق لەۋھەسى! ئۇيغۇرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىنىڭ شانلىق ئابىدىسى! ئۇيغۇرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى! مېھماندوست ئۇيغۇرنىڭ سېخىي كۆڭلى! پاكلىق - ھالاللىقنىڭ نىشانە بەلگىسى! ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايانىدىسى!

ئۇيغۇر بالىسىنىڭ تىلى «ئانا»، «نان» دەپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چېھرى توغاچ نانغا ئوخشىتىلىدۇ. ھەرقانداق ئۇيغۇر سەپەرگە ئاتلانسا بەلبېغىغا نان تۈگۈۋالىدۇ. بۇ نان سەپەر ئۈستىدە يولۇچىنىڭ ھەرقانداق خەۋپ - خەتەر، مۈشكۈل - رىيازەتنى يېڭىشى ئۈچۈن ئىشەنچ ۋە كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

نان — مېھمان ئۈچۈن ساھىبخانىنىڭ ئوتتەك ئىسسىق مېھرىنىڭ، پاساھەتلىك، چىرايلىق سۆزىنىڭ، ئاق ۋە توغرا نىيىتىنىڭ، مېھماننىڭ كەلگىنىگە شادلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى، مېھمانغا بىلدۈرگەن ھۆرمەتنىڭ نەمۇنىسى بولىدۇ. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلار كېلىن بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ تەربىيىلىنىشىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆلچەشتە، ئۇ قىزنىڭ نان ياقالايدىغان ياكى ياقالمايدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئالىدۇ.

ئۇيغۇر، ناننى بىزەپ قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. كۆرگەنلا يەرگە نان پارچىلىرىنى تاشلىغان، دەسسىگەن ئادەملەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ. كىشىلەر ھەرقانداق مول زىياپەتتىمۇ داستىخانغا چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرىنى بىر تالىدىن تېرىپ ئاغزىغا سالىدۇ. بەزمە، سورۇنلاردا نەغمىچى ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ سورۇن ئەھلىنى رازى قىلغىنى ئۈچۈن، ئادەتتە كىچىك باللارغا بالا - قازا كەلمەسلىكى ۋە كۆز تەگمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈيدۇ. بىرەر ئىش ئۈستىدە قەسەم قىلىشسا خۇددى «چىراغ تۇرۇپتۇ»، «كۈن تۇرۇپتۇ»، «يەر تۇرۇپتۇ» دېگەندەك «نان تۇرۇپتۇ»، «نان ئۇرسۇن»، «يېگەن ناننىڭ ھەققى، ھۆرمىتى ئۈچۈن» دەپ قەسەم ئىچىشىدۇ. ناننى كۈن، زېمىن، يورۇقلۇق بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ ئۇلۇغلايدۇ. نان دەسسەپ قەسەم ئىچىش ئەڭ قورقۇنچلۇق قەسەم سانىلىدۇ. يۇرتىغا، ئۆز قەۋمىگە، ئۆز خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى «تۇزكورلار»، «ئانا سۈتىگە، ئاق نان بېرىپ باققان ئانىسىغا خىيانەت قىلغان مۇناپىق» دەپ قارغىشىدۇ.

نان — ئۇيغۇرنىڭ بۈيۈك كەشپىياتى، سەنئىتى، مەدەنىيىتىنىڭ مەشئىلى، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى باغلىغۇچى، نان — ئانىنىڭ يۈزى، نان — ئانىنىڭ مېھنىتى. نان — ئۇيغۇرنىڭ مۇھەببىتى، ناخشىسى، نان — ئۇيغۇرنىڭ باغرى، ئۇيغۇرنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى — ئانىسى ياققان ئاشۇ ناننى مۇقەددەس بىلىشتە، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا

ئەبەدىي ـ ئەبەت تۈزكورلۇق قىلماسلىقىدا!
ئىشقىيار مەززىلىك ناننى ھوزۇرلىنىپ چايناپ ئولتۇرۇپ، ئۇ ئەقلىنى بىلگەنىدىن
بۇيان بوۋىسىنىڭ نان ھەققىدە ئۇنىڭغا ھارماي ـ تالماي ھەۋەس، ئىشتىياق بىلەن سۆز ـ
لەپ بەرگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغاندەك بولىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن شۇ تاپتا
ئۇنىڭغا ناننىڭ تەمى باشقىچە مەززىلىك تېتىپ كەتتى. ئانىسى قويۇق قايماق بىلەن
راسلانغان چايغا ناننى ئۇشتۇپ سېلىپ، لىققىدە نان چىلانغان ئاپقۇرنى پاكىزە يۇيۇل ـ
غان ياغاچ قوشۇق بىلەن ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. شۇ چاغدا ئىشقىيار نان،
قايماق ۋە يەنە ئاللىقانداق خۇش بۇي بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئانا ھىدىنى ھىدلىدى.
يىگىت چېيىنى ئىچىپ قىسقىلا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراپ ئاتىنى
جابدۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئاتلىنىپ بوز تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ئانا كېلىپ پېشا ـ
نىسىدىن سۆيدى ۋە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۇئا قىلىپ قالدى، ئاندىن
قوشنا ـ قولۇملار بىلەن تونۇر بېشىنى بېسىقتۇرۇپ، ئۇلارغا نانتۇشتا قىلىپ بېرىپ، ھارۋا
بىلەن بوزغا چىقىشقا تەرەددۇتلەندى.

### 29 ـ باب

ئىشقىيار ئەزايىدىن تەر قۇيۇلۇپ، كۆكسى ئۆرىدەپ، ئۆزى چاپچىپ تۇرغان ئات
ئۈستىدە قىيپاش ئولتۇرغىنىچە، كۆزىنى بەيگە پەللىسىگە تىكىپ چۆرىدىشىپ تۇرغان
ئالمان ئىچىگە يوگۇرتۇپ چىقتى. تاي ھەر ھالدا ئۇنى «قىزارتىپ» قويمىدى. بىرىنى ـ
چى بولالمىسىمۇ ئۈچىنچى بوالدى. يەتتە يېزىدىن يىغىلغان بەيگە ئاتلىرىنىڭ ئىچىدە
ئۈچىنچىلىكنى ئېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەيگىگە قاتنىششى تۆتىنچى قېتىم
ئىدى. بۇ قېتىمقى نەتىجە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئەلا نەتىجە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ
كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.
ناھىيىدىن چىققان مېھمانلار ئۇنى قۇشبېشى ئېگەر بىلەن تارتۇقلاپ، ئۇنىڭ قولىنى
سىققاندا، ئىشقىيار ئۇلارنى كۆزلۈككە قوغۇن سەيلىسىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلدى. رەھ ـ
بەرلەر كۈلۈشتى ۋە «چوقۇم كېلىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى. ئىشقىيار ئېگەرنى مەھەل ـ
لىلىك قوشنىسىنىڭ ھارۋىسىغا تاشلاپ بەيگە مەيدانىدىن ئايرىلدى. ئۇ، توپ ئىچىدە
بوۋىسى ۋە ئاپىسىنى كۆرگەنىدى. ئۇ، توپنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا
كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ بوۋىسىغا سالام قىلدى. بوۋاي نەۋرىسىنى قۇچاقلىدى، ئانا
ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلىدى، كۈلۈمسىرىگىنىچە كۆز يېشى قىلدى.
ئىشقىيار ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئېتىغا مىندى ۋە نەغمە قىلىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋات ـ
قان، چېلىشىۋاتقان، پۇت توپى، ئات توپى ئويناۋاتقان، دارۋاز، سارغايدى ئويۇنىنى
كۆرۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ توپلىرىنى ئارىلاپ كېتىپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى
بىئارام ئىدى. ئۇ، توپ ئىچىدىن شۇنچە ئىزلەپمۇ ئىزلىگىنىنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ،
شاۋقۇن ـ سۈرەن دولقۇنلاۋاتقان بۇ مالىمان ئىچىدىن ئايرىلىپ، ئاتنىڭ بېشىنى غول

www.uyghurkitap.com



ئۆستەڭ تەرەپكە قويۇۋەتتى.

ئۇ، ئۆستەڭ بويىغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ جىگدىلىكنىڭ ئەتراپىدىكى چىملىقتا بىر توپ قىزلارنىڭ تۆت-تۆت قولاق ئىزلەپ يۈرۈشكىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىزلەۋاتقان ئادىمى دەل شۇ قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇ كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. قىزنىڭ قولىدا بىر تۇتام تۆتقولاق تۇراتتى.

قىزلار ياشنىغاندا، قىزلار دالىغا چىقىپ تۆتقولاق ئىزلىشىدۇ، تۆت-قولاق بەخت قۇشىنىڭ بەلگىسى، ئۇلار «كىمكى تۆتقولاق تېپىۋالالىسا، شۇ قىز نىكاھتا بەختلىك بولىدۇ. كۆڭلىدىكى يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ. لېكىن تۆت-قولاق بەك ئاز ئۇچرايدۇ. خۇددى ھەممىلا ئادەم بەختلىك بولىۋەرمىگەنىدەك، ئۇنى تېپىۋالغانلارنىڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە پۈتۈن ئالەم ئۆزىنىڭكىدەك، ئۇنى كېلىشكەن، ئاقكۆڭۈل، باتۇر، ئىشچان يىگىت كۈتۈپ تۇرغاندەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تۆتقولاقنى ئۇچرىتالمىغان قىزلار مۆڭلىنىپ، يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈپ يىغلىشىدۇ...

ئىشقىيار قىزلارنى يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى-دە، ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆستەڭ قىرغىقىنى پۈركىۋالغان ئوت-چۆپنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر دەستە قىزىلگۈلنى قولىغا ئالدى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ تېنى دەم قىزىپ، دەم مۇزلايتتى. ئۇ، نەم گۈلنى قوينىغا سېلىپ قىزلار تەرەپكە ئالاقزادىلىك ئىچىدە قارىدى، قىزلار ئۆستەڭ بويىغا سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا گۈلنار ماڭغانىدى. ئاخىرى قىزلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئىشقىياردىن سەل تۆۋەنرەك يەردە غۇجمەكلىشىپ، بىر-بىرىنى نوقۇشۇپ سۇ چېچىشىپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۇلار ئىشقىيارنىڭ نېمىگە كەلگىنىنى ئاللىقاچان پەملىشىپ بولدى. گۈلنار ئۆستەڭ قىرغىقىدا بېشىنى سالغىنىچە قولىدىكى بىر تۇتام كۆكاتنى سۇغا چىلاپ ئويناپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ بىر خىل ھولۇقۇش، ئىنتىزارلىق، ئۇيات جىلۋىلىنەتتى. قىزلار ئۇنى چۆرىدەپ كۈلۈشمەكتە ئىدى.

ئىشقىيار ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدى-دە، قوينىدىكى قىزىلگۈل دەستىسىنى قىرغاق بويلىتىپ سۇغا قويۇۋەتتى، ئاندىن ئېتىغا ئىرغىپ مىندى. گۈل قىزلار ئولتۇرغان يەرگە ئېقىپ كەلدى. گۈلنار دەررۇ گۈلنى سۈزۈۋالدى ۋە ئوت-تەك قىزارغىنىچە سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارغا توغرىلاندى-دە، جاۋاب كۈتۈپ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە كۆرسىتىپ، گۈلنى لېۋىگە تەككۈزدى. قىزلار شۇ ھامان كۈلۈشۈپ چۇرۇلدىشىپ گۈلنارنى قوچاقلىۋېلىشتى.

ئىشقىيارنىڭ بەختتىن يۈرىكى يېرىلغاندەك سېلىپ كەتتى. ئۇ، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ تاماشا بولىۋاتقان تۈزلەڭگە قاراپ ئاتنى قويۇۋەتتى. گۈلنار كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىدىكى گۈلدەستىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆستەڭ بويىدا قالدى. قىزلارنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆستەڭ بويىدىكى جىگدىلىك گۈۋۈلدەپ كەتتى.

ئاشۇ كۈندىن كېيىن ئىشقىيار گۈلنار بىلەن مۇشۇ يەردە پات-پات ئۇچرىشىدىغان بولدى...

## 30 - باب

ئىشقىيار قولىدىكى سىمابتەك لىغىلداپ تۇرغان ئىپەك ياغلىقنى ئېھتىيات بىلەن يۆكلەپ تۆش يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن ھېلىقى ئۈچ بۇرجەك قاتلانغان قەغەزنى ئاچتى.

بۇ گۈلنارنىڭ سالام خېتى ئىدى. خەتنىڭ ئىچىگە بىر تال قىزىلگۈل سېلىنغان ئىكەن، ئىشقىيار تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن گۈلنى تۇتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بارماقلىرى گۈلنارنىڭ نازۇك بارماقلىرىغا تېگىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئىسسىق ئېقىم جۇشقۇنلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تېنى گويا ئېلېكتر سوقۇۋەتكەندەك بىر خىل ئازابلىق جۇغۇلداش ئىچىدە تىترىدى.

ئىشقىيار بىر قولىدىكى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن، يالقۇنىدەك قىزىللىقىدىن قالمىغان گۈلگە تىكىلىپ سېھىرلەنگەندەك ئولتۇرۇپ قالدى. قېنىق يېشىل گۈل بەرگىسىنىڭ بوغۇمىنى ئاق ماۋۇتەك يۇمشاق، قىسقا، يۇمران تۈكچىلەر قاپلىغانىدى. تۆۋەن تەرىپى سۇس ئاقۇش، ئۈچلىرى ھال رەڭ، ئوتتۇرىسى قانىدەك توق قىزىل بولۇپ، بادامسىمان تال - تال ياپراقىدا خۇددى سۆيۈشتىن قىزارغان قىزنىڭ لېۋىدەك بىر جەلىپكار كۈچ ئويناپ تۇراتتى. گۈل ياپراقىنىڭ دوخاۋىدەك يۇمشاق ۋە سىلىق يۈزىدە چېكىم - چېكىم ئالتۇن زەر ۋە تارام - تارام نازۇك ۋە نەپىس سىزىقچىلار تاۋلىناتتى.

ئىشقىيار گۈلنى غۇدۇر - بۇدۇر لېۋىگە تەككۈزدى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ ھۇزۇرلىنىپ كۈچ بىلەن پۇرىدى. قۇرۇغان، لېكىن تېخى پۇرىقى يوقالمىغان سەھرا گۈلىنىڭ خۇش ھىدى بۇ جىمغۇر، تارتىنچاق، تەتۇر ئوستىخان، قامەتلىك سەھرا يىگىتىنى مەس قىلدى.

ئىشقىيار شۇ پېتى بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، ھەرقانداق ئىش قىلسا، ئىنتايىن ئەجۈپلەيدىغان قىزنىڭ قولىدا يېزىلغانلىقى «مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان ئۈنچىدەك ئۇششاق نەپىس قۇرلارغا تەشنالىق بىلەن تىكىلدى. گۈلنارنىڭ ئوتلۇق ۋە چۈچۈك سالىمى مۇنداق باشلانغانىدى:

«مۇبارەك جامالىڭىز كۆڭلۈمگە يېقىن، كۆزۈمدىن يىراق، جاندىن ئەزىز، قەندىن لەزىز، قەلەم قاشلىق، ئالتۇن باشلىق، قۇندۇز چاچلىق، كىيىك يۈرۈشلۈك، ئىنار بويلۇق، رىزۋان خۇيلۇق، قەمەر يۈزلۈك، شەمسى كۆڭۈللۈك، ياخشى ئاتىنىڭ ئوغلى، ئەزىز يۇرتنىڭ گۈلى، باتۇر - باھادىر، ئىشقا قادىر، ئىززەتكە لايىق، ھۆرمەتكە مۇۋاپىق، كۆزۈمنىڭ نۇرى، دىلىمنىڭ پارىسى، شۇۋى قەدرىدەك كېچەيۇ - كۈندۈز مېنى ئۆزىگە تەلپۈندۈرگۈچى ئىشقىيار جانغا سېغىنىپ سالام...»

ئاندىن كېيىن گۈلنار ئاتا - ئانا، ئەل - يۇرتنىڭ ئامانلىقى، «ئۇلۇغ ئارت»دا شۇ كۈنلەردە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە زوق - شوخ بىلەن يازغانىدى — «ئۇلۇغ ئارت» قالتىس ئۆزگىرىپتۇ. يېزىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، يېڭى دوختۇرخانا، ئېلېكتر

ئىستانسىسى، باللار باغچىسى، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇپتۇ. باغلار تېخىمۇ كېڭەيتىلىپتۇ، بوزنىڭ ھەممە يېرىگە ئالا قويماي دېگۈدەك كۆچەت قويۇلۇپ، ئوت-چۆپ تېرىلىپ، يېڭى باغ بىنا قىلىنىپتۇ. ھەر يىلى نورۇز، گۈل، ماش مەشرىپى دېگەنلەر قالتىس كاتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، مەھەللىلەر بولۇپمۇ تەڭتۇش قىز-يىگىتلەر ئىشقىيارنى يوقسىنىدىكەن، بولۇپمۇ ئاشۇ بايرام، سەيلە مەرىكىلىرىدە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ يوقلۇقى بىلىنىدىكەن...

گۈلنار ئاخىرىدا، «سىز يۇرتىنىڭ پەخرى، ‹ئۇلۇغ ئارت› باللىرىنىڭ غورۇرى، ئارمىيىدە ياخشى ئۆگىنىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ، يېزىغا مېدال تاقاپ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمىز...» دەپ يېزىپتۇ.

ئىشقىيار سۆيۈنۈش ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى.

ئىشقىيار گەۋدىسىنى رۇسلاپ خەتنى تۆش يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ كۆزى كۆكۈش تاغلاردىن ھالقىپ يىراقلارغا تىكىلگەندى.

ئۇشتۇمتۇت تەمبۇر تارىسىنىڭ «تىرىڭ» قىلغان ئاۋازى ئىشقىيارنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ يېنىغا بۇرۇلۇپ قارىدى، بۇغا بالىسى تاشقا يۆلەكلىك تەمبۇرنىڭ تارىسىغا تۇمشۇقىنى سۇغاۋاتاتتى.

ئىشقىيار، بۇغا بالىسىنىڭ دۈمبىسىنى مېھرى بىلەن سىلىدى. ئاندىن تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر كۈچلۈك خۇشاللىق، سېغىنىش، ئارزۇ ئۇرغۇپ-كۆۋەجەپ بىر سېزىم، بىر كۈچ گويا توغاننى بۆسۈپ، يامراپ ئېقىش ئالدىدىكى سەلدەك ئۆرىدەپ تاشقىنلايتتى.

ئىشقىيار بارمىقىغا ناخۇلنى كىيگۈزۈپ، تەمبۇرنىڭ تارلىرىنى يېنىككىنە چېرتتى، شۇ ھامان ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر ھارارەت ئۇلىشىپ ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىغىچە تارقىغاندەك بولدى. ئىشقىيارنىڭ بارماقلىرى تەمبۇر پەدىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئىختىيارسىز يۈگۈرۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا قۇياش خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئېگىز تاغلار، قارىغايلار، ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلار قۇياشنىڭ زەر نۇرىغا كۆمۈلگەنىدى. نۇر بىلەن يۇيۇنغان يېشىل دۇنيا تېخىمۇ جىلۋىدار كۆرۈنەتتى. ئىشقىيارنىڭ چېلىۋاتقىنى بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن «ئەجەم» نەغمىسى ئىدى. ئۇ بۇ نەغمىنى شۇنچىلىك ھەۋەس ۋە ئىشتىياق بىلەن ئورۇنلايتتىكى، ئۇنىڭ ناخۇل قىسقان بارمىقى جېپ زىلتار، جېپ بومتار، ئارا يەكتارىنى ھەر بىر چېكىپ-چېرتكەندە، گويا ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى چېكىۋاتقاندەك ئەندىكىپ-ئەندىكىپ تىترەيتتى، گاھىدا ئۇنىڭ ناخۇلى تارنى سۈۋارى سۈرۈپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسى كاماندەك ئېگىلىپ تۈگۈلۈپ قالاتتى، ئۇنىڭ پەدە باسقان بارماقلىرى گاھ پەدىلەرنى تال-تال قىلىپ تەرسە، گاھ باش-بويىغا سىيرىلىپ ياناتتى. گاھىدا بۇ يوغان ۋە قوپال بارماقلار قايسىبىر پەدىنىڭ ئۈستىدە خۇددى خىيالغا چۆكۈپ قالغاندەك توختاپ قالاتتى-دە، ئاندىن يەنە يۈگۈرۈپ كېتەتتى، ئاشۇ بارماقلار پەدىلەرنى

بىر-بىرلەپ تىزىلىپ ماڭغاندا، تەمبۇردىن خۇددى جانان چىنىگە تامچە تامغاندەك بىر خىل رىتىملىق سادا چىقسا، پەدىلەرنى باش بويى سىيرىگەندە خۇددى ئېرىق سۈيىنىڭ ئوقچۇپ، چۇلدۇكلاپ ئاققىنىدەك شوخ ئاھاڭ ياڭرايتتى. ئاھاڭنىڭ ھەر بىر سەكرەتمىسى، ھەر بىر ئەۋجىسى بىلەن تەڭ ئىشقىيارنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھېسسىيات ئىپادىسى نامايان بولاتتى. ئاھاڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ چىرايىدا باللارغا خاس شوخلۇق، كەپسىزلىك ئەكس ئەتسە، گاھىدا كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتلەرگە خاس جۇشقۇنلۇق، قىزغىنلىق ۋە گاھىدا بولسا، بىر خىل مۇڭزارلىق، ھەسرەت، خىيالچانلىق ۋە مۇلايىملىق جىلۋىلىنەتتى.

ئۇ، شۇ تاپتا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، تەمبۇر تىللىرىدىن ياڭراۋاتقان مۇزىكا جەزبىسىگە ئەسىر بولغانىدى.

ئۇ، گويا ھەربىر پەدە بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك، سىردىشىۋاتقاندەك ھەربىر پەدىدىن ياڭراۋاتقان نەپىس، پاساھەتلىك مۇزىكىلىق تىلنى چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنى يۈرىكىگە نەقىشلىۋالماقچى بولغاندەك، سەل مۈكچىيىپ بېشىنى تەمبۇر دەستىسىگە سىڭار يان قىلىپ قۇلىقىنى پەدىگە يېقىنۋالغانىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى پەدە باسقان بارماقلارنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، گاھ كۆتۈرۈلسە، گاھ مۈكچىيىپ ۋە گاھىدا ئاشۇنداق مۈكچەيگىنىچە توختاپ قالاتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى گاھ تۈرۈلسە، گاھ يېشىلەتتى. ئۇنىڭ تېخى باللىق كېتىپ بولمىغان مېيىقى گاھ تەبەسسۇم بىلەن يىمىرىلسە، گاھ ھەيران بولغاندەك سەلگىنە ئېچىلىپ قالاتتى ۋە گاھىدا قەتئىيلىك بىلەن يىپتەك تارتىلاتتى ۋە بەزىدە ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى خۇددى ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان قالغاچ قانىتىدەك لىكىلداپ سەكرەيتتى.

شۇ تاپتا تەمبۇرنىڭ پولات تىللىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ جەلىپكار، ئاجايىپ سۆيۈملۈك بىر دۇنيانى سىزەتلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز ئادەملەرنىڭ چىرايىنى، قەددى-سىماسىنى تىكلەپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇ دۇنيا ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىدى. بۇ — چەت-چۆرىلىرى دەشتى-قۇملۇق بىلەن قورشالغان، دائىم قۇم بورىنى ئۇچۇپ تۇرىدىغان يەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك ئەزىز ئىدى، چۈنكى ئاشۇ يەرنىڭ قۇمساق ئىسسىق قوينى ئۇنى چوڭ قىلدى، ئۇنىڭغا ئەقىل-ھوش ئاتا قىلدى.

بۇ زېمىن ئۇنىڭ ئەجدادى ئاچقان، ئەجدادىنى باققان، ئەجدادى قان تۆككەن، تەر تۆككەن بەك قېرى زېمىن ئىدى، ئۇ دەمدە، شۇ ئاشۇ ئىسسىق زېمىننى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پەقەت ئانا قۇچىقىدىلا تاپالايدىغان ئىللىق راھەتلىك ئېقىم تارقاپ، بۇرنىغا ئانا يەرنىڭ توپىسى پۇرىغاندەك، يۇرت ئاسمىنىنىڭ ئوتلۇق قۇياشى ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، شۇ يەرنىڭ ساددا، قانائەتچان، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئاشۇ زېمىن بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتكەن، بېشىغا چۈشكەن قارا كۈنلەرنىمۇ ناخشا بىلەن ئۇزىتىپ ئادەتلەنگەن خۇشئاۋاز ئادەملەر، يۇرتنىڭ شامىلىدا يېرىلغان يىرىك ئالقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى...

www.uyghurkitap.com



... ئەنە، خۇددى توز قانىتىدەك چىرايلىق «ئۇلۇغ ئارت» يېزىسى، ئۇنىڭ باغرىدا تىنىمسىز دېڭىز ئۆركەشلىرىدەك تەۋرىنىپ گۈۋۈلدەپ ياتقان باغلار، بوستانلار، غۇچچىدە گۈل - چېچەككە كۆمۈلگەن كەڭرى دالا... قويۇق ۋە قېلىن توغراق ئورمانلىرى، ئالتۇن رەڭ جىگدىلەر...

كەچكىچە ئوتلاقتا ئوتلىشىپ كەچقۇرۇن قالتىس داغدۇغا بىلەن مەھەللىگە كىرىپ كېلىدىغان بۇلۇتتەك توپ - توپ قوي، كالا پادىلىرى، ئاتتا قىيپاش ئولتۇرۇۋېلىپ، قومۇش نەي چېلىپ كېلىۋاتقان چوپان يىگىت، ئاشۇ پادىچى ۋە پادىلارنى ھەر كۈنى قىيا - چىيا بىلەن كۈتىۋالىدىغان تىنىمسىز شوخ مەھەللە باللىرى، ئۈپۈق سىزىقىغا ھارغىن باش قويغان قىپقىزىل قۇياش، ئاسماننىڭ تەڭ يېرىمىدە لاۋۇلداپ تۇرغان كەچكى شەپەق، يالغۇز ئاياغ يولدا چېكىلىرىنى رەڭدار رومال بىلەن تېڭىۋېلىپ، گۈللۈك كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپشىتىپ ساي كەكلىكىدەك يورغىلىشىپ سۇغا كېتىۋاتقان، كالا سېغىشقا چىققان قىز - چوكانلار، ئۆستەڭ بويىدىن ياڭراۋاتقان كۈلكە - چاقچاق... قىچقىرىشلار... يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىدىغان، يۈرەكلەرنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئوما ناخشىلىرى، خامان «لاي - لاي»لىرى، رومال بىلەن چېكىسىنى تېڭىپ، ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى يوغان تونۇرغا نان يېقىۋاتقان ئانىسى، ئانىسىغا خېمىر راستلاپ چەككۈچ چېكىپ بەرگەچ قىزىق پاراڭغا چۈشكەن گەپدان خوتۇنلار... سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە ئېرىق ياقىلاپ قوۋۇەتلىك قوللىرىدا يوغان كەتمەننى ئوينىغۇچىتەك پىرقىرىتىپ ئېچىق ئېچىپ يۈرگەن قامەتلىك ھارماس دادىسى، ئاي نۇرىدا قىلىچ تىغىدەك يالتىرايدىغان ئۇيغۇر ئورغىقى، ئۇيغۇر كەتمىنى...

...زېمىنىلا بولىدىكەن گۈل بولىدۇ... گۈل بار يەردە قىز بار، قىز بار يەردە ناخشا، كۈلكە، مۇھەببەت، ئۈمىد، ھايات بار، ئەنە تۆت قۇلاق تېرىپ يۈرگەن «ئۇلۇغ ئارت» قىزلىرىنىڭ خۇش خۇي كۈلكىسى كۆك بوزنى، يېشىل دالىنىڭ باغرىنى سۆيۈپ يىراقلارغا ئۇچماقتا.

ئەنە... ئىشقىيار ئوغلاق بەيگە مەيداندا ياكى چېلىش سورۇنلىرىدا ئالقىش قۇچۇپ قايتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، يىراقتىن مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئىشقىيارنى ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋە لەززەت ئىنئام قىلىدىغان مەھبۇبىنىڭ ئايدەك رۇخسارى؛ باغدا، ئېتىز - قىردا، كۆكۈش ۋادىدا ياڭرايدىغان مۇڭلۇق، يېقىملىق ئۇيغۇر سەھرا كۈيى...؛ ئايدىڭ كېچىلىرى تونۇر بېشىدا، خاماندىكى سامان چۈشەكتە ياكى ئۆگزىدىكە سېلىنغان كىگىز - پالاز ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايدىغان قەدىمكى رىۋايەت ساماۋىي چۆچەكلەر...

ئاھ... يۇرتىنىڭ نورۇز، گۈل سەيلىسى، قوغۇن سەيلىسى، ھېيت - بايرام، توي - مەشرەپلىرى!... ئەنە ئاق يەكتەكنىڭ پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇۋېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن بوۋىسى... بوۋىسىنى چۆرىدەپ... ساما تاشلاۋاتقان يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئۇلۇغ ئارتلىقلار... ئۇلارنىڭ قوللىرى ھاۋانى قىلىچتەك كېسىدۇ. قىزىغان ئاياغلىرىنىڭ زەربىدىن قەدىمكى ئۇلۇغ ئارت يېرى تىترەيدۇ... ئۇلارنىڭ ناخشا - كۈلكىسىدىن قەدىم-

كى سەھەرا تەۋرەيدۇ... ئۇلار بوۋايىنى چۆرىدەپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ئايلانماقتا... ئايلىنىش — تەبىئەتنىڭ چوڭقۇر ۋە بۈيۈك مەڭگۈ ئىگە قانۇنىيىتى. يەر شارى ئايلىنىدۇ، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، جىسمى پلانېت - سەييارىلەر ئايلىنىدۇ، ئايلىنىش ئىنسانلارنىڭ ھاياتى مۇساپىسىدىكى بىر ئۇلۇغ جەريان... ئۇلۇغ ئارتىلغلارنىڭ ئەجدادى مۇندىن يەتتە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئايلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بىلگىنى ئۈچۈن بىر ئەۋلاد ئادەملەرنى يۇتۇۋېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇم ئوپقاندىن، ھالاكەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ بۈگۈنكى ھاياتنى، بۈگۈنكى ئەۋلادنى ياراتقان. شۇڭا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئۇيغۇر «ساما»سى ئايلىنىشدىن پۈتكەن، ئايلىنىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادە قىلىدۇ، ئايلىنىشنى مەزمۇن قىلىدۇ...

... قەدىمكى كۈينىڭ ئۇدارى، رىتىمى، مېلودىيىسى، كۈي تىلى، كۈي پىكرى ياش يۈرەكتە — ھايات ئۈچۈن گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ئىشقىيارنىڭ يۈرىكىدە يېڭىچە ھېس، يېڭىچە ئىنتىلىش، يېڭىچە يالقۇنلاشنى تۇغماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى قاناتلىنىپ، تېخىمۇ يىراققا، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە قاراپ ئۇچۇۋاتاتتى.

ئىشقىيار قەددىنى سەل رۇسلىدى-دە، بىردىنلا ھاڭ-تاڭ بولغىنىدىن قېتىپ قالدى. ئىشقىيارنىڭ ئالدىدا كۆكات باسقان تۆپىلىكتىكى چىملىقتا بايىقى بۇغا بالىسى تەمبۇردىن ياڭرىغان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىدى! خېلىدىن بېرى ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، بۇغا بالىسىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئارقىسى، قاردەك يالتىراپ تۇرغان ئاق تۈك بىلەن قاپلانغان ساغلام كۆكرىكى تەپچىرەپ چىققان تەردىن ھۆللەنگەنىدى...

بۇغا بالىسى گاھ قىيغىتاتتى، گاھ ئالدى ۋە ئارقا پۇتىنى ئايرىم-ئايرىم جۈپلەپ ئۇچۇپ قاڭقىيتتى. گاھ ئارقىچىلاپ شوخشۇيتتى ۋە تۇرۇپلا ئالدىغا ئۇقتەك ئېتىلاتتى ۋە تۆت ئايىغى بىلەن خۇددى مىخلاپ قويغاندەك توختاپ قالاتتى ۋە يەنە قىيغىتىشقا باشلايتتى...

ئىشقىيار چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان مۆجىزىگە چەكچەيگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىچىكىدىن ھەرخىل ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ياشاپ كەلگەنىدى، قۇشلارنىڭ ناۋاسىغا ھەيران قالاتتى، ئۇ گاھىدا قۇشلارنىڭ سايرىشىنىڭ ھەرۋاقىت بىر خىل بولىۋەرمەيدىغانلىقىغا بولۇپمۇ ھاۋا ئوچۇق، كۈن نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئەتراپىنى يېشىللىق قاپلىغان باھار كۈنلىرى ياكى يازنىڭ ئىللىق سەھەرلىرىدە قۇشلارنىڭ شوخ رىتىمدا سايرايدىغانلىقىغا، يامغۇر ياغقان، بوران چىقىۋاتقان كۈنلەردە بولسا سايرىمايدىغانلىقىغا، سايرىسىمۇ بىرخىل مىسكىن، ئاجىز، يىگانە ئاھاڭدا مۇڭلىنىپ قىسقا-قىسقا سايراپ قويىدىغانلىقىغا، بەزىدە بالىلىرىدىن، جۈپلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇچار قۇشلارنىڭ خېلى كۈنلەرگىچە سايرىماس بولىۋالىدىغانلىقىغا، ئىدىتى تۇشۇپ سايرىغان ھالەتتىمۇ تولىمۇ مۇڭلۇق قىلىپ، خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك نالىلىق ئاھاڭدا سايرايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. شۇڭغا قاراپ قۇشلاردىمۇ خۇددى ئادەم بالىسىغا ئوخشاش ھېسسىيات بار ئىكەن ۋە خۇددى ئادەملەر كۈلكە، ناخشا، يىغا، نالە بىلەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندەك، قۇشلارمۇ ھەرخىل

ئاھاڭدا سايراپ، ئۆزىنىڭ شادلىقى ۋە مۇڭزارىنى ئىپادە قىلىدىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەنىدى. بۇغا بالىسىنىڭ ھېلىقى قارلىق دالىدا ئىشقىيارغا ئۇچرىغان چاغدىكى ئايانچلىق ھالىتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن قۇيۇلىۋاتقان كۆز يېشى ئىشقىيارنى تېخىمۇ بەك ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇنى ئېچىنىشتىن ئەندىكتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ چاغدا ئىشقىيار بۇغا بالىسىدا تىل بولمىغىنى بىلەن ئادەم باشتىن كەچۈرىدىغان ئۆلۈم قورقۇنچى ۋە ئاغرىق ئازابىنى بەكمۇ ئاشكارا ئىپادە قىلىشنى بىلىدىكەن، دەپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ، ھايۋانلاردا مۇزىكىلىق سېزىم، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش، سەنئەتتىن ھوزۇر ئېلىش قۇۋۋىتىنىڭ بارلىقىنى ھەتتا بۇنچە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى... ئەمدى ئۇ بىر ھايۋان بالىسىنىڭ ئىشقىيارنى ھاياجانغا سالغان قەدىمكى كۈينىڭ مۇزىكىلىق تىلىنى، ئۇنىڭدا ئىزھار قىلىنىۋاتقان بەدىئىي پىكىرنى خۇددى ئىشقىيار چۈشەنگەنىدەك چۈشەنگىنىگە، ئاشۇ مۇزىكىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھاياجانغا كەلگىنىگە ۋە بۇ ھاياجاننى خۇددى ئادەملەردەك ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادە قىلىشنى بىلگىنىگە ئەقلى يەتمەي تاڭ قىلىنىۋاتاتتى.

بۇغا بالىسى جايىدا ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشقىيارغا قارىدى. ئىشقىيار تېخىچە ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ بۇتتەك قېتىپ قالغانىدى. بۇغا بالىسى تۇرغان جايىدىن كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئاندىن تۇمشۇقىنى تەمبۇرنىڭ تارىسىغا سۈۋاپ دىمىقىدا ئۈزۈك ـ ئۈزۈك مەردى. ئىشقىيار شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كەلدى. بۇغا بالىسى ئىشقىيارنى تەمبۇرنى يەنە چېلىشقا ئۈندەۋاتاتتى.

ئىشقىيار ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا ناخشىنى تەمبۇر تارلىرىغا ئۇردى. بۇغا بالىسى ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، ئويناقلىغىنىچە چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. ئاندىن ئىشقىيارغا قاراپ يەنە كۆكۈللۈككىنە مەردىۋېتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئىشقىيار شۇ تاپتا ۋۇجۇدى سىغدۇرالمىغان جېمى خۇشاللىقى ۋە پۈتۈن دەرد ـ ھەسرىتىنى ئاشۇ تەمبۇرغا، تەمبۇر تىلى ئارقىلىق ئاشۇ بۇغا بالىسىغا تۆكۈپ بېرىۋاتاتتى.

... بۇغا بالىسى ئۇسسۇل ئويىناماقتا، ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ھەربىر تال تۈكى تىترەيدۇ، ئۇنىڭ تەرىدىن ھۆللەنگەن يۇمران ۋە يۇمشاق، ئېقى ـ ئاق، سېرىقى ـ سېرىق، قوڭۇرى ـ قوڭۇر پاكىزە تۈكلىرى قۇياش نۇرىدا قاممەدەك يالتىرايدۇ، ئۇنىڭ تولۇۋاتقان ساغلام ساغرىسىدا قۇياش نۇرى ئوينايدۇ.

ئۇ، گاھ ئۆرىدەپ يۇلقۇنسا، گاھ پۇتلىرىنى جۈپلەپ تاقلايتتى. ئۇ ئۆرىدىگەنىدە بولۇتتەك ئاپئاق كۆكرىكىنى كۈچ بىلەن كېرىپ، ئاھۇ كۆزلىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا تىكسە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ تاقلىدىغاندا، ئەمدى شاخلاشقا باشلىغان يۇمران مۈڭگۈزلىرىنى ئۇچلاپ، نارىنىڭ بويىنىدەك گۈزەل بويىنىنى يەرگە سوزۇپ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن توغرىسىغا كاماندەك ئېگىلەتتى. گاھىدا تۆپىلىكنىڭ ئۇ لېۋىدىن، بۇ لېۋىگە خۇددى تاغ سۇيىنىڭ ئوقچۇشلىرىدەك گاھ ئۆرىدەپ، گاھ پەسلەپ ئوقتەك تېز، لېكىن بىر ۋەزىن بىلەن چاپاتتى. ئۇنىڭ ئىنچىكە، لېكىن قۇۋۋەتلىك ئۇزۇن ئاياغلىرى چاپقىداپ، سوزۇلۇپ، تاراسلاپ چۈشكەنىدە چىملىقتىكى تاڭ شەبنىمىدە يۇيۇلۇپ پاكىزلەنگەن قوندۇزدەك قاپقارا، چىرايلىق تۇياقلىرى قۇياش نۇرىدا خۇددى تۈن ئاسمىنىدىكى ئاققان يۇلتۇزدەك چاقناپ

يالتىراپ قالاتتى...

ئىشقىيار گويا بىھوشلانغاندەك ئۆزىنى تامام ئۇنتۇپ، تەمبۇرنى بارغانسېرى ئۈنلىتىپ ناۋا قىلماقتا ئىدى. شۇ تاپتا تەمبۇرنىڭ پولات تارلىرى ئۇنىڭ پەدە باسقان بارماقلىرىنىڭ گۆشىنى ئويۇۋەتكىنىنىمۇ، ناخۇل قىسقان بارمىقىنىڭ ناخۇلىنىڭ پولات چەمبىرىدىن غاجىلىپ، بوغۇم بولۇپ كېسىلىپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ ھېچ سەزمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئىلھام، ھەۋەس، ئىشتىياق ئۇنى پەقەت چېلىشقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چېلىشقا ئۈندەيتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى گويا بىر پارچە يالقۇنىدى...

ئادەم بالىسى ياڭرىتىۋاتقان جۇشقۇن كۈي، ھايۋان بالىسى تەڭكەش قىلىۋاتقان گۈزەل ئۇسۇل شۇ دەمدە يېشىل تۆپىلىكنىڭ ئۈستىنى ئەپسانىۋى گۈزەللىككە، رىۋايەت سېھرىگەرلىكىگە ئىگە بىر دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ گۈزەللىكنىڭ كۈچ قۇدرىتىدىن تاغلار، ئورمانلار، ئوتلاق، چىملىقلار ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئارقىسىغا سۈرۈلدى. تەبىئەت ئانا گويا ئۆزى ياراتقان ئادەم ۋە ھايۋاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى گۈزەل ۋە بۈيۈك ئەسەرنىڭ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئەركىسىنىڭ، بۇ ئىككى تەقدىرداش جانىنىڭ بىرلىشىشىدىن خۇشاللىنىپ، بۇ ئىككى سەنئەتكارنىڭ ھايات، سۆيگۈ تەقدىر، ئىقبال، ئىشەنچ، بۇرچ، ئەخلاق تېمىسىدىكى گېنىئال سەنئەت نومۇرلىرىنى بىرلىكتە توسقۇنسىز، ئەركىن-ئازادە، بەھۇزۇر ئورۇنلىۋېلىشىغا سەھنە راسلاپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، تىللىق بىلەن تىلسىز ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە تەقەززا، بىر-بىرى بىلەن تەقدىرداش، لېكىن بىر-بىرى بىلەن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن، قايسىبىرى زوراۋانغا، قايسىبىرى مەھكۇمغا، قايسىبىرى يوقاتقۇچىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىككى قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك چۈشىنىش ئىدى. يەر شارىدىكى ھاياتنىڭ ئۇلى بولغان چۈشىنىش ۋە سۆيگۈ نامىغا بېغىشلانغان سەلتەنەتلىك سىمفونىيە ئىدى...!

ئۇشتۇمتۇت «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەمبۇر چىرتىشتىن توختاپ قالدى. ئىشقىيارنىڭ شىددەتلىك ناخۇل سوقۇشىدىن پولات ناخۇل سۇنۇپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ئەلەم ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە بارمىقىدىكى ناخۇل سۇنۇقىغا قاراپ لېۋىنى چىشلەپ قالدى. بۇغا بالىسىمۇ پەسكارىغا چۈشۈپ، ئىشقىيارغا ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئۇزايىدىن ئۇ تولىمۇ خۇشال ۋە رازى بولغانىدەك ئىدى. ئۇ، ئۇزۇن ئاياغلىرىنى سىلكىپ چامداپ نازاكەت بىلەن ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

## 31 - باب

ئىشقىيار ئەركىلىگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى پۇراپ ھىدلاۋاتقان بۇغا بالىسىنى بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— كەل ئەقىللىقىم، كەل... بۇنداقمۇ كېلىشەڭگۈ، بۇنداقمۇ كۆڭۈلچەك، بۇنداقمۇ ئەلتەك بولارسەنمۇ؟... مەن ئۇلۇغ ئارتىنى، بوۋامنى، ئاتا-ئانامنى، گۈلنارنى سېغىنغانىدىم، مەن ھاياتنى كۈيلىگەنىدىم، مەن ئانا زېمىننى، ئانا تەبىئەتنى، سۆيۈملۈك ئادەم-

www.uyghurkitap.com

لەرنى، جىمىكى ئۇچار- قانات ھايۋاناتنى ۋە ئۇلارغا كېرەك بولغان مۇھەببەتنى، سۆيگۈنى، ئىشەنچ، ئۈمىد، جاسارەتنى، يەر شارىمىزنىڭ پارلاق ئەتىسى ئۈچۈن يەر شارىدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سائادەتلىك كەلگۈسى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئەبەدىي تىنچلىقنى، ئۇلۇغ ئەمگەكنى مەدھىيىلىگەنىدىم. يەر شارىدا يېشىللىق، ناخشا، مۇھەببەت، ئىشەنچ، دوستلۇق، چۈشىنىش، ئەرك ۋە ھۆرلۈكنىڭ ئەبەدىل - ئەبەت جىمى جانلىققا ئورتاق بايلىق بولۇپ قېلىشىنى چىن دىلىمدىن تىلىگەنىدىم. بۇنىڭ تېگىگە يېتىپسەن، مەن بىلدىم، ھاياجانلاندىڭ، مېنى ئالقىشلىدىڭ، تەنتەنە قىلدىڭ، مېنىڭ يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققاننى سەن ئۆزۈڭنىڭ گۈزەل قىياپەت سىمايىڭدا شەكىلگە ئىگە قىلدىڭ، مېنىڭ تەمبۇرۇمنىڭ پولات تارىدا سۆزلەنگەن مۇزىكىلىق تىلنى نەپىس ئۇسسۇل تىلىغا ئايلاندۇرۇپ جاراڭلاتتىڭ، مېنىڭ يۈرىكىمگە قايتا ئورناتتىڭ. سېنىڭ ھايۋان بولۇپ قالغىنىڭغا ھەيرانمەن ياكى بىز ئادەملەر ھايۋانلارنى تېخىچە چۈشىنىپ بولالمىدۇقمىكىن؟! راست، بىز سىلەرنى چۈشىنىپ بولالمىدۇق، شۇڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نۇرغۇن سەۋەنلىكنى سادىر قىلدۇق... ئەمدى ئادەملەر ئەقىللىق بولۇپ قالدى... دەۋر ۋە ئادەملەر ئۆزگىرىۋاتىدۇ... كۆپ سانلىق ئادەملەر ئويغاندى. ئۆزىنىڭ خاتاسىنى تونۇپ يەتتى. سىلەرنىڭ ئەتەڭلارمۇ بىزگە ئوخشاش بەختلىك... سەن بۇنىڭغا ئىشەنگىن... ئادەملەر سىلەرنى سۆيىدۇ!

ئىشقىيارنىڭ، تىنىقلىرىدىن يالقۇن تەپتى كېلەتتى. ئۇ بۇغا بالىسىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا تىنىمسىز ۋە ئالدىراپ پىچىرلايتتى، ئۇنىڭ دىمى قىسىلىپ، سۆزلىرى پات - پات ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

— چۈشىنىمەن، قېرىندىشىم، سېنىڭ ئاشۇ نەپىس ئۇسسۇلىڭدىن چۈشىنىۋاتىمەن، سەن ئاناڭنى سېغىندىڭ، ئۆز توپ - قېرىنداشلىرىڭنى سېغىندىڭ، سېنى ئۆستۈرگەن ئانا تەبىئەتنىڭ ئىسسىق قۇچىقىنى سېغىندىڭ... ئەمدى سەن ئازادسەن! سەنمۇ ئۆز ئەركىڭ بويىچە ياشا! مەن سېنى ئاشۇ كىچىك قاشادىن ئازاد قىلدىم، ئاناڭنى تاپقىن، ماكانىڭنى تاپقىن!... مەن پەقەت سېنى «ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن» دەپ شۇنچە ئۇزۇن تۇتۇپ قالدىم... بۇنى چۈشىنەرسەن، خەير... ساڭا ئاقيول، ئامانلىق تىلەيمەن. مېنى ۋە سەن ئۈچۈن مەن بىلەن ئوخشاشلا جەبىر چەككەن ياتاقداشلىرىمنى، ئاشپەز تاغاڭنى، ئاقكۆڭۈل سىياسىي رەھبەرنى، ئىنتىزامدىن چىقىپ سېنى ياتاقتا بېقىشىمغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىجازەت قىلغان روتا كوماندىرىنى، بىزنىڭ ئىللىق ۋە سۆيۈملۈك گازارمىمىزنى، ماۋۇ تۆپىلىكنى، سەن بىلەن مېنىڭ دىل رىشتىمنى باغلىغان بۈگۈنكى خەيرلىك تاڭنى ئۇنتۇما، قېرىندىشىم... ئەلۋىدا!...

ئىشقىيار تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بۇغا بالىسىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تەمبۇرنى قولىغا ئالدى-دە، بۇغا بالىسىغا قىيمىغاندەك ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلىپ، قىزىق ئالقانلىرىدا ئۇنىڭ يۇمران مۈڭگۈزىنى، چىرايلىق قاشقىسىنى، نەم ۋە سىلىق قارا تۇمشۇقىنى ئاخىرقى قېتىم سىلاپ قويۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ ماڭدى. ئۇ، بىر ھازا ماڭ-

غالدىن كېيىن، بۇغا بالىسى بىلەن ئاخىرقى رەت خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئارقىسىغا ئۆرۈ-
لۈپ قارىدى - دە، جايىدا تۇرۇپ قالدى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئويناقلاپ
سوكىدىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ توختاپ قالغىنىغا ھەيران بولغاندەك،
سەبىي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ مەردى.

— ۋۇي، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ سېنى ئازاد قىلىۋەتتىم، دېدىمغۇ؟ نېمە؟ مېنى رەن-
جىيدۇ دەمسەن؟ ياق بۇرادەر... سەن ئەركىنلىكنى تاپساڭ خۇشال بولىمەن... ماڭ
كەتكىن... ئاناڭ كۈتۈپ تۇردۇ،— ئىشقىيار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يولىنى داۋام قىلدى.

يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئىشقىيار ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقان «شىپىر - شىپىر»
قىلغان تىۋىشنى ئاڭلاپ، ئورنىدا توختاپ ئۆرۈلدى.

بۇغا بالىسى ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئىشقىيار
بىلەن تەڭ ئۇمۇ توختىدى ۋە ئاچچىقى كەلگەندەك شېغىللىق يەرگە «تاق» قىلىپ ئالدى
ئايىغىنى ئۇردى. لېكىن تۇرغان جايىدىن يەنىلا قوزغالمىدى.

— تازىمۇ بىزەڭ شىراغۇل نېمىكەنسەنغۇ، ئۆزۈڭ!— ئىشقىيار كۈلۈۋەتتى،— كۆزۈڭ-
نى پارقىرىتىپ تۇرۇۋېلىپ مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ مەن دېگەن ھەربىي ئادەم بۇرادەر،
سەندىن دائىم خەۋەر ئالالمايمەن... ئەڭ ياخشىسى، ئەمدى كەت...

بۇغا بالىسى يەنە بايىقىدەك ئاچچىقى بىلەن يەرنى تىلغىۋەتتى.

— پاھ...! ئاچچىقىڭ كەلدىمۇ؟ ۋاي دىلى نازۇكەي... ۋاي بايقۇش، بوپتۇ، رەن-
جىمە، بەرىبىر كەتمەيدىغان ئوخشايسەن، سائەتتى كەلگەن بىر كۈنى كېتەرسەن، ئەمدى
سېنى بېقىش مەسىلىسى... ھەر ھالدا بىر گەپ بولۇپ قالار، قېنى، يۈر، كەتتۇق!

بۇغا بالىسى خۇشال بولغاندەك كۆڭۈللۈك مەرىۋەتتى، ئىشقىيار تەمبۇرىنى مۈرىسىگە
ئېلىپ، گازارمىغا قاراپ يۈگۈردى، بۇغا بالىسىمۇ دىگگوكلاپ سەل ئاقساپ ئارقىسىدىن
چېپىپ كەتتى. ئۇلار گازارمىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەتىگەنلىك تاماققا سىگنال چېلىنغاندى-
دى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى قاشاغا كىرگۈزۈپ قويۇپ ياتاققا كەلدى.

شۇ كۈنى ئۇ گۈلنارغا بىر پارچە خەت يازدى. ئۇنىڭ بۈگۈن يازغانلىرى ئىلگىرى-
كىدىن باشقىچىرەك ئىدى...

## 32 - باب

بۇغا بالىسى يەنىلا بۇ جۇشقۇن، جەڭگىۋار، ئىناق ۋە كۆڭۈللۈك ئائىلىنىڭ بىر ئە-
زاسى بولۇپ قالىۋەردى.

ئۇنى ھەممىلا كىشى ياخشى كۆرەتتى. جەڭچىلەر ئۇنىڭ ئىنچىكە ئاۋازدا، قىسقا-
قىسقا قىلىپ يېقىملىق مەرەشلىرىگە، خۇددى تاڭ ئاسمىنىدەك بىغۇبار، روشەن كۆزلىرىنىڭ
مۇلايىم قاراشلىرىغا، گاھىدا خۇددى جەڭچىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولىۋاتقاندەك،
ئۇلارنىڭ كۆزىچە شوخلۇق قىلىپ، تىنىمسىز قىيغىتىشلىرىغا ۋە بەزىدە بولسا ئۇنىڭغا ئوت-
چۆپ ئەكېلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىغان جەڭچىلەرنىڭ قوللىرىنى نەم،

قارا خۇرۇمدەك سىلىق ۋە پارقىراق تۇمشۇقى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندەك ھىدلاپ غۇدۇر-بۇدۇر تىللىرى بىلەن سەبىيلەرچە يالاشلىرىغا بەك ھېرىسمەنىدى.

بەزى جەڭچىلەر ئۇنى «شتاتتىن سىرت جەڭچى» دەپ ئاتىسا، بەزىلىرى چاقچاق قىلىپ «ئىشقىيارنىڭ ئۇكىسى» دەپ چاقىراتتى. ئۇ گويا ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋار، ئەركە-ئارزۇلۇق كەنجى بالىسىدەك ھەممىلا ئادەمنىڭ غەمخورلۇقىغا، خەيرخاھلىقىغا ئېرىشكەنىدى. ئىشقىيارنىڭ ئوددىلىنىيىسىدىكى يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس بولغاچقا، ئۇنى ئىشقىيارغا ئوخشاشلا قەدىرلىشەتتى، ھەر قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا بۇغا بالىسىنىڭ نېسىۋىسىنى ئالايىتەن ئېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى. بۇغا بالىسى ياتىدىغان ئېغىلنى تازىلاش، ئۇنىڭ تېگىنى قۇرۇقداش، ئۇنىڭغا ئوت-چۆپ تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنى يىگىتلەر بىر-بىرى بىلەن تالىشىپ ئىشلەيتتى. ئىشقىيارلارنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى ئۆزگىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئايرىم مەشق قىلاتتى، مەشق ۋەزىپىسىمۇ باشقا ئوددىلىنىيىگە قارىغاندا ئېغىر ئىدى، گازارمىدا بولىدىغان ۋاقتى ئاز بولاتتى. شۇڭا ئۇلار مەشىققە چىقىشتىن ئىلگىرى بۇغا بالىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تەق قىلىپ قوياتتى، ئېغىلنى تازىلاپ، ئۇنى سۇغىرىپ تويغۇزۇشاتتى. ئىشقىيار ئوددىلىنىيىنىڭ كۈندىلىك مەشق پىلانىنى تۈزۈش، ئۇنى روتا باشلىقلىرىغا دوكلات قىلىش...لار بىلەن بەنت بولۇپ، باشقىلاردىن بەكرەك ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىدىن ۋايىم يېمەيتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭغا زادىلا ئىش ئاشۇرۇپ قويمايتتى.

كېيىنچە ئىشقىيارنىڭ ئوددىلىنىيىسى كۈنلەپ-كۈنلەپ دالىدىن قايتالمىغىنىدا، باشقا ئوددىلىنىيىنىڭ جەڭچىلىرى، ئاشپەز يىگىتلەر، ھەتتا سىياسىي رەھبەرمۇ پات-پات بۇغا بالىسىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولۇشتى. ئەزەلدىن گازارمىدا بۇغا بالىسىنى بېقىشقا ئانچە رازى بولماي كېلىۋاتقان روتا كوماندىرىمۇ ئاندا-ساندا قاشانىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇ يىراقتىن بۇغا بالىسىنىڭ ئوت-چۆپ چاينىشىغا، ياكى بولمىسا ئاپتاپقا قاقلىنىپ، يايراپ-يېيىلىپ يېتىپ كۆشەشلىرىگە خېلىغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۈنچىقماي كېتىپ قالاتتى. گاھىدا خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا، ئۇنىڭغا بىرەر پارچە نان تاشلاپ بېرەتتى. روتا كوماندىرى ئادەتتە ئۆزىنىڭ تازىلىقىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەچكە بۇغا بالىسىغا زادى يېقىنلاشمايتتى. باشقا جەڭچىلەردەك ئۇنىڭ دۈمبىسىنى، چىرايلىق مۈڭگۈزلىرىنى سىلىمايتتى. بۇغا بالىسى يەرگە تاشلانغان ناننى «تازا ئەمەس» دەپمۇ، ياكى روتا كوماندىرىنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىنى ھار ئېلىپمۇ ئىشقىلىپ كۆپ ھاللاردا ئۇ تاشلاپ بەرگەن ناننى يېمەي قوياتتى.

قانداقلا بولمىسۇن بۇغا بالىسى گازارما شارائىتى يار بەرگەن ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ تۈجۈپىلەپ كۈتۈشى بىلەن بۇغا بالىسى كۈنسېرى توشۇپ تولۇمەكتە ئىدى. بۇغا بالىسىنىڭ تۈكى ئېپەكتەك تاۋلىناتتى. ئۇنىڭ بەك چاپسان ئۆسۈپ يەتتە تال شاخچا بولۇپ ئايرىلىشقا باشلىغان يۇمران مۈڭگۈزى خۇددى تۇزنىڭ تاجىسىدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بۇغا بالىسىنىڭ كۆزىدىكى مۇڭزارلىق، قايغۇ، چۆچۈش، قورقۇشنىڭ ئورنىنى ئەمدى گويا خۇشاللىق، مەمنۇن-

لۇق ئىگىلىگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى مۇلايىم ۋە ئىدىللىشىپ، ئۆزىگە قاراپ كۆلۈۋاتقان ھايات ۋە ئادەملەرگە بىرخىل شادىيان ھەيرانلىق ئىچىدە مۆلدۈرلەپ باقاتتى.

شۇ كۈنلەردە ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ ھەدىمەيلا ئۆسۈپ چوڭىيىپ، ھەقىقىي يېتىلگەن بۇغا بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى، شۇڭا ئۇنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ جېنى ئىچىگە پاتماي قېلىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنى قاشا ئىچىگە سولاپ قويۇش ئارتۇقچە ئىدى.

ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى قاشادىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ گازارمىنىڭ قورۇسىدا، ھەتتا گازارمىنىڭ ئەتراپىدا بەھۇزۇر قېيغىتىپ يۈرىدىغان بولدى.

بۇغا بالىسى كۈنسېرى ئادەملەرگە ئىچىكىپ كەتتى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمدىن ھېچ يىقمايتتى. ئۇ، ماش رەڭ فورما كىيگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى بىلىۋالغاندەك، ئەتىدىن كەچكىچە ئادەملەرگە سۈكۈشۈپلا يۈرەتتى. بەزىدە گازارمىدا باشقا جەڭچىلەر قالمىغاندا، پوستىكى جەڭچىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ ئۇنى پۇراپ، ھىدلاپ چۆگىلەپ يۈرەتتى. ئۇ بارا-بارا گازارمىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە بىخارامان كىرىدىغان بولۇپ قالدى، بەزىدە ھەتتا روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ ئۇسۇپ كىرىپ كېتەتتى. مۇبادا روتا كوماندىرى قوغلىۋەتسە، خۇددى ئەتەي ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك، قاناتلىرى ئۇچۇق دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، دېرىزىدىن ئىشخانا ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ، روتا كوماندىرىنى بىزار قىلاتتى، بەزىدە جەڭچىلەر تىزىلىپ تۇرغاندا، ئاستىلا كېلىپ ئىسترويىنىڭ بېشىدا، ياكى ئىسترويىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان جەڭچىنىڭ يېنىغا كېلىپ گېدىيىپ تۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن جەڭچىلەرنى «پاراقىدە» كۈلدۈرۈۋېتەتتى. كۆپ ھاللاردا روتا كوماندىرى بۇغا بالىسىنىڭ قىلىقىدىن تېرىكىپ، ئۇنى قوغلىغۇزۇۋېتەتتى، بەزىدە كارى بولماي قوياتتى.

كېيىنچە بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ ئوددىلىنىيىسى سىرتقا مەشىقە چىققاندا، ئوددىلىنىيىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بارىدىغان بولۇۋالدى. ئىشقىيار ئۇنى قالدۇرۇپ قويماقچى بولۇپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى، ئاخىرى ئىشقىيارمۇ ھارغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەركە ئايناق بۇغا بالىسى ھېچ تارتىنماي سەپنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇۋېلىپ، كۈنبويى ئىشقىيار بىلەن بىللە بولىدىغان بولدى. سەپتە كېتىۋېتىپ جەڭچىلەر توختىسا ئۇمۇ توختايتتى، يۈگۈرسە يۈگۈرەتتى. مەشىق ۋاقتىدا مەشىق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاپ يۈرەتتى، ياكى چۆپلۈكنىڭ ئارىسىدا، قارىغاينىڭ ئاستىدا سەگىدەپ، ئۈگدەپ ياتاتتى. قايتىشقا چېلىنغان سۋىستوكنى ئاڭلىغان ھامان نەدىن بولمىسۇن چېپىپ كېلىپ يەنە سەپكە قوشۇلۇۋالاتتى.

بەزى جەڭچىلەر «ئىشقىيارلار ئوددىلىنىيىسى» ياكى «ئالاھىدە ئوددىلىنىيە» دېگەننىڭ ئورنىغا چاقچاق قىلىپ، «بۇغا ئوددىلىنىيىسى» دەيدىغان بولۇۋالدى. ئاخىرى بۇ ئىسىم مۇسابىقە ئۈچۈن ئالاھىدە تاللانغان بۇ ئوددىلىنىيىنىڭ غەيرىي رەسمىي نامى بولۇپ قالدى.

ئىشقىيارنىڭ بوش ۋاقىتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئىشقىيار يىگىتلىرىنى بۇ داغدۇغىلىق كۆرەككە دېيەرلىك تەييارلاش ئۈچۈن ئۇيقۇنى ئازراق ئۇخلاشقا،

www.uyghurkitap.com

باشقىلاردىن ئازراق دەم ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھەربىيگە خاس مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى، ئەسكەرلىك غۇرۇرى، شەرەپ قازىنىش ئىستىكى، ياش يىگىتلەرچە بەسلىشىشتىن شادلىنىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىش سېزىمى، يېڭىشتىن كېلىدىغان ھۇزۇرغا ئىنتىلىش ھېسسى ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئارامسىزلاندۇراتتى، قاتتىق ھاياجانغا سالاتتى ...

روتا باشلىقلىرى ئىشقىيارنىڭ ئەمگىكىدىن رازى ئىدى. روتا كوماندىرى دەسلەپتە مەشققە توپتوغرا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئىشقىيارنىڭ ئۆزىگە قويۇۋەتتى. ئۇ، ئىشقىيار ھەم ئۇنىڭ خارىستەك يىگىتلىرىدىن ۋايىم يېيىش ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى. سىياسىي رەھبەر ئىشقىيارنى ۋاقتى ـ ۋاقتى بىلەن يوقلاپ تۇراتتى. ئۇ، ئىشقىيارغا ئىچىكىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئىشقىيار بىلەن ئۇزۇن ـ ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىشقىيارمۇ سىياسىي رەھبەردىن ئۆزگىچە يېقىملىق كۈچ، ئۆزگىچە رىغبەت ئالغاندەك بولۇپ، روھلىنىپ كېتەتتى. ئادەتتە كۆپ سۆزلىمەيدىغان بۇ سەھرا يىگىتى نېمىشقىدۇر سىياسىي رەھبەر بىلەن مۇڭداشقاندا ئىچ باغرىدىن چىقىرىپ دەردلەشكۈسى كېلەتتى. سۆزمەن بولۇپ قالاتتى. ئۇ، ئەسكەرنىڭ خىيالى، جەڭچىنىڭ ئاجايىپ ئارمانلىرى، يولداشلىرى، زېمىن، تىنچلىق، ئىنسان، ئەتە توغرىسىدىكى شېرىن ئويلىرى بىلەن سىياسىي رەھبەرنى سۆيۈندۈرسە، بالىلىقى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئايمىقى، بوۋىسى، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى ۋە ئاشۇ قەدىردان ئۇلۇغ ئارتىلىق ئادەملەر توغرىسىدا قىزىق ـ قىزىق لەتىپىلەرنى توقۇپ، بۇ ئېغىر بېسىق ئادەمنى بولۇشىغا كۈلدۈرەتتى. سىياسىي رەھبەر بولسا، ئۇنىڭغا ۋەتەن ۋە دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى، ئەتىسى توغرىسىدا، بىر ئادەمنىڭ بۇرچى، يولى، ئىقبالى ھەققىدە سۆزلەپ بۇ يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا يېپ ـ يېڭى بىر دۇنيانى سۈرەتلەپ بېرىپ، ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

ئىشقىيار گۈلنارغا يازغان خېتىدە: «بوۋامدىنلا قالسا، شۇ چاققىچە مەن كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىلىملىك، كۆپنى كۆرگەن، ماڭا ئانامدەكلا ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بىردىنبىر ئادەم بىزنىڭ مۇشۇ سىياسىي رەھبەر» دەپ يازغانىدى.

... ئىشقىيار ئەنە شۇ ئالدىراشلىق كۈنلەردىمۇ بۇغا بالىسىنى بىر مىنۇتمۇ يادىدىن چىقارمىدى. ئىش ئۈستىدە ئۇنىڭدىن دېيەرلىك خەۋەر ئالالمىسىمۇ، كېچىككىنلا ئارا بولسا، ۋاقتىنى بۇغا بالىسى بىلەن ئۆتكۈزدى، بولۇپمۇ كەچلىك تاماق بىلەن ئۇخلاشقا سىگنال چېلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئۇ ئادەتتىكى توپ ئوينايدىغان، كىنو ـ تېلېۋىزور كۆرىدىغان يولداشلىرى بىلەن دۇتار ـ تەمبۇر چېلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئىختىيارىي ھەرىكەتنى تەرك قىلغانىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بۇغا بالىسىنى ئارقىسىغا سېلىپ ھېلىقى تۆپىلىككە چىقاتتى. ئۇ يەردە كۈننىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا تەمبۇر چېلىپ بېرەتتى.

قېرىنداش ئوددىلىنىيىدە شاكىر دەيدىغان بىر جەڭچى بولۇپ، ئۆزى شالاقراق بىر يىگىت ئىدى، تولا چاغلاردا باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ يۈرەتتى. ئاشۇ يىگىت بۇغا بالىسىنى كۆرگەنلا يەردە ئەتەي ئۈركۈتۈپ، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئۇنى سۈـ

رۇپ-قوغلاپ ئارام بەرمەيتتى. بۇغا بالىسى ئاشۇنداق چاغدا چۆچۈپ ئالاقزادە بولۇپ جېنىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى. ئۇ يىگىتنى يىراقتىن كۆرسىلا بۇغا بالىسىنىڭ كىچىككىنە قۇلاقلىرى شىكىتتىيىپ، كۆزىنىڭ ئېقى يوغىناپ چەكچىيىپ كېتەتتى ۋە ئۇ يىگىتتىن قېچىپ ئىشقىيارنى ھىمات قىلغاندەك، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىۋالاتتى، ئىشقىيار بۇ يىگىتنى بۇنداق ئەخمەقلىقنى توختىتىشقا ئاگاھلاندۇرماقچى بولغانىدى، لېكىن ئەدەب يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلالمىدى. بىر كۈنى ئىشقىيارنىڭ يېنىدا جىم تۇرغان بۇغا بالىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ، بۇغا بالىسىنى يۇلقۇشلاپ ئارقىچىلاپ سۆرەشكە باشلىدى. بۇغا بالىسى قورققىنىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ، چاپچىپ-ئۆرىدەپ يۇلقۇنۇپ كەتتى. بىر كەمدە ھېلىقى يىگىت بۇغا بالىسىنىڭ ئارقا پۇتىغا چىرماقداپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى-دە، قۇيرۇقىنى قويۇۋېتىپ «كاپ» قىلىپ ئۇنىڭ مۈگۈزىدىن قامالىۋالدى. ئاندىن ھېچ ئەيمىنمەي بۇغىنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالدى. بۇغا بالىسى قىينالغىنىدىن پۇشۇلداپ ئېگراپ كەتتى. جەڭچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان ئىشقىيار دەسلەپتە ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالغاندەك قىلدى، ئاخىرىدا چىدالماي ئورنىدىن تۇرۇپ بارغىنىچە ھېلىقى جەڭچىنىڭ گەجگىسىدىن خۇددى بۆركۈت چۈجىنى قامالىغاندەك قامالاپ، ئۇلاقتۇرۇۋەتتى. يىگىت پۇلاڭلاپ بېرىپ يەرگە «گۈپپىدە» يىقىلدى. بۇغا بالىسى ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ كەتتى ۋە خۇددى ئىشقىيارغا شىكايەت قىلغاندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئىشقىيار شۇ چاغدا بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىدا پاخپىيىپ تۇزۇپ تۇرغان بىر تۇتام تۈككە كۆزى چۈشتى، ئۇ بۇغىنىڭ بويىنىنى سىيپىۋىدى، بىر مۇنچە تۈك ئۇنىڭ قولىغا چىقتى، ئىشقىيار قولىدىكى تۈككە قاراپ چەكچىيىپ بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن تۈكنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە ھېلىقى يىگىتنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يىگىت يىقىلغان يېرىدىن ئىنجىقلىغىنىچە ئۆمىلەپ قوپۇۋاتاتتى. ئىشقىيارنىڭ چىرايى چويۈندەك قارىداپ كەتكەنىدى، لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ، غەزەپتىن چوغدەك يېلىنجاپ كەتكەن ۋە قىپقىزىل قان تىقىلغان كۆزلىرى بىلەن ھېلىقى يىگىتنىڭ كۆزىگە پىچاقتەك قادالدى. ئىشقىيارنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان بايىقى شەھەرلىك يىگىت قورققىنىدىن بەزگەكتەك تىترىگىنىچە ئارقىسىغا شوخ-شۇپ چېكىندى.

— مۇتىھەم... لۈكچەك...— دېدى ئىشقىيار غەزەپلىنىپ يېرىلغۇدەك ھالەتتە ھېلىقى يىگىتنى قىستاپ،— سەن... سەن ئادەممۇ نېمە؟! كەل، مېنىڭ تۈكۈمنى يۇلغىن!... مېنى يىقىتىپ ماڭا مىنگىن!... ئادەم تۈسىنى يوقاتقان ئەخمەق!...

بىر پالاكەت يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىشقىيار بايىقى يىگىتنى ئۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، بايا ئىشقىيار بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان جەڭچىلەر يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كېلىشىپ، ئىشقىيارنى ئاران توسۇپ قالدى.

— ئىككىنچىلەپ بۇغا بالىسىغا يېقىنلىشىدىغان بولساڭ، بوينۇڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، ئىتنىڭ بالىسى!...— دەۋەتتى ئىشقىيار ئاخىرىدا ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇپ. شۇ چاغدا سىياسىي رەھبەرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغانىدى. سىياسىي

www.uyghurkitap.com

رەھبەر ھېلىقى يىگىتنى تېخىمۇ بەتتەررەك قىزارتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى جەڭچى بۇغا بالىسىغا يېقىن يولىمايدىغان، ئىشقىيارنى كۆرسە يىراقتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى.

## 33 - باب

ياز كۈنلىرىدە تاغ كېچىسى بەك سالقىن بولىدۇ. نەم ۋە سوغۇق شامال كىشىنىڭ غولىنى قورۇپ، شۈركۈندۈرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، روتا كوماندىرى ئىشخانا دېرىزىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى تالادىكىلا سوغۇق ئىدى، چىراغ غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. كەنتىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سىياسىي رەھبەر بىلەن روتا كوماندىرى بىر - بىرىگە روبىرو قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

روتا كوماندىرى تاماكىسىنى لېۋىگە قىستۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ، تورۇسقا قاراپ سىڭار يان ئولتۇراتتى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پات - پات سىياسىي رەھبەرگە قاراپ قوياتتى، سىياسىي رەھبەر جەينىكىنى كەنتىرگە تىرىگىنىچە ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان قويۇن دەپتىرىگە تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، ئۆزى چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى، تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شورايتتى.

بۈگۈن پولكتىن سىياسىي رەھبەرنى ھەربىي رايونغا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشنى ھەربىي قىسىملاردىن باشلاش» توغرىسىدىكى قارارى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بېرىشقا ئۇقتۇرۇش قىلىنغانىدى. بۇ قېتىمقى ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتنىشىدىغان ئوددىلىنىيىنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى — پۈتۈن پولكنىڭ شان - شەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا پولك رەھبەرلىرى بۇ ئوددىلىنىيىنىڭ كۈندىلىك مەشق ئەھۋالىغا، مۇسابىقىغە قاتنىشىدىغان جەڭچىلەرنىڭ كەسپىي، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەييارلىقىغا، ئۇلارنىڭ تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسىغا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ مەشق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. پات - ئارىدا پولك كوماندىرى روتىغا كېلىپ، بۇ ئوددىلىنىيىنىڭ پۈتۈن مەشق جەريانىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىل پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىدىغان جەڭچىلەرنىڭ ئىسىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پولك پارتكومىغا يوللىنىشى كېرەك ئىدى. سىياسىي رەھبەر شۇ كۈنلەردە دەل شۇ جەڭچىلەرنىڭ ماتېرىيالىنى تەييارلاۋاتاتتى. مۇبادا سىياسىي رەھبەر ئۆگىنىشكە كېتىپ قالسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان روتا كوماندىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالاتتى. ئادەتتە روتا كوماندىرى روتىنىڭ كەسپىي تېخنىكىلىق ئىشلىرىدىن باشقا ئىشلارغا ئانچە قول تىقماي، ئۆزىنى چەتكە تارتىپ يۈرەتتى. سىياسىي رەھبەر روتا كوماندىرىنىڭ جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىغا، روتىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمىتىگە سەل قارايدىغان، يەنە كېلىپ روتىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئىشلىرىنى تۇتۇشقا پەقەت «يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش»نى مەقسەت قىلىپ، ئەمەلىي جەڭ تەلىپىگە سەل قاراپ، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان خاھىشىغا قوشۇلمايتتى. سىياسىي رەھبەر روتا كوماندىرى بىلەن

مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ ئىدىيەۋى ئىستىلىدىكى يۇقىرىقى نۇقسانلارنى يولداشلارچە كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. لېكىن روتا كوماندىرى ئاغزىدا «ھە!» دېگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتاتتى.

روتىنىڭ خىزمەتلىرى ھەل قىلغۇچ پەيتكە كىرگەن مۇشۇ كۈندە سىياسىي رەھبەر ئۆزىنىڭ روتىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى دېگەندەك خوپ كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، روتا كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنى بىرنەچچە ئايدىن بېرى بالنىتسىدا داۋالىنىۋاتاتتى. ھەممە ئىشلار دېگۈدەك بىرلا روتا كوماندىرىغا قاراشلىق بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئامال يوق-دە!

سىياسىي رەھبەر ئاخىرى خاتىرىدىن بېشىنى كۆتۈردى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ روتا كوماندىرىغا قاراپ، — مەن بۈگۈن كېچە ئىشقىيار بىلەن رەسۇلنىڭ ماتېرىيالىنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋېتەي. ئەتە كەچقۇرۇن ياچېيكىنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ يوللىۋېتەيلى. ئۈلگۈرۈپ قالسا، ئۈگۈنلۈككە مەن ماڭغاندا پولكقا ئۆزۈم ئالغاچ كېتەرمەن.

— بولىدۇ، — دېدى روتا كوماندىرى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ، — شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئەۋەتىدىغانلارنىڭ ماتېرىيالىمۇ تەييار بولغان، بىراقلا ئالغاچ كېتىڭ.

— ئۇلارنى قاچانراق يولغا سالىدىكەنمىز؟

— پولكنىڭ ئۇقتۇرۇشىچە، ئاۋۋال ماتېرىيالنى يوللاق، تەستىق چۈشكەندىن كېيىنلا ئەۋەتىپ بېرىدىكەنمىز. بىزنىڭ روتىدىن شوپۇرلۇققا ئەۋەتىلىدىغان باللاردىن ئىشقىيار بىلەن ۋاسىل دېگەن جەڭچى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىنى ئاۋۋال يوللاپ تەستىقلىتىۋەرسەك، مۇسابىقە تۈگىشى ھامانلا ماڭدۇرساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— بۇ ھەقتە پولكنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟

— خەۋىرى بار، پولك ماشىنا كالون باشلىقى ئىشقىيارنىڭ ماتېرىيالىنى تېزرەك ماڭغۇزۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېفون بېرىپتۇ.

— بىزنىڭ كۈچتۈڭگۈرگە كۆزى چۈشۈپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ... ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشتى.

بۇ چاغدا ئەتراپ ئاستا-ئاستا ياز قاراڭغۇسىغا چۆكمەكتە ئىدى. يىراقتىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

## 34 - باب

سىياسىي رەھبەر ھەربىي رايونغا ئۆگىنىشكە كېتىپ ئىككىنچى ھەپتىسى پولك كوماندىرى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئالاھىدە ئوتدېلېنىيىنىڭ مەشقىنى كۆرۈش ئۈچۈن روتىغا كەلدى. پولكنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پولك كوماندىرىغا ھەمراھ بولۇپ بىللە كېلىشكەنىدى. ئەتىسى ئىشقىيارلارنىڭ ئوتدېلېنىيىسى مۇسابىقە تۈرلىرى بويىچە ماھارەت كۆرسەتتى. پولك رەھبەرلىرى مەشق ئەھۋالىدىن بەك رازى بولدى. ئىشقىيارنىڭ ئاقتۇزغان تەرى بوشقا كەتمىدى، يىگىتلەر خۇددى

www.uyghurkitap.com

شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا تۇرغاندەك باھادىرلىق كۆرسەتتى.

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن روتا بويىچە يىغىلىش بولدى. پولك كوماندىرى قايتماقچى ئىدى. ئۇ روتىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى جەڭچىلەر بىلەن رەسمىي يۇسۇندا يۈز كۆرۈشۈشنى لايىق تاپتى.

پەسىلنىڭ تازا تولغان كۈنلىرى ئىدى. گازارمىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار، قارىغايلار، ئوت ـ چۆپلەر يازنىڭ خاسىيىتىدىن تويۇنۇپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. گازارمىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا بويىسېرى سەپ تارتىشقان، روھىي شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قۇرداش ياش جەڭچىلەر شۇ تاپتا خۇددى ئاشۇ تويۇنغان تەبىئەتتەك ھەيۋەتلىك، بەرجەس ۋە جۇشقۇن كۆرۈنەتتى.

دەسلەپىدە روتا كوماندىرى پولك كوماندىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ، پولك كوماندىرىنىڭ بىرقانچە قېتىم ھەربىي رايون ۋە ئارمىيە بويىچە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى، قوماندانلىق سەنئىتى ۋە ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە پۈتۈن ھەربىي رايوندا نامى بار ئىقتىدارلىق كوماندىر ئىكەنلىكىنى، گەرچە يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكى ناچارلىشىپ قالغان بولسىمۇ، كېسەل بىلەن قەيسەرلەرچە ئېلىشىپ، پولكنىڭ خىزمەتلىرىگە قالتىس ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئاخىرىدا جەڭچىلەردىن: «پولك كوماندىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىزمۇ؟» دەپ سورىدى. جەڭچىلەر بىر ئېغىزدىن: «چوقۇم ئاقلايمىز!» دەپ شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن جاۋاب بېرىشتى. جەڭچىلەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تاغ جىلغىسىنى تىترىتىۋەتتى. تاغ ئارىلىرىدا جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار ساداسى خېلى ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا بولۇپ ياڭراپ تۇردى.

ئاندىن پولك كوماندىرى سۆز ئالدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، ۋىجىكرەك، ياداڭغۇ ئادەم ئىدى. ئۇ، سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ چېچەن ۋە ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى بىلەن چىرايىدىن نۇر تۆكۈلۈپ، قامىتىدىن كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچىلەرگە ھەۋەس كەلگەندەك بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، جەڭچىلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئالدىرىماي سۆزىنى باشلىدى.

پولك كوماندىرى سۆزلەرنى ئالدىرىماي دانىمۇ ـ دانە قىلىپ سۆزلەيتتى. جۈملىلەرنى ھەربىيلەرگە خاس قىسقا ـ قىسقا تۈزەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى چۈشىنىشلىك ئىدى. روتا كوماندىرىنىڭ ماختاشلىرى ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. جەڭچىلەر بايا روتا كوماندىرى سۆزلەۋاتقاندا پولك كوماندىرىنىڭ كۆڭلى بەك پاراكەندە ئادەمگە ئوخشاش جايىدا تۇرالماي، شتاب باشلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ قولىنى ئاچچىقى بىلەن سىلكىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇشقانىدى ... پولك كوماندىرى دەسلەپىدە ئىشقىيارنىڭ ئوددىلىنىيەسىنى ماختىدى. ئۇلارنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىلىك يۇقىرى سەۋىيىنى ياراتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ رەسمىي مۇسابىقىدە پولك ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى. ئاخىرىدا روتىنىڭ قۇرۇلۇشى، سىياسىي ـ ئىدىيەۋى خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئالقىش ئىچىدە سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى.

ئالدىن پولك كوماندىرى سەپىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئىشقىيارنىڭ قولىنى ئۇزاققىچە سىقىتى ۋە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى. ياخشى تىلەكلەر تىلىدى.

ئىشقىيار ھەم خۇشاللانسا، ھەم ئوڭايسىزلىناتتى. ئۇنىڭ يۈزى باللاردەك قىزىرىپ، دارديىپ تۇرغان قوللىرىنى يىغىشتۇرالماي قالدى.

پولك كوماندىرى ئاخىرىدا جىددىي قىلىپ دېدى:

— بىر خەنزۇلاردا «ئەسكەر يىللاپ بېقىلىدۇ، بىردەملا ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن بىر ئىدىيوم بار، كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىدىغان سائەتكە يەنە بىر ئايلا ۋاقىت قالدى... — پولك كوماندىرى ئۇشتۇمتۇت سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى، «خوپ» دېيىشكە ھازىرلىنىپ تۇرغان ئىشقىيار پولك كوماندىرىنىڭ ئۇنىڭ يان تەرىپىگە چەكچىيىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى بۇرىدى. پولك كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ يېنىدا مۆڭگۈزلىرىنى چوقچايتىپ كېردىيىپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغانىدى. قاچاندۇر پەيدا بولۇپ سەپىنىڭ بېشىغا چىقىۋالغان بۇغا بالىسى ھېچ تەپتارتماي، پولك كوماندىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ھەيران بولغاندەك قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىگەن پولك كوماندىرى ئاغزىنى ئاچقىنىچە بۇغا بالىسىغا قاراپ قىمىرلىماي تۇراتتى.

بۇغا بالىسى ئەتراپتىكى ئادەملەردىن ھېچ خەۋپسىرىمەي، بوينىنى تىك تۇتۇپ، چىرايلىق مۆڭگۈزىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، كۆكرىكىنى كېرىپ، كېلىشكەن ۋە كۈچلۈك ئاياغلىرى بىلەن مەغرۇر يەر بېسىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىدا بىر خىل ئۆزگىچە ئىشىنىش، قانائەت، بەھوزۇرلۇق ۋە بەختىيارلىق نامايىش قىلىپ تۇرسا، ئۇنىڭ خۇددى مەرمەر تاشتىن نەپىسقىنا يونۇپ ياسالغاندەك كېلىشكەن قامىتىدە بىر خىل تەڭداشسىز سېھرىي گۈزەللىك جەۋلان قىلىپ تۇراتتى.

پولك كوماندىرى خۇددى تۆرەپ قالغان ئادەم بىردىنلا ئېسىنى تاپقاندەك چوڭ قۇر بىر تىنىۋالدى ۋە گويا «بۇ زادى نېمىگەپ؟» دېگەندەك سوئال نەزەرى بىلەن روتا كوماندىرىغا باقتى.

— قىشتا بىزنىڭ يىگىتلەر دالىدا بەل - پۇتلىرى چۈل - چۈل بولۇپ چالا ئۆلۈك ھالەتتە ياتقان يېرىدىن تېپىۋېلىشقانىكەن، مۇشۇ ئىشقىيار سۇنۇقلىرىنى تېڭىپ، ساقايتىپ بېقىپ چوڭ قىلدى...، — روتا كوماندىرى ئالدىراپ چۈشەندۈردى. پولك كوماندىرىنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئەسلىگەندەك خىياللىنىپ قالدى ۋە تۇيۇقسىز ئىشقىياردىن سوراپ قالدى:

— سىلەرگە نەدىرەك ئۇچرىغانتى؟ قاچان؟

— ئورماننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دالىدا، ئۆتكەن يىلى 11 - ئايدا، يولداش پولك كوماندىرى.

— تاشيولنىڭ ئاستىدىكى جىرادىمۇ؟

— دەل شۇ يەردە، يولداش پولك كوماندىرى.

ھەممەيلەن پولك كوماندىرىنىڭ بۇنچە ئىنچىكىلەپ سوراپ كېتىشىدىن ۋە بۇغا بالىسىنىڭ ئىشقىيارلارغا ئۇچرىغان يېرىنىمۇ بىلىدىغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، ھېچنەرسىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشىنەلمەي قالدى.

— ئەسلىدە شۇ كۈنى ماڭا بىر بۈغا بالىسى ئۇچرىغان.

پولك كوماندىرى بۈغا بالىسىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئىستېھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

پولك كوماندىرى كۆز ئالدىدا تۇرغان بۈغىنىڭ ھېلىقى ماشىنا سوقۇۋېتىپ يارغا چۈشۈپ كەتكەن بۈغا بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، گاھ ئىشەنمەيۋاتاتتى.

ئىشقىيار دەل شۇ كۈنى پولك كوماندىرىنىڭ روتىغا كەلگەنلىكىنى ئەسلەپ قالدى.

— ئۆزى تازا تولەپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى كېسىۋالسا قالتىس دورا بولىدۇ - دە! شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ قىممىتى ناھايىتى قۇۋۋەتلىك ...، — بايا - تىندىن بېرى ھەدېسىلا بۇرنىنىڭ ئۇستىگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان كۆز ئەينىكىنى كۆتۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقان پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەررۇ سۆز قاتتى، — ھە راست، سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە ...

پولك كوماندىرى ئۇنىڭغا «لاپپىدە» قاراپ قولىنى سىلكىدى:

— بولدى، بىز ماڭايلى.

پولك كوماندىرى شۇ چاققىچە ھەقىقىي بۈغىنى بۇنچە يېقىندىن كۆرۈپ باقمىغان ۋە بۈغا دېگەننىڭ بۇ قەدەر كېلىشكەن ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ بۈغىغا يېقىنلاشتى ۋە بۈغىنىڭ مۈڭگۈزىگە دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن ئىختىيارسىز:

—راست، ئالىي سورتلۇق، ساپ قاندىن ئىكەن بۇ جانىۋار ...، —دەۋەتتى ھەۋەس بىلەن.

شۇ چاغدا تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى روتا كوماندىرىنى چەتكە تار - تىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ جېكىدى. روتا كوماندىرى ئۇزۇلدۇرمەي باش لىڭشىتىپ كەتتى. ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ قوللىرىنى تىنىمسىز ئىشقىلاپ - ئۇۋۇلاپ، بىر جايدا تۇرالمىغىنىدىن ئۇنىڭ بىردىنلا بىر چۈشىنىكسىز ھاياجان بىلەن چۇلغىنىپ قالغانلىقىنى پەملىگەندەك بولدى - يۇ، لېكىن تېگىگە يېتەلمىدى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى تۇرۇپلا غەش بولۇپ قالدى.

35 - باب

شۇ كۈنى ئاخشىمى روتا كوماندىرى ئىشقىيارنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. پاكىزە يۇيۇلغان ھاۋارەڭ نېپىز كۆڭلەك كىيىۋالغان روتا كوماندىرى شۇ تاپتا خۇددى تۇغۇتىدا ياخشى كۈتۈلگەن ياش جوگاندەك تولغان ۋە ساغلام كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ساقاللىرى پاكىزە قىرىلغان بولۇپ، سەل قىزغۇچ ئاق كەلگەن يۇمىلاق يۈزى چىراغ نۇرىدا ياغلاپ قويۇلغاندەك پارقىراپ نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تېخى 30 نەچچە ياشلاردا بولۇشىغا قارىماي، ۋاقىتسىز سەمرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق ۋە گۆشلۈك بويىنى قات - قات بولۇپ تۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەل ئوچۇق قالغان مەيدىسى، چىڭ ۋە كۈچلۈك بىلەكلىرى، ھەتتا تىرناقلىرى كۆڭۈل قويۇپ ئېلىنغان بۇدرۇققىنە بارماقلىرىنىڭ دۈمبىسىنى قويۇق بۇجغۇر تۈكلەر قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلىدىغان،

بىغەم، تۇرمۇشتا ئىنتايىن رەتلىك، جېنىنى بەك ئايايدىغان ساغلام ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىشقىيار خېلى ئۇزۇنغىچە روتا كوماندىرىغا سەپسېلىپ ئولتۇردى. ئىشقىيار ئۇشتۇمتۇت ئاپىسىغا دائىم نان راسلىشىپ بەرگىلى كىرىدىغان ئاينىسا دېگەن قوشنا ئايالنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى.

روتا كوماندىرىنىڭ قانداقتۇ بىر يېرى شۇ غەيۋەتچى، سۆزمەن ئايالغا ئوخشايتتى. لېكىن نەرى ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تاپالمىدى. روتا كوماندىرى ئۇشتۇمتۇت كەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى. ئىشقىيار «خىيالىمنى روتا كوماندىرى بىلىپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى.

روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا قاراپ ئۈنچىقماي كۈلدى. ئىشقىيار تېخىمۇ خەۋپسىرەپ قالدى، ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— خوش، ئۇكا! — روتا كوماندىرىنىڭ ئۇنى «ئۇكا» دېيىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى.

ئىشقىيار ئاستا بېشىنى كۆتۈردى.

— چېكىپ قويامسەن؟ — روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا تاماكا قۇتىسى بىلەن چىرايلىق كېسىلگەن گېزىت قەغىزىنى ئۇزاتتى.

— رەھمەت ... چەكمەيمەن، يولداش روتا كوماندىرى ...، — ئىشقىيار ئالدىراپ ئۆزرە بىلدۈردى.

— ئادەتتىمۇ چەكمەمسەن؟ ...

— ياق ... بەك ئاز ... يولداش روتا كوماندىرى.

روتا كوماندىرى ئارتۇق زورلىمىدى.

— گەپ مۇنداق، ئۇكا! — دېدى روتا كوماندىرى قولىدىكى تاماكا قۇتىسى بىلەن قەغەزنى كەنتىر ئۈستىگە قويۇپ، — پولك كوماندىرى سىلەردىن رازى بولدى، مەنمۇ سەندىن كۆپ رازى بولدۇم. دېمەك، سېنى ئالاھىدە ئوددىلىنىيىنىڭ كوماندىرى قىلىپ تاللاپ خاتالاشمىغان ئىكەنمەن، دېگەن يېرىمدىن چىقىۋاتىسەن، بۇ قېتىم ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە ياخشى نەتىجە يارىتالىساڭلا پولك بويىچە، ھەتتا ھەربىي رايون بويىچە تونۇلۇپ، بىراقلا مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىپ قالىسەن. ھا ... ھا ... ھا ...، — روتا كوماندىرى كۈلدى، — مۇبادا شۇنداق بولۇپ يۇقىرىنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىپ قالساڭ، قالتىس ئىش بولىدۇ، «ئىستىقبال» دېگەن مانا شۇ! كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە قايتساڭمۇ چوڭ شەھەرلەرگە، پۇلنى جىق بېرىدىغان، مەئىشىتى ياخشى ئىدارىلەرگە ئورۇنلىشالايسەن ... ئۇ چاغدا ... ھە ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ...

— كەسىپ ئالماشتۇرۇشنى ھازىرچە ئويلىمىدىم، مۇبادا تەشكىل شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قالسا، ئۆز يېزامغا كېتىمەن، يولداش روتا كوماندىرى، — ئىشقىيار كۈلۈپ سۆز قاتتى.

www.uyghurkitap.com



— نېمە، يېزىغا؟ ئاشۇ تەكلىماكانغا؟ ئاشۇ قۇملۇق دەشتكىما؟

روتا كوماندىرى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ سورىدى.

ئىشقىيار ساددىلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، يولداش روتا كوماندىرى، ئاشۇ يېزامغا...

— ئۇ يەردە نېمە بار ساڭا؟ نېمە ئىش قىلىسەن ئۇ يەرگە بېرىپ؟

— ئاتا - ئانا، ئەل - مەھەللە شۇ يەردە تۇرسا، «ئات ئېغىلىنى تاپىدۇ» دېگەندەك، ئۆزۈمنىڭ ئانا ماكانىمنى تاپمايمەنمۇ... ھەر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى ئۆزىگە ياخشى. ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتى ئۇ يەرلەر، يولداش روتا كوماندىرى. مەكتەپ، دوختۇرخانا، كىنوخانا سېلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ... ھە راست، يېقىندا ئۇ يەردىن بىر چوڭ نېفىتلىك تېپىلىپتىمىش، قالتىس چوڭ دەيدۇ. راست شۇنداق بولۇپ قالسا، پاھ...،— ئىشقىيارنىڭ چىرايى ئېچىلىپ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى،— بىزنىڭ «ئۇلۇغ ئارت» پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بىر يەر بولۇپ قالىدۇ، تېخى.

روتا كوماندىرى ئۇنچىقمىدى. شۇ تاپتا ئۇ كۆڭلىدە: ‹توخۇ داڭگال چوقۇشەيدۇ...› دېگەن شۇ ئىكەن - دە. داڭگال تاتلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر توخۇغا قانداقتۇر ئوردا، قەسىر، چارباغنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرگەن ئۆزۈم ئەخمەق ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ تاماكىنى كۈچ بىلەن شوراپ ئىسنى تورۇسقا پۈۋلىدى:

— دېگىنىڭمۇ بىر ھېسابتا توغرا، ھازىر يېزىلارمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى، يېزىلارمۇ سەندەك مەدەنىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن، جاھان كۆرگەن يىگىتلەرگە موھتاج. ھازىر ھەممە يەردە رەھبەرلىكنى ياشلاشتۇرۇش كېرەك دەۋاتامدۇ؟ كىم بىلىدۇ، بېرىپلا يېزا باشلىقى ياكى يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى بولۇپ قالامسەن، تېخى...

ئىشقىيار كۈلۈۋەتتى:

— ياقەي... يەر تېرىيمەن... يا بولمىسا نېفىتلىككە ئىشچى بولىمەن. پۇل تاپقاندا، يېزىدا ئۇن زاۋۇتى، ماشىنا - تراكتور رېمونتخانىسى ئاچىمەن، باي بولغاندا يېزىغا باللار يەسلىسى، مەكتەپ، قېرىلار ئۆيى قۇرۇپ بېرىمەن... ئۇ يەرلەرنىمۇ پىلانلاپ قويدۇم، بىر كەڭرى بوزلۇق بار. ئادەم تىكسە، ئادەم ئۈنىدىغان ياخشى يەر، شۇ يەرنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرە ئېلىپ كۆچەت تىكىمەن، تاكى قۇملۇققىچە ئورمان قىلىۋېتىمەن، باغ قىلىمەن، مەكتەپ، باللار باغچىسى، قېرىلار ئۆيىنى ئاشۇ باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا سالغۇزىمەن... — ئىشقىيار سۆزىدىن توختاپ روتا كوماندىرىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويدى. ئۇ يۇرتىنىڭ گېپى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ نەدە ئولتۇرغىنىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— قېنى سۆزلەۋەرگىن، قۇلىقىم سەندە...

ئىشقىيار ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى:

— سۆزلەپ بولدۇم، يولداش روتا كوماندىرى.

روتا كوماندىرى قىز بالىدەك ئۇياتچان بۇ يىگىتكە مەسلىكى كەلگەنىدەك بىردەم ئۈنچىقماي قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— خوش ... ئۇنداق بولسا مەن سۆزلەي ... — روتا كوماندىرى ئورۇندۇقنى ئالدىغىراق سۈرۈپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى.

— سېنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئىپادەڭ ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلدى، شۇڭا بۇ قېتىم سېنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشتا سىياسىي رەھبەر بىلەن ئىككىمىز ھېچ ئىككىلەنمەستىن ساڭا تونۇشتۇرغۇچى بولدۇق. ماتېرىيالىڭنى پولك پارتكومىنىڭ تەستىقلىشىغا قەتئىي ئىشىنىمەن ...

روتا كوماندىرى ئۈشتۈمتۇت سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ ئىشقىيارنىڭ چىرايىغا كۆلۈمسىرەپ قارىدى. ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى كۈچلۈك دۈپۈلدەپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىنى جەزمەن ئاقلايمەن! — دېدى ئىشقىيار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.

— يارايسەن! ئولتۇر، ئولتۇر! — روتا كوماندىرى قانائەتلەنگەندەك بولۇپ يېقىملىق كۈلۈپ قويدى، — ئۇنىڭدىن باشقا سېنى شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق، مۇسابىقىدىن قايتىپ كەلگەن ھامان پولكقا ماڭىسەن، پولك ماشىنا كالونى ئاللىقاچان تىزىملىكنىڭ ئەڭ بېشىغا سېنىڭ ئىسمىڭنى پۈتۈپ قويدى، لېكىن بۇ ئىشنى ھازىرچە باشقىلار ئۇقماي تۇرسۇن.

— خوپ، يولداش روتا كوماندىرى! — ئىشقىيار ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتتى.

— ئالدىرىما! يەنە بىر مۇھىم ئىش بار. سېنى بۈگۈن پەقەت شۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتتىم.

— ھەر قانداق ۋەزىپىگە جېنىم بىلەن تەييارمەن، يولداش روتا كوماندىرى!

— ئولتۇر، مەنمۇ سېنىڭ بۇ ئىشتا ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇشىڭغا ئىشىنىمەن ... — روتا كوماندىرى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستى، — پولك كوماندىرى ئۇزۇندىن بۇيان كېسەل بولۇپ يۈرىدۇ. ئۆزى قالتىس ياخشى ئادەم، قابىل قوماندان. بۈگۈن سېنى ئالايىتەن ماختاپ تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، ئۇ ئاسانلىقچە بىراۋلارنى ماختاپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس، لېكىن ئۇ بۈگۈن ساڭا ئالاھىدە ھىممەت كۆرسىتىۋەتتى، بۇ سېنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىڭ ئۈچۈن بەك پايدىلىق، ئەمدى ئاشۇ ئادەم ساڭا بىر ئىشتا موھتاج بولىۋاتىدۇ ...

ئىشقىيار چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى:

— ماڭا؟ پولك كوماندىرى؟ بۇ چاقچاقمۇ ياكى راست گەپمۇ، يولداش روتا كوماندىرى؟

— زېرىكىپ قېلىپ، چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇشقا چاقىرغان ئوخشايدۇ، دەۋاتامسەن مېنى! سەن بىلەن جىددىي سۆزلىشىۋاتىمەن، — روتا كوماندىرى سەل قىزىشقاندەك بولدى، — گېپىمگە ياخشى قۇلاق سال، پولك كوماندىرىغا سېنىڭ بۇغاڭ كېرەك بولۇپ

www.uyghurkitap.com



قالدى، بەكمۇ زۆرۈر ...

— نېمە؟ بۇغا! — ئىشقىيار ھەيران بولۇپ سورىدى.

— شۇنداق، سېنىڭ بۇغاڭنىڭ مۈڭگۈزى بىلەن چەۋەنچى ئۇنىڭ كېسىلىگە دورا ئىكەن، دوختۇرلار بۇيرۇپتۇ، بۇنداق يېڭى مۈڭگۈز ۋە يېڭى چەۋەنچىنى تاپالماي يۈرگەن ئىكەن. شۇڭا ...

ئىشقىيار تىن ئالالماي ئۇلتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقى ئاللىقاياقلارغا ئۇچقانىدى. ئۇنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ بىر نۇقتىغا تىكىلدى.

— چەۋەنچىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىدىغۇ، يولداش روتا كوماندىرى؟ — دېدى ئىشقىيار بىر ھازادىن كېيىن تەسلىكتە.

— شۇنداق، ئۆلتۈرۈپ چەۋەنچىنى ئېلىش كېرەك، — دېدى روتا كوماندىرى.

— بۇ ... بۇ ... — ئىشقىيار ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— قىزىشما، ئولتۇر ئورنىڭدا! — روتا كوماندىرى كەسكىن بۇيرۇق قىلدى. ئىشقىيار جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئورۇندۇققا «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمانچە ۋارقىرايسەن؟! ھازىر سەن ئاپاڭنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق ئەمەس، بىر جەڭچىسەن! بۇنداقمۇ ئۆزىنى تۇتالمىغان بارمۇ؟

ئىشقىيار ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ قانسىزلىنىپ كەتكەنىدى.

— توغرا، سەن بۇغا بالىسىنى ساقلاپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگىچە كۆپ جاپا چەكتىڭ، ئەڭ مۇھىمى، سەن ئۇنىڭغا بەك ئىچىڭ كەتتى، ئۇمۇ ساڭا شۇنداق ئىجىل بولۇپ كەتتى، — روتا كوماندىرى تاماكا ئوراشقا باشلىدى، — شۇنداق بولغاچقا ساڭا دەماللىققا ئېغىر كېلىدۇ. لېكىن ئىنقىلابىي قوشۇندىكىلەر بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى لازىم. بۇ ئارمىيىمىزدىكى ھەر بىر جەڭچىنىڭ بۇرچى. كوممۇنىست بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر ئىنقىلابچى ئۈچۈن ئەڭ بىرىنچى شەرت ۋە ئەڭ ئەقەللىي ساۋات. پولك كوماندىرىمۇ ئارمىيىمىزنىڭ بىر جەڭچىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر قوماندان. بۇنداق ئادەملەرنى ئاسراش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش سېنىڭ بۇرچۇڭ ئەمەسمۇ؟ سەن ياخشىراق ئويلان، يەڭگىللىك قىلما! ئەسلىدە سەن بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ سەن ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىش، بىر خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى ئەمەسمۇ؟!

— لېكىن ... بۇ ... — ئىشقىيارنىڭ دېمى كېسىلگەندەك بولدى.

روتا كوماندىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— بۈگۈن شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى، ئەتىگىچە ياخشى ئويلان، ئەڭ ياخشىسى، بۇغىنى ئەتە ئۆزۈڭ ئۆلتۈرگىن، ئاڭلىسام، سېنى بۇنداق ئىشلاردا قولى ناھايىتى ئەپچىل دەيدۇ.

ئىشقىيار نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

ــ بولدى، مەن چارچاپ كەتتىم. بارغىن، ئەتە مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلغىن. خەير، كەتسەڭ بولدى.

روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا گەپ قىلىش پۇرسىتى بەرمەي، ئۇنى قوغلىغاندەك قولىدىن تۈرتتى.

ئىشقىيار خۇددى ئۈستىنى يوغان بىر تاش بېسىۋالغاندەك ھاسىراپ تەسلىكتە ئورنىدىن قوزغالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىياپىتى تولىمۇ ئايانچلىق ئىدى.

ئىشقىيار ئىشخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل قاشاغا كەلدى. گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىراغ نۇرى قاشانى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. قۇرۇق چۆپنىڭ ئۈستىدە كۆشەپ ياتقان بوغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ياتقان يېرىدىن ئوقچۇپ قوپۇپ قاشادىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا بوغا بالىسىنىڭ كۆزى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئىشقىيار تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بوغا بالىسىنىڭ باش ـ كۆزىنى، دۈمبىسىنى ھالسىزغىنە سىلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابتىن ئۆرتىنىپ، ۋۇجۇدىنى بىرنامەلۇم قورقۇنچلۇق تىترەك قوچىماقتا ئىدى. «ئۇلار مۇشۇ گۇناھسىز بىچارە ھايۋاننى ئۆلتۈرمەكچى، يەنە كېلىپ تېخى ئۆزۈمگە، ماڭا ئۆلتۈرگۈزمەكچى؟! بىر ئادەممۇ؟ ...» ئىشقىيار ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇت ـ قولى ئۇچىسىغىچە مۇزلاپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ چىشلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ كاسىلدايتتى. ئۇ، بوغا بالىسىنى قۇچاقلىۋالدى، ئۇنىڭ تىترىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بوغا بالىسىنىڭ بويىنىغا يۈزىنى يېقىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش بوغا بالىسىنىڭ دۈمبىسىنى ھۆل قىلدى.

ئىشقىيار بىر ھازاغىچە ئۆكسۈپ يىغلىغاندىن كېيىن، ئىچى سەل بوشىغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن ئۇ بوغا بالىسىنى قاشاغا كىرگۈزۈۋېتىپ خۇددى مەس ئادەمدەك غالداڭلاپ، پۇتىنى سۆرەپ ياتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە ئارتۇق تۇرۇپ قېلىشقا ئىنتىزام يول قويمايتتى. ئۇ ئارقىسىغا پات ـ پات ئۆرۈلۈپ قارايتتى. بوغا بالىسى گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك ئۇنىڭغا مۆڭگۈلىنىپ قاراپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىشقىيارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى.

ئۇ ياتاققا كىرىپ چىراغنى ياقمايلا كىيىمى بىلەن بوگۇلۇككە ئۆزىنى تاشلىدى. يولداشلىرى ئاللىقاچان ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر ھازاغىچە ئاۋازىنى چىقىرىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ ئېسەدەپ ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن قوپۇپ، سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يوتقانغا كىردى ـ دە، ئادەتتىكىدەك بويىنىغا ئېسىلغان بۆرە ھوشۇقىنى مۇزدەك ئالقانلىرى بىلەن مەھكەم سىقىمدىۋالدى. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ ئالقانلىرى ئوتتەك ئىسسىپ كەتكەندەك بولدى...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تۇرسۇن نىياز

# سۇدىن چىققان شېئىرلار

(1)

كېلىپ ھەر كۈن تاڭ سەھەردە قېشىڭغا
ئاۋازىڭغا جىمجىت قۇلاق سالىمەن.
شارقىرايسەن شۇنچە ھەيۋەت، رىتىملىق،
دولقۇنىڭغا تويماي قاراپ قالىمەن.

شاۋقۇنلىرىڭ گويا سىرلىق كۈي كەبى،
دىل تارىمنى چېكىپ مۇڭلۇق ئاڭلىنار.
ئۆركەشىڭدىن چاچراپ چىققان بۇژغۇنلار،
كۈن نۇرىدا ئاق تەڭگىدەك تاۋلىنار.

سېھىرلىنىپ ئاشۇ مۇڭلۇق كۈيۈڭدىن،
ئۇزاققىچە بويلىرىڭدىن كەتمەيمەن.
ئەسكە چۈشۈپ جان ئانامنىڭ «ئەللەيى»،
بۆشۈكتىكى چاغلىرىمنى ئەسلەيمەن.

شاۋقۇنىڭدا خىسلەت نېمە بىلمىدىم؟!
ئاڭلىنىدۇ ماڭا شۇنچە يېقىملىق.
شېئىرمۇ سەن ياكى گۈزەل بىر ناخشا،
مۇزىكىسى بىرگە قوشۇپ يېزىلغان.

شارقىراپ ئاق!
ئۆستەڭ سۈيى شارقىرا!
قايناملىرىڭ يۆگەپ كەتسۇن مېنىمۇ.
ئېقىپ كېتەي، ئۆركەشىڭگە قوشۇلۇپ،
كىرە سېلىپ، چىمەك قۇچاقلاپ سېنىمۇ.

(2)

ئۇقتەك ئۇچۇپ ئېقىپ كەلگەن تاغ سۈيى
ئۆتەر تۈندە شارقىراتما ئاغزىدىن.
كېتەلمەيمەن چۆمۈپ چەكسىز خىيالغا،
خېلى ئۇزاق ئەگىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن.

«شاۋقۇن سېلىپ ئېقىپ ئۆتكەن ئاشۇ سۇ،
ئېقىپ بارار نەگە شۇنچە ئالدىراپ؟
ئۇرار نېچۈن ئۆز كۆكسىنى غەزەپتە
يانتاق ئۆسكەن قىرغاقلارغا شارقىراپ.»

بەردى جاۋاب بۇ سوئالغا قىردىكى
جىغان گۈلى بەرگىدە سۇ تامچىلاپ.
سۇدىن يىراق رەڭگى سولغۇن قىزىل گۈل،
يۈرىكىمنى ئۆتتى ئۈنسىز قامچىلاپ.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى.)

گۈلباھار مەمتىمىن

## تۈندىكى خىياللار

چەكسىز زېمىن ئۇيقۇغا ئەسىر،
چۇش شارابى مەس قىلىپ گويا،
شامال كۈيى ھالسىرايدۇ گاھ،
ئېغىر ئۇيقۇ جىملىقى ئارا.

ئېزگۇ كۈيلەر ئىچرە بىدارمەن،
مەغرۇر خىيال يەنە ماڭا يار.
كۆچۈپ يۇلتۇز نىگاھلىرىمدىن،
تۈننىڭ كۆكسى كۆككە قادىلار.

كۈيەر كۆكتە چۇش بۇلۇتلىرى،
ئاھلىرىمدىن يارىلىپ گۈلخان.
نەپەسلىرىم تىترىتەر تۈننى،
ھەر ئۇرغۇسا كۆكسۈمدىن ھامان.

ئەي تولۇن ئاي، تاتارما زىنھار،
قۇرلار قىلىپ چاچسام قېنىمنى.
سۆيگۈلىرى ئۆلدى دېمە ھېچ،
چۆللەر ئارا تۆكسەم يېشىمنى.

نەپىس قۇرلىرىم ئۇچار ئۇپۇققا،
ھەر سەھەردە قۇياشنى بويلاپ.
چۇش قوينىدىن تارتار يۈرەكنى،
جۈپ كىرپىكلەر ئۈستىدە ئويناپ.

ھەر يۈرەككە ياقىمەن يالقۇن،
ھەر تومۇردا ئۇرغۇتۇپ دەريا.
كۆيسە بۇڭا تۈنلەردە پۈتۈن،
شائىر قەلبى بولمايدۇ ئادا.

شائىر قەلبى بولمايدۇ ئادا،
كۆككە يالقۇن بولۇپ چېچىلار.
قۇچۇپ ۋىسال سۆيگۈدىن مەڭگۈ،
قەبرىسىگە شەپەق يېپىلار.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1987 -يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئابدۇلئەھەد قادىرى

## يىغىن كېسىلى

بولۇپ ئۆتتى ئىدارىمىزدا،
مۇنداق بىر ئىش تېخى يېقىندا:
«قوش تېجەش»كە قىلدى سەپەرۋەر،
باشلىقىمىز سۆزلەپ يىغىندا.
ئەتىگەندە باشلانغان يىغىن،
تۈگىمىدى چۈشتىن كېيىنمۇ.
بولمىغاچقا تېخى باشلىقنىڭ
سۆزلەيدىغان سۆزى يېرىمىمۇ...
داۋام قىلدى يىغىن ئەتىسى،
تەكرارلاندى تۈنۈگۈنكى گەپ.
جاكالاندى يەنە خۇلاسە —
«قىلىنىدۇ يىغىن ئەتە» دەپ.
شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈنلۈك يىغىن
بولۇپ ئۆتتى «تېجەش» ھەققىدە.
يىغىن ئەھلى مۇنداق يىغىندىن،
خام كېكىرىپ بولدى غىققىدە.
قىلىنماقتا راكقىمۇ ئامال،
داۋا تاپتى ھەتتا ئەجەلمۇ.
كەتسە ئىدى تېزرەك ساقىيىپ،
«يىغىن» ئاتلىق مۇشۇ كېسەلمۇ!

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئابدۇللا مۇھەممەدى

# مىيىت نامىزى

(ھېكايە)

قوشنام نىياز ياخشى ئادەم ئىدى، گەرچە ئۇ قۇرئاننى تاماملىمىغان بولسىمۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، ئاق كۆڭۈل، مۆمىن كىشى بولغاچقا، مەھەللىمىزدىكى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئىسمىنىڭ كەينىگە «قارى»نى قوشۇپ چاقىراتتى.

نىياز قارىنىڭ ۋاقىتسىز پانى ئالەمنى تاشلاپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىشى مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ باغرىنى ئەزدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېتىم قالغان ئالتە بالىسى، تۇل قالغان ئايالى گۈلسۈمخاننىڭ زار-زار يىغلاشلىرى تاش يۈرەك ئادەملەرنىڭمۇ يۈرەك تارىسىنى چېكىپ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزماي قالمىدى.

نىياز قارى بىلەن مەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇپ كەلگەن، ئۇ ساددا، قولى ئوچۇق ئادەم بولغاچقا، مەنمۇ ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەپ ئاكا يوللۇق كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ئايالى گۈلسۈمخانمۇ ئېرىگە ئوخشاشلا ئىشچان، كۆڭۈلچەك، ساددا ئايال ئىدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۇششاق، ئائىلىسىدىكى 7 جان ئۇنىڭ ساتىراشچىلىق قىلىپ تاپقان ئازغىنا كىرىمى بىلەن ئاران قامدىلاتتى. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر موھتاجلىقى ئۇنىڭ قارا چاچلىرىنى ۋاقىتسىز ئاقارتىپ، ساقاللىرىغا ئاق سانجىغانىدى. بىچارە نېمە سەۋەبتىندۇر مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان كەيپكە بېرىلىدىغان بولۇۋالدى، ئۇ پات-پاتلا مەھەللىگە مەس قايتاتتى. بەزىدە مەسلىكتە گۈلسۈمخاننى دۇمبالايتتى، بۇنداق چاغدا تولاراق مەن ئارىغا كىرەتتىم. بەزىدە ئۇ مېنىڭ بوينۇمغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ يىغلاپ كېتەتتى ۋە «مەن نېمىشقا گۈلسۈمنى ئۇرىمەن؟ ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ بار؟!» دەپ ۋارقىرايتتى بوغۇق ئاۋازدا ئۆز قىلغىنىغا ئۆكۈنۈپ.

مەن بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ھاراقنى تاشلىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغانىدىم. شۇنداق چاغدا ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ: «بولدى، ئەمدى ئىچمەيمەن» دەيتتى-يۇ، كەچتە يەنە «شازادىخان»-

لى غىڭشىپ ئېيتىپ، دەلدەڭلەپ كېلەتتى.

ئۇ تېخى قازا تېپىشتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى ماڭا: «ئاداش، مۇشۇ هاراق دېگەن كاساپەتنى ئىچمەي دەيمەن، كۆڭلۈمگە، چۆچۈردەك باللىرىمغا قارىسام ئىچىم ئېچىشىدۇ، قارا، ئۇلار بۇ دۇنياغا تۆرەلىپ مېنىڭ قولۇمدا نېمە خۇزلۇق كۆردى؟ ئاتا بولۇپ مەن ئۇلارغا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرەلىدىمۇ؟ بىرەر قېتىم تويغۇدەك گۆش تېپىپ بېرەلىدىمۇ؟ مۇشۇ بىچارىلەر ئۆز تەڭتۇشلىرىنى كۆرسە قانچىلىك غېرىبسىنغاندۇر؟! شۇنىڭغىلا ئىچىپ كېتىۋاتىمەن، بىرەر - ئىككى يۈز گىرام قېقىۋالسام كۆڭلۈم ئارام تاپقاندەك بولىدۇ» دېگەنىدى.

گۈلسۈمخان ئالتە نارەسىدىنى ئەگەشتۈرۈپ جىنازىنى ئايلىنىپ يىغلىماقتا، كەنجى بالىسى بولسا ئاچىسىنىڭ يېنىدا ئۈمچىيىپ - ئۈمچىيىپ «دادام نېمە بولدى؟» دېگەندەك سەبىي كۆزلىرىنى تاۋۇتقا تىكمەكتە ئىدى. هاۋا بارغانچە قىزىپ كېتىپ باراتتى. مەهەللىمىز مەسچىتىنىڭ ئىمامى تېخى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنى چاقىرىشقا ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتكەن يىگىت هويلىغا كىرىپ كەلدى، جامائەت ئۇنىڭدىن «ئىمام قېنى؟ نېمىشقا ئىمامنى باشلاپ كەلمىدىڭ؟» دەپ سوراشتى، يىگىت ئەپسىز بىر هالەتتە:

— هاشىم ئىمام نەدە هاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن باركەن، دەپ يەنىلا شۇ گېپىدە تۇرۇۋالدى. نۇرغۇن يالۋۇردۇم، چىچاڭشىپ زادى ئۇنىمىدى، — دېدى. جامائەتنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان غۇدۇ - غۇدۇڭلىرى هويلىنىڭ هەممە يېرىنى بىر ئالدى. گۈلسۈمخان تېخىمۇ ئېسەدەپ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. بىر چوكان ئۇنىڭغا هەدەپ تەسەللىي بەرمەكتە ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە مېيىتنى ئۇزۇن ساقلاشمۇ قىيىن ئىدى. مەن جامائەتكە سەل تەخىر قىلىشنى ئېيتىپ، هاشىم ئىمامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم.

مەن هاشىم ئىمامنىڭ هويلىسىغا كىرگىنىمدە، ئىمام پېشايۋان ئاستىدىكى چوڭ كاتتا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغانىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

ئىمام مېنى كۆرۈپ ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئورۇن كۆرسىتىشىنى كۈتمەيلا كاتتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردۇم. ئىمام مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى پەملىگەن بولسا كېرەك، بىردىنلا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. تەسۋىنىڭ ئۇرۇقلىرىنىمۇ تېز - تېز سىيرىشقا باشلىدى.

— ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ هۈرپىيىپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ قاشلىرىغا نەزەر تاشلاپ، — نىياز قارىنىڭ نامىزىنى ۋاقتىدا چۈشۈرۈۋەتسەك. هاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، جامائەتمۇ ساقلاپ قالدى.

ئىمام كۆزىنى ئېچىپ ماڭا چەكچەيدى:

— نېمە دەۋاتىلا ئۇكام، — دېدى ئۇ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا، — مەن هاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمەن!

ئۇ يەنە كۆزىنى يۇمىۋالدى. مەن ئوڭايسىزلىنىپ يېلىندىم:

— هاۋا تىنجىق، ئىمام ئاخۇنۇم، جەسەتنى يەنە ساقلاۋەرسەك بولماس...

— ساقلىمىساڭلار ئاپىرىپ كۆمۈۋېتىڭلار، — دېدى ئۇ كۆزىنى ئاچماي پەس ئاۋازدا.

— ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدىم مەن، — ئۇمۇ بىر مۇسۇلمان بەندىسى تۇرسا، نامىزىنى چۈشۈرمەي قانداق يەرلىككە قويغىلى بولىدۇ؟

— ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس، كاپىر، هاراقكەش كاپىر!

مەن نېمە قىلىشنى بىلمەي بىردەم گاڭگىراپ تۇرغاندىن كېيىن، يانچۇقۇمدىن ئون سوملۇق پۇلدىن ئىككىنى چىقىرىپ، ئىمامنىڭ تەسۋى سىيرىۋاتقان بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ بارماقلىرى تەسۋى سىيرىشتىن توختاپ، كۆزلىرى پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى.

— بۇ ... بۇ... نېمە قىلغانلىرى، ئۇ ـ كام؟ — دەپ دۇدۇقلىدى ئىمام ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزىنى پۇلدىن ئۈزمەي.

— ئاز بولسىمۇ كۆپىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ئېلىپ قويسىلا، — دېدىم مەن ئىمامغا يېقىن سۈرۈلۈپ، — نىياز قارى مۆمىن بەندە ئىدى، ئۆمرىدە ئاز بولسىمۇ ساۋابلىق ئىش قىلغان بولغىيدى، ئۇنىڭ جىنازىسىنى غېرىب قالدۇرساق ئۇششاق باللىرىغا ئۇۋال بولار!

— ئۇ هاراق ئىچىپ ئۆلگەن تۇرسا، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسەم ئىنشائاللا گۇناه بولۇر.

مەن يەنە ئاخىرقى ئون سوملۇق پۇلنى هېلىقى پۇلنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. ئىمامنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەندەك بولدى.

—بۇنى سېلىپ قويسىلا، ئىمام ئاخۇنۇم، كېيىن يەنە بىر بولغاندىن كېيىن قاراپ تۇرماسمىز.

— پۇل ئېلىپ ناماز چۈشۈرسەم ئەل ـ جامائەت ئاڭلىسا كېيىن بۇ ئىمامەتچىلىكنى قانداق قىلغۇلۇق ئۆزى.

— نىياز قارىنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن دۇئا بەرسىلە، ئىمام ئاخۇنۇم.

ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈردى. مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. بىر نىياز قارىنىڭ هويلىسىغا يېتىپ كەلگەندە ئىمام گېلىنى قىرىپ قويۇپ، جامائەتكە ۋەز ئوقۇشقا باشلىدى.

— جامائەت، نىياز قارى يۇۋاش، مۆمىن مۇسۇلمانىدى. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئازدى، ئاللا ئۇنىڭ گۇناهىنى مەغپىرەت قىلغاي، ئامىن ئاللۇهۇ ئەكبەر. قېنى جامائەت «سالات جىناز».

جامائەت رەتكە تىزىلىپ مېيىت نامىزىغا تەييارلاندى. هاشىم ئىمامنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاللاهۇ ئەكبەر، ئالاهۇ ئەكبەر...

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى).

مەمتىلى قادىر

## تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم

تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر سيۇژېتى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى توغرىلىق بىلەن ئېچىپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە رېئاللىقتىكى خىلمۇخىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە رېئال ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئىشىنەرلىك تەپسىلاتلار تەسۋىرى بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئەسەر سيۇژېتى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى توغرا ۋە ئىشىنەرلىك قىلىپ ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن ئىدىيىۋى مايىللىقىنىمۇ توغرىلىققا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان ھەر بىر تەپسىلاتنىڭ كىشىلەردە چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدىغان بولۇشىغا دىققەت قىلىنىشى لازىم.

بىزنىڭ پروزىچىلىق ساھەمىزدىكى خېلى بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز بۇ مەسىلىگە قارىتا جىددىي مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز، جۈملىدىن، ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە، مەيلى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشتە بولسۇن ياكى باشقا تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەسۋىرلەشتە بولسۇن، رېئال ئادەملەر ۋە رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھالدا توقۇپ چىقىلغان قىياسىي ئادەملەر ۋە خىيالىي تەپسىلاتلارنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ياكى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ مەسىلىگە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇنداق قاراشماقتا: «ئەدەبىي ئەسەرلەر تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا يۈكسەك بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا توقۇلما قىلىش، مۇبالىغىلاشتۇرۇش، ئىش قوشۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ،

ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئوخشىمايدىغان، ھەتتا ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولمىغان - بولمايدىغان تەپسىلاتلارنىمۇ تەسۋىرلەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇنداق توقۇلما، مۇبالىغە قىلىشلار بولمايدىكەن، ئەدەبىياتنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئۈستۈن قىلغىلى بولمايدۇ...»

بۇ، بىزنىڭ ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىمىزنىڭ تۇرمۇشقا يۈزلىنىش ۋە تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر خىل نامۇۋاپىق خاھىش.

ئەدەبىيات — كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئۈستىدە چىنلىق بىلەن بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى توغرىلىق بىلەن ئېچىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە دەۋر ھەققىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەممىي ئىدىيىۋى ھېسسىيات، توغرا باھا- قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى توغرا تونۇشى ۋە ساغلام ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن تەربىيىلىنىشىگە ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۇ تەلەپ پەقەت رېئاللىقتىكى خىلمۇخىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە رېئال ئادەملەرنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىش، ئۇلارنى توغرا ئومۇملاشتۇرۇپ، خۇددى رېئال تۇرمۇش ۋە رېئال ئادەملەرگە ئوخشاش كونكرېت، تەبىئىي، ئىشىنەرلىك قىلىپ سۈرەتلەپ چىقىش يولى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا تۇرمۇش ۋە تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئىجادىيەت خاھىشىدا گەرچە ئەدەبىياتنىڭ «رېئال تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى» دەك ئالاھىدىلىكىگە «ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن» بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتنىڭ يەنىلا تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىغانلىقى ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىدەك بۇ تۈپ ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئېتىبار بېرىلمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭدا ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ۋە ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكى مەسىلىسى ئاددىي ھالدا ئاتالمىش «توقۇلما قىلىش، مۇبالىغە قىلىش، ئىش قوشۇش» لار ئۈستىگە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قويۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ تىپ يارىتىش جەھەتتىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان بىرلىك مۇناسىۋىتى خاتا ھالدا بىر ياققا قايرىۋېتىلگەن.

ئەدەبىي ئىجادىيەت يازغۇچىلارنىڭ بىر خىل قايتا ئىجاد قىلىش پائالىيىتىدۇر. ئۇنىڭدا ئەسلىدە مەلۇم شەكىلگە ئىگە بولمىغان تارقاق، چېچىلاڭغۇ تۇرمۇش پاكىتلىرى يازغۇچىلار تەرىپىدىن تاللىنىپ، ئىش قوشۇلۇپ ۋە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئۆزئارا زىچ ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغان، باش - ئاخىرى ئېنىق بىر مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلگە، يەنە بەلگىلىك تونۇتۇش ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش كارتىنىسىغا ئايلاندۇرۇپ چىقىلىدۇ، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا توقۇلما قىلىش، مۇبالىغە قىلىش، ئىش قوشۇش

قاتارلىقلاردىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ. بىراق بۇيەردە دېيىلىۋاتقان «توقۇلما قىلىش، مۇبالىغە قىلىش، ئىش قوشۇش» قاتارلىقلار ھەرگىزمۇ ئەدەبىياتنى تۇرمۇشتىن ئۈستۈن قىلىپ چىقىدىغان ئاساسىي ئامىللار بولماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى جەريانىدىكى كەملىك قىلغان زۆرۈرىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاش ۋە مەسىلىلەرنى نىسبەتەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان قوشۇمچە ئامىللاردۇر. ئەدەبىياتنى تۇرمۇشتىن ئۈستۈن قىلىپ تۇرىدىغان ئاساسىي ئامىل يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئىش قوشۇش، گۈزەللەشتۈرۈش ۋە غايىۋىلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىجادىي پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت. ئەدەبىياتتا يازغۇچى تەرىپىدىن تاللىۋېلىنغان تۇرمۇش پاكىتلىرى قانچە تۇرمۇشلاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلسە، ئۇ، كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنچە كۈچلۈك جەلپ قىلالايدۇ، كىشىلەردە شۇنچە كۈچلۈك چىنلىق تۇيغۇسى ۋە تەسىرلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلالايدۇ، شۇڭا رېئاللىزملىق ئەدەبىياتتا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ئاساسەن تۇرمۇشنى قايتا كۆرسىتىش پرىنسىپىدا قەتئىي تۇرۇلۇشى لازىم. ئاتالمىش «توقۇلما قىلىش، مۇبالىغە قىلىش، ئىش قوشۇش» دېگەنلەر ھەرگىزمۇ «تۇرمۇشلاشتۇرۇش» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويۇلماسلىقى، «ئەدەبىيات تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»، «ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس» دېگەن ئۇقتىئىنەزەرلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشەندۈرۈلۈپ، ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن قايتا كۆرسىتىشتەك تۈپ ئالاھىدىلىكى چەتكە قېقىۋېتىلمەسلىكى كېرەك. «ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس» ۋە «ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا يۇكسەك» بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى «ئەمەسلىك» بىلەن «يۇكسەك»لىك رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان توقۇلما، مۇبالىغىلەرگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى تۇرمۇشنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى، غايىۋىلىققا ئىگە قىلىنىشىغا قارىتىلغان.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز بۇ مۇھىم مەسىلىدىن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، قىياسىي ۋەقەلىك ۋە قىياسىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى توقۇپ چىقىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ يېزىپ چىققان ئەسەرلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چىنلىق پۇرىقىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار يازغان ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە رېئاللىقتىكى خىلمۇخىل مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى يوقاتقان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان پېرسوناژلار تەبىئىيلىكى يوق، سۈنئىي ئوبرازلار تەرىقىسىدە سۈرەتلەندى. ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل نۇقسان يېزىپ چىقىلغان ئەسەرلەرنى كىتابخانلارغا يۈزلىنەلمەيدىغان، كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالالمايدىغان ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇ يېزىپ چىقىلغان ئەسەر بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل پارچىلىنىش ھالىتىنىمۇ شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بىز بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراپ باقايلى:

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 5 - سانىدا «خىيال ۋە سايە» ناملىق بىر پارچە ھېكايە ئېلان قىلىندى. ھېكايىدا دىلدار ئىسىملىك بىر شەھەر ئايالىنىڭ «بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنىڭ بۆشۈكى» بولغان «چىرايلىق شەھەر» دىن «ئۆز ئىختىيارى» بىلەن ئايرىلىپ «ئاتىسى كۆرمىگەن، ئانىسى كۆرمىگەن بىر ناھىيىگە»، «ناھىيە بولغاندىمۇ تەكلىماكان قۇملىرى ئارىسىدىكى قۇرغاق، تۇپراقلىق، سۇسىز، چاڭ - توزانلىق بىر ناھىيە» گە «ئىش ۋە شان - شەرەپ ئىزدەپ» يېتىپ كەلگەنلىكى، بۇ ناھىيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئەلا سورتلۇق كېۋەزنى تېرىشنى سىناق قىلىپ» كىشىلەرنىڭ «ناھايىتى زور ماختىشىغا ئېرىشكەن» لىكىدەك «تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى» ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلمەكچى بولۇنغان. مېنىڭچە، بىزنىڭ بۈگۈنكى ھېكايىچىلىقىمىزدا بۇنداق تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇلۇشى لازىم، بىراق بۇنداق تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچىلار چوقۇم رېئاللىقنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشقا دىققەت قىلىشى لازىم. «خىيال ۋە سايە» ھېكايىسىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر ئاكتىۋال تېما تاللىۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تېما تۇرمۇشنىڭ ئۆز ھالىتى ۋە ئۆز مەنتىقىسى بويىچە توغرىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلمىگەن، ئۇنىڭدىكى كۆپلىگەن تەپسىلاتلار سۈنئىي بولۇپ قالغان.

ھېكايىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى دىلدار ناھىيىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ «يېڭى سورتلۇق كېۋەزنى سىناق قىلىپ تېرىش» تەتقىقاتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇ، يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئاللىبۇرۇن تېرىلىپ بولغان ۋە ئۈنۈپ بولغان بىر نەچچە يۈز مو يەرنىڭ كېۋىزىنى بۇزدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «مول ھوسۇللۇق»، «ئارمىيە بىرىنچى» كېۋىزىنى تېرىتقۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «ئۈچ ئالتە يېرىم» نى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ. بۇنىڭغا كىم قوشۇلمىسا ياكى نارازى بولسا، ئۇنى «نادان» دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭدىن زارلايدۇ.

بۇ بىر قاتار تەپسىلاتلار تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالغان.

بىرىنچىدىن، ھېكايىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى دىلدار پەقەت مەلۇم كىتابىي بىلىملەرگىلا ئىگە، لېكىن ئۆگەنگەنلىرىنى تېخى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ كۆرمىگەن بىر شەھەر ئايالى. ئۇ «108» نومۇرلۇق مىسىر كېۋىزىنىڭ ئورنىغا «ئارمىيە بىرىنچى» نومۇرلۇق «ئەلا سورتلۇق كېۋەز»نى تېرىغاندا «ناھايىتى كۆپ مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ» غانلىقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ھېس قىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلغىلى بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. شۇنداقكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆز «تەتقىقاتى» نىڭ «يېڭى نەتىجىلىرى» گە ئېرىشىشتە، ئالدى بىلەن ئاز بىر قىسىم يەرنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا «ئارمىيە بىرىنچى» كېۋىزىنى تېرىپ كۆرۈپ بېقىشى ۋە ئۆز «تەتقىقاتى» نىڭ مېۋىلىرىنى دېھقانلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىشى لازىم. لېكىن ئۇ بۇنداق قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆز تەسەۋۋۇرىنى بىراقلا ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ. دېھقانلارنىڭ قان - تېرى بەدىلىگە كەلگەن بىرنەچچە يۈز مو يەرنىڭ كېۋەز مايسىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشقا ئې-

شىشى مۇمكىن بولمىغان خال خىيالنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىدۇ. رېئاللىقتىن ئايرىلغان هال-
دا توقۇپ چىقىلغان قەهرىمانلارنىڭ قارىغۇلارچە ئېلىپ بارغان بۇنداق «پائالىيەت» لى-
رىنى قانداقمۇ رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ مەدهىيىلەش ئوبيېكتى قىلغىلى بولسۇن؟

ئىككىنچىدىن، هېكايىدا تەشەببۇس قىلىنغان ئاتالمىش «ئۈچ ئالتە يېرىم»— («بىرمو
يەردىن چوقۇم ئالتە يېرىم مىڭ تۈپ كېۋەز مايىسسى ئېلىش، بىر تۈپ شاختىن چوقۇم
ئالتە يېرىم تال غوزا ئېلىش، بىر تال غوزىدىن چوقۇم ئالتە يېرىم گرام ساپ پاختا
ئېلىش») تەشەببۇسى تېخى پاختا تېرىقچىلىقى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىيالىي
تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇنى «ئىشقا ئاشۇرغىلى» دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئالدى بىلەن مۇن-
داق بىر شەرت- ئىرادە بىلەن ياخشى تەبىئىي شارائىتنىڭ بىرلىشىپ كېلىش شەرتى ها-
زىرلانغان بولۇشى لازىم. هېكايىدا تەسۋىرلەنگەن ناهىيە «تەكلىماكان قۇملىرى ئارىسىدى-
كى»، «قۇرغاق، هەممىلا جاي توپا - چاڭ»، «قۇم - شېغىللىق»، «سۇسىز» چەت بىرناهىيە.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزا ئىگىلىك ساهەسىمۇ باشقا ساهەلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس ئالا-
هىدە قانۇنىيەتكە ئىگە. بۇ ساهەدە يالغۇز قۇرۇق ئىرادىنىڭ بولۇشى بىلەن ئىش پۈت-
مەيدۇ. ئۇنىڭدا ئىرادە ۋە ئىرىشچانلىقتىن تاشقىرى، يەنە مۇۋاپىق تەبىئىي شەرت - شا-
رائىت — سۇ، ئوغۇت، مۇنبەت تۇپراق، ياخشى هاۋا كلىمات، مۇۋاپىق يەر تۈزۈلۈشى...
قاتارلىقلارمۇ هازىرلانغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، بۇ ساهەدىكى ئىشلارنى
ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، هېكايىدا نېمە ئۈچۈن بۇنداق
ئەمەلىيەتچانلىقى يوق قۇرۇق تەسەۋۋۇر تەرغىپ قىلىنىپ قالدى ۋە نېمە ئۈچۈن بۇنداق
قۇرۇق تەسەۋۋۇر ئىشقا ئاشىدىغان ۋە ئىشقا ئاشقان «ئۇلۇغ پىلان» تەرىقىسىدە تەسۋىر-
لىنىپ قالدى؟ بۇ قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاهىشىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل ئىپادى-
سى ئەمەسمۇ؟!

هېكايىنىڭ ئاساسىي قەهرىمانى دىلدار، هېكايىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، «مەد-
هىيىلەشكە» ۋە «ئۆگىنىشكە» تېگىشلىك بىر «ئىجابىي قەهرىمان» تەرىقىسىدە مەيدانغا
چىقىرىلغان، لېكىن ئۇنىڭ هەرىكەت مۇددىئاسى، هەرىكەت شەكلى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى
كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تەسىرلىنەرلىك ئىدىيە، هەرىكەتلەرنى زادىلا تاپقى-
لى بولمايدۇ. ئۇنىڭ «يېزىغا كۆچۈپ چىقىپ» ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرۈشتەك بەزى
«پائالىيەتلىرى» يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ هەممىسى هەم سۇنئىي، هەم زىددى-
يەتلىك بولۇپ قالغان. ئۇ بىر تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «بەش كۈنلۈك يىراقلىقتىكى قۇرغاق،
توپىلىق ناهىيە» گە كەلگەنلىكىنى «بەخت» ۋە «شان - شەرەپ قازىنىش» ئۈچۈن دەپ
قارايدۇ. بىر تۇرۇپ، هەممىدىن: «ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق توپىلىق، چاڭ- توزاڭلىق ناهىيىگە
كېلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان» يولدىشىدىن، ناهىيە ۋە يېزىنىڭ كادىر، دېهقانلىرىدىن،
بۇ ناهىيىدىكى «جاپا - مۇشەققەت» لەردىن قاتتىق زارلايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «نەگى-
لا قارىسام، كۆزۈمگە قۇمساڭغۇ توپا كۆرۈنىدۇ. ۋاي توپا، ۋاي چاڭ- توزان! مەن سېنى
ئارزۇلاپ ئاشۇ پاكىزە دەرەخلىك كوچىلارنىڭ سىرلانغان تۆمۈر رېشاتكىلىرى ئىچىدىن
ئەتىرگۈللەرنىڭ ياپراقلىرىدا چاڭ - توزان ئورنىدا مەرۋايىت يالتىرايدىغان چىرايلىق شە-

ھېرىمنى تاشلاپ كەلگەنمىدىم؟ ئاھ، مەنسەپ! سەن مېنى شەھىرىمدىن ئايرىدىڭ، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ناھىيىگە، ناھىيە بولغاندىمۇ تەكلىماكان قۇملىرى ئارىسىدىكى قۇرغاق، توپىلىق ناھىيىگە ئەكېلىپ تاشلىدىڭ...»، «دوستۇم، بۇ گەپلەرنى ساڭىلا دەۋاتىمەن، يارىلىشىدىن گۈزەل بولۇپ يارالغان بىر ئايال ئۈچۈن ئازاب ۋە ھاقارەتنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپات قىلماقچىمەن: بىرسى قولۇمنى مەنىلىك قىسىۋاتقان، بىرسى كۆزۈمنىڭ ئىچىدىن جاۋاب ئىزلەۋاتقان، يەنە بىرسى بىر مىنۇتلۇق كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ھاياسىزلىق قىلىۋاتقان...»، «بىز دۇنياغا يۇۋاشلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ھاكاۋۇرلارغا يېلىنغىلى يارالغانمۇ؟ بىزگە يول نېمانچە تار؟...»، «مەن بۇ خورلىنىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈمىدتىن كۆرىمەن. شۇنىڭ ئازابىنىڭ ئاخىرى ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن»، «ناۋادا مەن ساڭا ئوخشاش يازغۇچى بولغان بولسام، كىشىلەرنى رەنجىتىدىغان ئەسەرلەرنى كۆپرەك يازاتتىم، نېمىشقا دەمسىنا؟ سەۋەبى ئاددىي، ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قارىشىنىڭ مەھسۇلى، تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مېنى رەنجىتكەن ئىكەن، مېنىڭ ئەسەرلىرىممۇ كىشىلەرنى رەنجىتىشى كېرەك.»

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ماھىللىقى، ئاساسلىقى، ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ مانا مۇشۇنداق ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق كىتابخانلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توغرا ۋە مەنتىقىلىق تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىشقا قىلچە ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ. «خىيال ۋە سايە» ھېكايىسىدىكى ئاساسىي قەھرىمان دىلدار، ئاپتورنىڭ بايان قىلىشىدىن قارىغاندا، بۇ «توپىلىق، قۇرغاق، چاڭ - توزانلىق» ناھىيىگە بىرسىنىڭ زورلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئۆز ئىختىيارى» بىلەن كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ناھىيىگە كېلىشىنى «ئەلا سورتلۇق كېۋەزنى سىناق قىلىپ تېرىپ»، «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ»، «شان - شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن» دەپ قارايدۇ. شۇنداقكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، ئۆزى تۇرۇۋاتقان شۇ مۇھىتقا، جۈملىدىن، ئۆزىگىمۇ قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇشى، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىن سەممىمىي بولۇشى لازىم. دەرۋەقە، بىر «چىرايلىق ئايال» ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئانىسىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، ئاتىسىمۇ كۆرۈپ باقمىغان»، «بەش كۈنلۈك يىراقلىقتىكى» توپىلىق، قۇرغاق، چاڭ - توزانلىق» بىر يېزىغا كېلىپ قېلىش ۋە «كۆزلىرىگە ھاياسىز تاما بىلەن نەتىجىسىز ئۈمىد نۇرلىرى يوشۇرۇنغان ئەرلەر» تەرىپىدىن «بىزەك ئېتىلىش»— بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئىش. لېكىن بۇنىڭدا يەنىلا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كونكرېتنى شارائىتنىڭ ئومۇملۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئاساسىي قەھرىمان دىلدار ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان جاي — ئاقكۆڭۈل، ساپ ۋىجدان دېھقانلار ئاممىسى ئولتۇراقلاشقان بىر چەت يېزا. بۇ يېزىدا «چىرايلىق چوكان» لارغا «بىر مىنۇتلۇق كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ھاياسىزلىق قىلىدىغان»، «پەسكەش ئادەملەر» نى يوق

دېگىلى بولامسىمۇ، لېكىن ئۇلار يۇتكۇل يېزا دېھقانلىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. يېزىلار-
دا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغىنى ئاددى - سادda، ئاقكۆڭۈل دېھقانلار ئاممىسى. ئۇلار-
نىڭ ئەخلاقى پۇتكۇل يېزىلارنىڭ يىمىرىلمەس تۆۋرۈكىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ھەر-
قانداق شەكىلدىكى ناچار ئەخلاقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان، ھەرقانداق شەكىلدىكى
ناچار ئەخلاقلارنىڭ بازار تېپىشىغا يول قويمايدىغان تەڭداشسىز كۈچتۇر. شۇنداقكەن، بۇ
يېزىدىن، بۇ يېزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كىشىلىرىدىن قانداقمۇ زارلانغىلى بولسۇن؟ دىلدار
بۇ يېزىغا «ئۆزى تەلەپ قىلىپ»، «ئۆز ئىختىيارىلىقى» بىلەن كەلگەنغۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن
بەزى «قىيىنچىلىق» لارغا ۋە «ھاقارەتلىنىش» لەرگە دۇچ كەلگەن بولسا، ئۆز ئەتراپى-
دىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، بۇ خىل «قىيىنچىلىق» ۋە «ھاقارەتلىنىش» لەرگە قار-
شى مەردانىلىق بىلەن كۈرەش قىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي شارا-
ئىت ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، ھەق - ناھەق كۆز قارىشى ئايدىڭ، ھەرىكەت-
چان، تىرىك ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشى لازىمغۇ؟ ئەدەبىياتنىڭ پېرسوناژلار ئوب-
رازىنى يارىتىش جەھەتتە ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە روشەن مايىللىق ۋە تەۋەللىككە
ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت تەلىپىمۇ بارغۇ؟ پېرسوناژلار ئوبرازىنى «كۆپ خىللاشتۇرۇش»
نى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان، بۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان ياكى ئۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان،
بۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان، خۇنۇك، ئىككى بىسلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش توغرا
ئەمەس. ئۆز ئەسىرى ئۆز پېرسوناژلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قى-
لىدىغان بىر يازغۇچى، ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتنىڭ پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىش جەھەتتىكى
بۇ تەلىپىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 10-، 11 - سانلىرىدا «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭ-
گە» ناملىق بىر پوۋېست ئېلان قىلىندى. پوۋېستتا جامال ئىسىملىك بىر زىيالىينىڭ «مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىش
ئارقىلىق چېكىدىن ئاشقان «سول» چىلىق بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بۇ
زېمىن كىشىلىرىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلمەكچى بولۇنغان.
ئەمەلىيەتتىمۇ پوۋېستتا ئۆزگىرىشچانلىقى ئىنتايىن كۆپ بولغان مۇرەككەپ زىددىيەت-
توقۇنۇشلار ۋە ئىنتايىن ھېسسىياتلىق ئوبراز تەسۋىرى ئارقىلىق ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدى-
كى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ۋە بۇ خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قال-
دۇرغان قارا داغلىرى نىسبەتەن تەسىرلىك قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىلگەن. بۇ نۇقتىدىن قا-
رىغاندا، پوۋېستنى بەدىئىي جەھەتتىن نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ مۇقىم-
لاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

بىراق بۇ پوۋېستتا زېمىن گەۋدىسىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى زېمىن ئادەملىرىنىڭ بىر-
بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تاللاپ ئې-
لىنغان بەزى تەپسىلاتلار تەسۋىرى ۋە ئومۇمىي بايانلار دېگۈدەك ھەقىقىي بولالماي
قالغان.

پوۋېستنىڭ بېشىدىلا زېمىندىكى مۇرەككەپ ھالەتلەر ۋە زېمىن بىلەن ئادەملەر

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئەي زېمىن، بۇرنۇڭ سەزمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ سېسىقچىلىقتىن كۆڭلۈڭ ئاينىمىدىمۇ؟ ئادەملىرىڭنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك سىلىق، چىرايلىق بولغان بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىر نەپىسىدىن سېسىق بۇس چىقىدۇ. ئادەملىرىڭدىن سېنىڭ ئۈستۈڭگە چۈشۈۋاتقان پاسكىنىچىلىقلار پۈتۈن جىسمىڭنى بۇلغىۋەتتى ... مانا، ئادەملىرىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭگە دەسسەپ، بەدىنىدىن قويۇلغان سېسىق تەرلىرىنى ساڭا تۆكۈۋاتىدۇ. مانا، بۇ پاسكىنىچىلىقلار سېنىڭ كۆزۈڭنى كور، بۇرنۇڭنى سەزمەس، قۇلىقىڭنى گاس، ئاغزىڭنى تىلسىز، پۇتۇڭنى پالەچ ئادەمگە ئوخشىتىپ قويدى ... ئەي زېمىن، قارىغىن: سېنىڭ بۇنچىلىك ھالغا كېلىپ قېلىشىڭنى، ئادەملىرىڭنىڭ بىۋاپالىقىدىن ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىمەن. بىقۇۋۇل، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمانى يوق، دەرد ئاستىدا مىجىقى چىققان ئادەملەر ئىلاجىسىز سېنى بۇلغايدۇ. ئەي زېمىن، دەرد ئېزىۋەتكەنلەر يىغلاۋېرىپ كۆزىنىڭ يېشى قۇرۇدى، بېشىغا كۈن چۈشسە يىغىنىڭ ئورنىغا سازاڭدەك مىدىرلاپ، پىلە قۇرتىدەك سۆڭەكسىز بولۇپ، بىر - بىرىنى يالاپ، بىر - بىرىنى شوراپ ياشاشنى ئۆگەندى. مەينەتچىلىك سېنىڭ ئۈستۈڭگە مانا شۇنداق تېمىشقا باشلىدى.»

بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىپايان تۇرمۇش دېڭىزى ئىچىدىكى خىلمۇ - خىل مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇنى توغرا ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئادەملەر بەرپا قىلىۋاتقان تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ۋە ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىش — شۇ يازغۇچىنىڭ سەنئەت قارىشى ۋە ئىجادىيەت ئۇيىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە.

ئەدەبىيات مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ۋە ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلىگەندە، ئاندىن خەلقنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانى توغرا تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بايانلاردا كىشىلەر بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقايلىقلار جەريانىدىكى بەزى تۇرمۇش پاكىتلىرى نىسبەتەن جانلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۆزلىنىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۈپ ماھىيەتلىك ئومۇمىيەتلەر ئىشىنەرلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، رېئال دۇنيادىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر تاياقتا ھەيدىلىپ، «گەپلىرى شۇنچىلىك سىلىق، چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن نەپىسىدىن سېسىق بۇس چىقىپ تۇرىدىغان»، «ئىلاجىسىزلىق» تىن «زېمىننى بۇلغاۋاتقان»، «يىغىنىڭ ئورنىغا سازاڭدەك مىدىرلاپ»، «بىر - بىرىنى يالاپ»، «بىر - بىرىنى شوراپ» زېمىنغا «سېسىق تەرلىرىنى تۆكۈۋاتقان ئادەملەر» گە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەملەرنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ بىپايان زېمىن كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بىر قورقۇنچلۇق دۇنياغا، «كۆزى كور، قۇلىقى گاس، بۇرنى سەزمەس، ئاغزى تىلسىز، پۇتى پالەچ» بىر «ئادەم» گە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان. شۇنى بىلىش كېرەككى، بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىن ئەزەلدىن بىر - بىرى-

گە تۆپتىن ئوخشاش بولمىغان قارىمۇ - قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكىدىن، يەنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكتىن ئىبارەت بۇ بىر تەرەپ بىلەن ساختىلىق، يامانلىق، سەتلىكتىن ئىبارەت بۇ بىر تەرەپنىڭ بىرلىكىدىن تەركىپ تېپىپ كەلگەن. بىزنىڭ هازىرقى شارائىتىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بۇ ئىككى تەرەپ يەنىلا مەۋجۇت ۋە ئۇلار ئۆزئارا كۈرەش قىلىش هالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا خىلمۇخىل تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە رېئاللىقتا ئوبيېكتىپ هالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بۇ خىل ئەمەلىيەت تولۇق چىقىش قىلىنىشى، مەدھىيىلەشكە ۋە تەرغىپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرى مەدھىيىلىنىشى ۋە تەرغىپ قىلىنىشى، ئېچىپ تاشلاشقا ۋە تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىكلىرى ئېچىپ تاشلىنىشى ۋە تەنقىد قىلىنىشى لازىم.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى گەرچە ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى تۈپتىن يوقىتىپ، كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئازاد قىلىدىغان بىر نۇرلۇق جەمئىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا يەنىلا سوتسىيالىستىك تۇرمۇشقا يات بولغان «قاراڭغۇ تەرەپلەر» مەۋجۇت. بۇ خىل «قاراڭغۇ تەرەپلەر» هەتتا بەزىدە ناهايىتى زور بىر خىل ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. «زېمىن، قارا ئادەملەردىكى» پۈۋېستىدا تەسۋىرلەنگەن بىر قاتار تۇرمۇش پاكىتلىرى مانا بۇنىڭ مىسالى. بىراق بۇ خىل تۇرمۇش پاكىتلىرىنى تەسۋىرلەشتە چوقۇم ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئىش ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. بىزنىڭ ئومۇملۇق ۋە يورۇقلۇق دېگىنىمىز، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ پارلاقلىقى ۋە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا ئېلىپ كېلىدىغان يېڭىچە ئۆزگىرىشلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئاساسىي ئېقىمغا ياتىدۇ. بىزنىڭ ئايرىملىق ۋە قاراڭغۇلۇق دېگىنىمىز، سوتسىيالىزم ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيانلىق بولغان بارلىق جىنايى قىلمىشلار ۋە ئىدىيىۋى خاھىشلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ قىسمەنلىككە ياتىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئومۇملۇققا ۋە يورۇقلۇققا ياتىدىغان ئاساسىي ئېقىم بىلەن ئايرىملىققا ۋە قاراڭغۇلۇققا ياتىدىغان قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن ۋە ئۇلار توغرا پەرقلەندۈرۈلمەيدىكەن، ئۇ هالدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ئومۇملاشتۇرۇپ بەرگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك سوتسىيالىزم شارائىتىدا ياشاۋاتقان هەرخىل ئادەملەرنىڭ ئەسلى هالەتلىرىنىمۇ توغرا كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

پۈۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنىڭ هەممىسى سوتسىيالىزم شارائىتىدا ياشاۋاتقان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىچ قارنى پۈتۈنلەي سېسىقچىلىق بىلەن تولغان ئايرىم ئادەملەرنى هېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇ زېمىنغا گۈل چېكىپ كەلگۈچىلەر ۋە بۇ زېمىنغا گۈل چېكىشنى مەقسەت قىلىدىغانلار. ئۇلار مەيلى بېشىغا قانچىلىك ئېغىر كۈنلەر چۈشمىسۇن، بۇ زېمىنغا بىۋاپالىق قىلمايدۇ. بۇ زېمىننى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ. شۇنداقكەن، ئۇلارنى قانداقمۇ «ئىلاجىسىز» لىقتىن

بۇ «زېمىننى بۇلغىغۇچىلار» دەپ قارىغىلى بولسۇن؟ يەنە ئۇلارنى قانداقمۇ «ئىلاجىسىزلىق» تىن «بىر ـ بىرىنى شوراپ، بىر ـ بىرىنى يالاپ»، «زېمىنغا سېسىق تەرلىرىنى تۆكۈۋاتقانلار» قىلىۋەتكىلى بولسۇن؟ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە زېمىن ۋە زېمىن ئادەملىرىگە توغرا باھا بېرىلىشى لازىم.

پوۋېستتا كونكرېت تۇرمۇش يولى، تۇرمۇش شارائىتى، بەلگىلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت دائىرىسى بولغان كۆپلىگەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇ خىل پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ بەزىلىرىدىن يەنە مەلۇم پىسخىك ئادەت، سىياسىي كۆز قاراش، مۇھەببەت ـ نەپرەت نۇقتىئىنەزەرى دېگەندەكلەرنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. ئەدەبىياتتا بۇنداق پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلىگەندە، يالغۇز ئۇلارنىڭ مەلۇم شارائىت ئىچىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىلا يېزىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىمۇ توغرىلىق بىلەن تاپشۇرۇلۇشى لازىم. پوۋېستتا بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەلۇم تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى نىسبەتەن جانلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ـ چىلىكلىرى ۋە بۇ خىل ئۆزگىرىشچىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىش مەنبەئى تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئېچىپ بېرىلمىگەن. مەسىلەن، پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ئاساسىي قەھرىمان جامال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىش ھارپىسىدىن تارتىپ تاكى ئۆزى تۇرغان شۇ ئورۇننىڭ سېكرېتارى بولغىچە ناھايىتى كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ھەرخىل قالپاق، جىسمانىي ئازاب ۋە ئىقتىسادىي نامراتچىلىقلار دەستىدىن ئۇنىڭ تارتمىغان دەرد ـ ئەلەملىرى قالمايدۇ. بۇ خىل جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا ھېچبولمىغاندا، ئۆزىگە ئوخشاش جاپا تارتىۋاتقانلارغا قارىتا ئازراقمۇ بولسا ھېسداشلىق قىلىش خاھىشىنى پەيدا قىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۇستا رەسسام» لىقىغا تايىنىپ سېكرېتار بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئەتراپىدىكى دېھقانلارغا قارىتا ئازراق بولسىمۇ ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتمايدۇ. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنى بورداشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، يېزىدىكى نۇرغۇنلىغان قىز ـ ئاياللارنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا ئاياغ ـ ئاستى قىلىدۇ ... ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بۇ يېزىدا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمايدۇ. بېشىدىن كۆپلىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كەتكەن ئاددىي بىر يېزا بالىسىنىڭ ئۈستىگە مۇنداق قورقۇنچلۇق جىنايى قىلمىشلارنى يۈكلەپ قويۇش، مەيلى رېئاللىقنىڭ ئۆز مەنتىقىسى جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، مەيلى ئەدەبىياتنىڭ تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا بولسۇن، ھەممىسىدىلا توغرا ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق خاراكتېر بەلگىلىك شارائىت ۋە تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئەسەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بولغان جامال «سول» لۇشيەن بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بالايىئاپەتلىك يىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر

پېرسوناژ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇمۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ۋە زىيالىيلار ئاممىسىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن كۆپ جاپا-مۇشەققەت ۋە دەرد-ئەلەملەرنى تارتقان. بۇنداق بىر ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەسلىكى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقكەن، يەنە ئۇنى قانداقمۇ روھىي دۇنياسى پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن بىر زەئىپ ئادەم قىلىپ تەسۋىرلىگىلى بولسۇن؟ ئاساسىي قەھرىمانىنى بۇ خىل تەسۋىرلەش كىتابخانلاردا بىر خىل ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلدۇرمامدۇ؟

دەرۋەقە، تۇرمۇشتا ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزگىرىپ بۇ قۇتۇپتىن ئۇ قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئادەملەرمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يەنىلا سەۋەبى بولىدۇ. ئەدەبىياتتا بۇنداق ئۆزگىرىشچان ئادەملەرنىڭ تىپىنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبلىرىنى ئېنىق تاپشۇرۇپ ئۆتۈش كېرەك، لېكىن پوۋېستتا جامالنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى تولۇق كۆرسىتىلمىگەن. كۆرسىتىلگەن دېيىلگەندىمۇ، پەقەت ئۇنىڭ سېكرېتار بولۇشىلا ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى قىلىپ قويۇلغان.

ئەدەبىيات «تىپ يارىتىش، خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىدۇر» (گوركىي). ئۇنىڭدا روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن تولۇق ئورتاقلىقى ئۆزئارا زىچ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى خىلمۇ-خىل ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى جانلىق ۋە ھەقىقىي قىلىپ سۈرەتلەپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا يارىتىلىۋاتقان پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى بىلەن ئورتاقلىقىنى ئۆزئارا زىچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۇنى ھەم روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قىلىش، ھەم تولۇق ئورتاقلىققا ئىگە قىلىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. «زېمىن، قارا ئادەملىردىگە» پوۋېستىدا بەزى ئايرىملىقلارغا ئىگە قىسمەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ماھىيەتلىك ئورتاقلىقى توغرىلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلمىگەن، ھەتتا ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلىنىپ، ئۆز تەۋەلىكىدە بولمايدىغان ۋە ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ھەرىكەت، ئىدىيىلەردە بولىدىغان غەلىتە پېرسوناژلاردىن قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، پوۋېستتا پاتىمە ۋە خۇماخان قاتارلىق بىر قىسىم ئايال پېرسوناژلار ئوبرازى بار. بۇ پېرسوناژلار پوۋېستنىڭ بايان قىلىنىشىدىن قارىغاندا، ئاقكۆڭۈل، ئاددىي ئۇيغۇر ئاياللىرى. لېكىن ئۇلار ھېكىم ۋە جامال قاتارلىقلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان رەزىل قىلمىشلىرى ئالدىدا قىلچىمۇ قارشىلىق بىلدۈرۈش پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ، بەلكى «ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن»، «ئىلاجىسىز» ھالدا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىدۇ. «ئامانەتلىرىنى»، «قىممەتلىك نەرسىلىرىنى»، «بىر چارەك تېرىقا، ئون جىڭ ... بەش جىڭ ... بىر جىڭ تېرىقا»، «بەش قاپ سەرەڭگىگە»، «ئون سەر كىرسىن»غا «مەخپىي تېگىشىۋېرىدۇ». تېخى ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ۋىجدانىي ئازابلىرىغا ئېچىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھېكىم ۋە جاماللارغا «بۇ ئىشنى ئىنسى-جىن بىلمىسۇن» دەپ يالۋۇرۇشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېكىم ۋە جامالنىڭ ئىپلاس ھە-

ۋىسىگە يەنە ھەۋەس قوشىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ يېزىدىكى سان - ساناقسىز قىز - ئاياللارنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇشىغا چىراغ يېقىپ بېرىدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ تىپ يارىتىش قانۇنىيىتىدىن چەتنىگەن ھالدا توقۇپ چىقىلغان ساختا تەپسىلات! شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم مىللىي تەۋەلىكى بولىدۇ. بۇ خىل مىللىي تەۋەلىك ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مىللىي تۇرمۇش شەكلى، ئورتاق پسىخىكىسى، ئۆرپ - ئادىتى، ئارزۇ - ھەۋىسى ۋە مىللىي غۇرۇرى قاتارلىقلارنى توغرىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىياتتا مىللىي خاراكتېر تولۇق نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن، ئۇ ھالدا شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك مىللىي ئەدەبىياتمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. تۇرمۇشتا گەرچە مەلۇم مۇشكۇللۇكلەر ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ئۆز ۋىجدانىنى ساتىدىغان ئايرىم ئادەملەرنى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا قىسمەنلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر ئەدەبىياتچى ئەلۋەتتە بىرەر مىللەتنىڭ مەلۇم تارىخىي شارائىتتىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە شۇ مىللەتتە بولىدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە دىققەت قىلىشى لازىم. ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايرىم، تاسادىپىي نەرسىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئومۇمىي نەرسە قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى يارىتىلغان. ئۇلاردا ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ بىر نەچچە جىنىڭ تېرىق، بىرنەچچە قاپ سەرەڭگىگە ئەمەس، ھەتتا تۈگمەس - پۈتمەس ئالتۇن - كۈمۈشكىمۇ ئۆز نومۇسىنى تېگىشمەسلىكتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىي - پەزىلىتى، ئۆلۈشكە رازى بولسىمۇ، لېكىن ۋىجدانىنى سېتىشقا رازى بولماسلىقتەك جەسۇرانە خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇرۇنقى فېئوداللىق جەمئىيەتلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىكى ئەھۋال. ئەجەبا، بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ XX ئەسىرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مىللىي خاراكتېرى ئېنىق بولغان قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىقلى بولمايدىكەن؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقىمىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جاپالىق يىللارنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى سىزىپ بەرگىلى بولمايدىكەن؟ بىزنىڭ ئاددىي يېزا ئاياللىرىمىزنىڭ ئۈستىگە مۇنداق يىرگىنچلىك قىلمىشلارنى يۈكلەپ قويۇشنىڭ زادى نېمە زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭدىن باشقىچە يوللار بىلەن دېھقانلىرىمىزنىڭ جاپالىق يىللاردىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگىلى بولمامدىكەن؟

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 1 - سانىدا «بىسى يانغان شەمشەر» ناملىق بىر پوۋېست ئېلان قىلىندى. پوۋېستتا مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ئابلەت ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەرخىل ناچار خاھىشلارنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى بىر قاتار تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ شۇ ئورۇندىكى «قالاق كۈچلەر» تەرىپىدىن «چەتكە قېقىلىپ» ئاخىرى مەغلۇب قىلىنغانلىقىدەك «ئېچىنىشلىق» سەرگۈزەشتىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مېنىڭچە، بىزنىڭ بۈگۈنكى ھېكايىچىلىقىمىزدا بۇنداق مۇھىم تۇرمۇش ۋە قەلىكلىرى ۋەبۇ خىل
تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى جەريانىدا مەيدانغا چىققان ئادەملەرمۇ زور كۈچ بىلەن تەسۋىرلەپ
كۆرسىتىلىشى لازىم. بىراق بۇنداق تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ۋە بۇنداق تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى
جەريانىدىكى ئادەملەرنى تەسۋىرلىگەندىمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتى ۋە تۇر-
مۇشتىكى ئادەملەر پائالىيىتىنىڭ ئۆز مەنتىقىسىنى چىقىش قىلماي بولمايدۇ. پوۋېستتا
گەرچە بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپ ساھەمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خىلمۇخىل
ناچار خاھىشلارنىڭ بەزى تەرەپلىرى نىسبەتەن سەممىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي قەھرىمان ئابلەتنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى داۋامىدىكى ھەرىكەت
شەكلى ۋە خاراكتېر ئۆزگۈچىلىكى دېگۈدەك چىنلىققا ئىگە قىلىنماي قالغان.

پوۋېستنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بولغان ئابلەت ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ
باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆز خىزمىتىگە ناھايىتى كەسكىن مۇئامىلىدە
بولۇپ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە
ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ. مائارىپ ئىدارىسىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى
«ئىنتايىن تۆۋەن»، مائارىپ ئىدارىسىغا «ئارقا ئىشىكتىن ئورۇنلىشىپ قالغان»، «ئەتىدىن
كەچكىچە بىكار يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان»، «ئاق نانچىلار» نى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ،
ئۇلارنى ئۆزىگە لايىق خىزمەت، ئورۇن تېپىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ناھى-
يىنىڭ نۇقتىلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ
بارىدۇ. بۇ نۇقتىلىق مەكتەپنىڭ ۋەيرانە قىياپىتىنى، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى
قالايمىقانچىلىقلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئاخىر بىر مەيدان ئېغىزچە ئىمتىھان
ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا «تۆت
تىن بىردىن سەككىزدىن ئىككى چوڭ» دەيدىغان، «ئارقا تىرەكلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاس-
تىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا كىرىپ قالغان» ئوقۇتقۇچىلارنى ئوتتۇز پىرسەنت مائاش ئې-
لىپ قايتىدىن بىلىم تولۇقلاشقا ياكى باشقا ئىش تېپىشقا بۇيرۇيدۇ. ئابلەتنىڭ بۇ بىر
قاتار «كەسكىن تەدبىرلىرى» ئابلەت تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەن ۋە مائارىپ ساھەسىدە
خىزمەت ئىشلەش سالاھىيىتى يوق، دەپ قارالغانلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغايدۇ،
ھەتتا ئابلەتنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈش ۋاقتىدا قەتئىي قوللايدىغان-
لىقىنى بىلدۈرگەن ھەسەن قاسىم شۇجىمۇ ئۇنىڭغا نارازى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى
ئابلەت مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت
ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكىۋېتىلىدۇ. پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن بۇ بىر قاتار تەپسى-
لاتلار تەسۋىرى قارىماققا ئەسەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى ئابلەتنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدى-
لەندۈرۈش رولىنى ئويناۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئەسەرنىڭ بەدىئىي پۈتۈن-
لۈكى بىلەن تەبىئىيلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان.

ئاپتورنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئەسەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى ئابلەت
خېلى ئوقۇمۇشلۇق، ھەق - ناھەق كۆز قارىشى ئايدىڭ، باشقۇرۇش ئىقتىدارى مول،
ئاممىۋى كۆز قارىشى كۈچلۈك بىر ئادەم. شۇنداقكەن، ئەلۋەتتە ئۇ، مەيلى قايسى مەس-
سىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن، ھەممىسىدە ئىنتايىن سالماق بولۇشى، ئېھتىياتچ

چىقان بولۇشى، ھەرگىزمۇ قوپال خىزمەت ئىستىلىگە بېرىلىپ كەتمەسلىكى لازىم ئىدى.
لېكىن ئۇ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز ئوتتـ
تۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، يەككە-يېگانە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە
مەكتەپلەردىكى «مەسىلىلەر» نى بىر يولىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. ناھىيىدىـ
دىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار، جۈملىدىن، ئۆز ئەتراپىدىكى ئاكتىپ كۈچلەر بىلەن مەسىلىـ
لەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر قېتىممۇ كېڭىشىپ كۆرمەيدۇ. ئۇ
ھەممە ئىشنى ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىغاندەك، ھەممە ئىشنى «جىددىي
ۋە كەسكىن چارە-تەدبىر» لەر بىلەن ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغاندەك پوزىتسىيىدە بولىدۇ.
شۇنى بىلىش كېرەككى، بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپ ساھەمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان
مەسىلىلەر نىسبەتەن مۇرەككەپ ۋە چىگىش بولۇپ، ئۇنى مەلۇم ئادەمنىڭ يەككە-يېگانە
ھەرىكەتلىرى ۋە «كەسكىن تەدبىرلىرى» بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەـ
مەس. ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بىرلىككە كەلگەن بىر ئىلغار ئىدىيىۋى
سىستېما ۋە پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ھەقىقىي يوسۇندا سادىق بولغان كۈچلۈك رەھـ
بەرلىك بەنزىسى بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا مائارىپ ساھەسىدىكى مەۋجۇت مەسىـ
لىلەرنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي يوسۇنـ
دا ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مائارىپ ئىسلاھاتى جەريانىدا مەيدانـ
غا چىققان بۇنداق يېڭى ئىش، يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەشتە بۇ خىل ئالدىنقى
شەرت تولۇق نەزەرگە ئېلىنىشى، يارىتىلماقچى بولغان قەھرىماننىڭ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتـ
قانلىقى ۋە قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدىغان، مەلۇم تەشكىلىي پرىنسىپ ۋە
ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قەھرىمان تەرىقىسىدە تەسۋىرلىنىشى لازىم. بىزنىڭ مائارىپ ساھەـ
مىزدە گەرچە ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىمايدىغان ۋە كونا يولدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيـ
دىغان بەزى ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ
سانلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز ياخشى، ئۇلار مائارىپ ئىسلاھاتىدا قەتئىي
چىڭ تۇرىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇـ
لار بىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە ئىسلاھات جەريانىدا
مەيدانغا چىققان قەھرىمانلار ئوبرازىنى سۈرەتلەشتە ئالدى بىلەن چىقىش قىلىشىمىزغا
تېگىشلىك بولغان ئاساسىي مەزمۇن. ئالدى بىلەن بۇ ئاساسىي مەزمۇنلار چىقىش قىلىنـ
مايدىكەن ۋە يارىتىلماقچى بولغان قەھرىمانلار ئوبرازى ھېچقانداق تەشكىلىي پرىنسىپى،
ئاممىۋى ئاساسىي يوق، ئۆز ئالدىغا يەككە-يېگانە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان شەخسىي
قەھرىمانلار تەرىقىسىدە تەسۋىرلەپ قويۇلىدىكەن، ئۇ ھالدا مائارىپ ئىسلاھاتىمىزنىڭ
تۈپ خاراكتېرى ۋە نىشانىنى توغرىلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. يارىتىلـ
ۋاتقان قەھرىمانمۇ گۆلدۈرى بار، يامغۇرى يوق، ھەيۋىسى بار، ماغدۇرى يوق ئۆلۈك
قەھرىمانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «بىسى يانغان شەمشەر» دىكى ئاساسىي قەھرىمان ئابلەتنىڭ
شۇنچە زور غەيرەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاخىرى ھېچبىر نەتىجە قازىنالماي
«پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقى» بۇنىڭ مىسالى.

ھېكايىنىڭ ئاساسي قەھرىمانى بولغان ئابلەت تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەن ۋە نەپرەت
بىلدۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى رەھبەرلەر قاياققا باشلىسا، شۇ ياققا ماڭىدىغان، قاتـ-
داق ئورۇنلاشتۇرسا شۇنداق قىلىدىغان ئادەتتىكى پۇقرالار. ئۇلارنىڭ «ساۋاتسىز» لىقى،
كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ «تۆۋەن» لىكى، كۆن بويى قارت، چېكىتماق ئويناپ «بىكار
ماناش ئېلىش» تەك كەمچىلىكلىرى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى بىر خىل ئاجىزلىق بولـ-
سىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئاجىزلىقلارنىڭ مەنبەسى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئەمەس،
بەلكى ئۇلارنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرمىغان، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆسـ-
تۈرۈپ مېڭىشقا ھەيدەكچىلىك قىلمىغان ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا توغرا بىر تەـ-
رەپ قىلىپ ماڭمىغان خاتا رەھبەرلىك، جاھىل ئارقا ئىشىك. ئەلۋەتتە، يازغۇچى تەردـ-
پىدىن مەدھىيىلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بىر ئاساسي قەھرىمان بۇ خىل ئاممىغا مۇئامىدـ-
لە قىلىشتا چوقۇم تارىخىي ۋە رېئالنىي سەۋەبلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكى،
يامان ئادەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئاساسي مەنبەنى، يىلتىزنى چىڭ
تۇتۇشى لازىم. ھەرگىزمۇ تىغ ئۇچىنى ئاددىي ھالدا ئادەتتىكى ئاممىغا قارىتىپ قويماسـ-
لىقى، ئاممىغا نەپرەتلىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتماسلىقى كېرەك. «بىسى يانغان شەمشەر»
نىڭ ئاساسي قەھرىمانى ئابلەت بولسا، ھەدېسىلا ئادەتتىكى ئامما بىلەن ھەپىلىشىدۇ،
ئادەتتىكى ئاممىنى ئەيىبلەش، قامچىلاش، ئۇلارنىڭ «ئېغىر مەسىلىلىرى» نى كەسكىن
بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە مەكتەپلەردىكى ئېـ-
غىر مەسىلىلەرگە خۇددى «بىكارتەلەپلەر» ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ تولۇق پۈتتۈرـ-
مىگەن» ساۋاتسىز ئوقۇتقۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىقلا ھەل قىلىپ كەتكىلى
بولىدىغان مەسىلىلەردەك مۇئامىلىدە بولىدۇ. قارىماققا، پوۋېستتا بېرىلگەن بۇ بىر قاتار
تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئاساسي قەھرىماننىڭ «قەتئىيلىكى»، «كەسكىنلىكى» ۋە «پرىنـ-
سىپاللىقى» نى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئويناۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە،
ئەسەرنىڭ مايىللىقى ۋە ئاساسي قەھرىماننىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ
قويغان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئابلەت تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن ۋە قامچىلانغان ئامما —
ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ زەربە بېرىش ۋە چەتكە قېقىش ئوبيېكتى ئەمەس،
بەلكى ئۇلار بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەربىيىلەش ۋە قۇتقۇزۇۋېلىش ئوبيېكتى. ئەـ-
دەبىياتتا بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا توغرا كەلگەندە، مەسخىرە قىلىش،
نەپرەتلىنىش پوزىتسىيىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئېچىنىش، ھېسداشلىق قىلىش، قۇتـ-
قۇزۇۋېلىش پوزىتسىيىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ئەگەر مەسخىرە قىلىش،
نەپرەتلىنىش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، مۇشۇ خىل ھالەتنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان ئاساسي مەنبەنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىش لازىم. مۇشۇنداق
بولغاندا ئاندىن يېزىپ چىققان ئەسەر بەلگىلىك ئىدىيىۋى قىممەتكە ۋە بەدىئىي قىمـ-
مەتكە ئىگە بولالايدۇ.

رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا ئاكتىپ تەرەپلىرى بىلەن كەمچىلىك تەرەپلىرى ئۆزئارا
گىرەلىشىپ كەتكەن قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىشقا توغرا كەلگەندە، چوقۇم ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاكتىپ تەرەپلىرى بىلەن كەمچىلىك تەرەپلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىلىشى، ئۇلار بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى ياكى قارا - قويۇق مەدھىيىلەنمەسلىكى لازىم. شۇنداق بولغاندا، يارىتىلغان قەھرىماننىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتەن كىتابخانلارنى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. «بىسى يانغان شەمشەر»دە بولسا، ئاساسىي قەھرىمان ئابلەتنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە پائالىيەتلىرىدىكى ئاكتىۋال تەرەپلەر بىلەن كەمچىلىك تەرەپلەر ئوخشاش بىر ئاكتىۋال نەرسىلەر دەپ قارىلىپ، يازغۇچى تەرىپىدىن سۇۋارى تەسۋىرلىنىۋەرگەن. ھەتتا ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە پائالىيەتلىرىدىكى ناتوغرىلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان خېلى بىر قىسىم نەرسىلەر يازغۇچى تەرىپىدىن «قەتئىي چىڭ تۇرۇش»قا، «قوللاپ قۇۋۋەتلەش»كە ۋە «مەدھىيىلەش»كە تېگىشلىك بولغان «ئالىيجاناب خىزمەت ئۇسلۇبى»، «ئېسىل رەھبەرلىك ئۇسۇلى» قىلىنىپ قويۇلغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا يەككە - يېگانە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە مەكتەپلەردىكى «ساۋاتسىز»، «نان قېپىلار»نى قاتتىق دۈمباللىشى، پۈتكۈل ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىشى ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشى، ئۇلارنى باشقا ئىش تېپىشقا بۇيرۇشى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە نۇقتىلىق مەكتەپنىڭ مۇدىرىنىمۇ ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلايدىغانلار ئىچىگە سۈرەپ كىرىشى، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىر قېتىممۇ ناھىيە رەھبەرلىكى ياكى ئاكتىپ كۈچلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، خىزمەتلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ باقماسلىقى... ۋە باشقىلار.

ئابلەت تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىۋاتقان «ئارقا ئىشىك»، «ساۋاتسىزلىق» ۋە «ئىقتىدارسىزلىق» قاتارلىقلار گەرچە بىزنىڭ مائارىپ سېپىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەرنى ئۇنداق ئاددىي ۋە قوپال ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ساغلام رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى ۋە كۈچلۈك تەشكىلىي پرىنسىپ بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە توغرا خىزمەت ئۇسۇلى ۋە سالماق خىزمەت پوزىتسىيىسىمۇ بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى مۇددىئاسىنىڭ قانچىلىك توغرا، «سەۋىيە»سىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى، تەدبىرىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر مەغلۇپ بولىدۇ، بەربىر كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ.

پوۋېستنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى ئابلەت گەرچە توغرا مۇددىئا بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. ئۇ ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ئۆز ھېسسىياتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ، بۇنداق باشباشتاقلىق ۋە شەخسىي قەھرىمانلىقنى قانداقمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەدھىيىلەش ئوبيېكتى قىلغىلى بولسۇن؟ بۇنىمۇ ئەدەبىياتتىكى تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى دېگىلى بولامدۇ؟

تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بۇنداق ئەھۋاللار بىزنىڭ ھازىرقى ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىمىز جەريانىدا مەيدانغا چىقىۋاتقان يەنە باشقا ئەسەر-

لىرىمىزدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنمەكتە. بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى — ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئوي - پىكىرنىلا كۆزدە تۇتۇپ، بۇ خىل ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان تەپسىلاتلارنىڭ چىن ۋە ھەقىقىي بولۇشىنى تولۇق كۆزدە تۇتماسلىق، تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ئورنىنى توغرا چۈشەنمەسلىك ياكى بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىنىڭ مۇجمەللىكى.

تەپسىلاتلار تەسۋىرى گەرچە يازغۇچىنىڭ ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي ئوي - پىكرىنىڭ ئورنىنى باسالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مەلۇم ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ساپ ئوبيېكتىپ نەرسە ئەمەس. ئۇ، يازغۇچىنىڭ تاللىشى ۋە پىششىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەسەر سيۇژىتىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ، شۇڭلاشقا مۇقەررەر ھالدا مەلۇم ئوي - پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. لېكىن يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى، مۇددىئاسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تەپسىلاتلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوي - پىكىرلەرنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدىلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى تەپسىلاتلار سەممىي، ئىلغار ئوي - پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، بەزىلىرى ساختا، قالاق ئوي - پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى ۋە مۇشۇنداق ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلىشى مۇمكىن، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز تەلەپ قىلىدىغان تەپسىلاتلار دەل ئالدىنقى خىلدىكى ئوي - پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە مۇشۇنداق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تەپسىلاتلار بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بۇنداق تەپسىلاتلار تەسۋىرىگە ئوبدان ئېتىبار بېرىلىپ، يېزىپ چىقىلغان ئەسەر كىشىلەردە بىر خىل قىزىقىش، قايىللىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىنلىقى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.


ستالىن ئەدەبىياتتىكى چىنلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «چىنلىق — سەنئەتنىڭ جېنى» دېگەنىدى. ستالىن بۇ يەردە رېئال مۇناسىۋەتلەرنى سەممىيلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى چىنلىق بىلەن ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئەدەبىياتتا بۇ خىل چىنلىققا يېتىشنىڭ يولى شەرتسىز ھالدا تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭدىكى خىلمۇخىل ھادىسىلەر ۋە ئادەملەر پائالىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ۋە ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. قاراشلىرىمنىڭ ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي بولۇپ كېتىشى ناتايىن. كىتابخان ۋە يازغۇچى يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پايدىلىنىپ كۆرۈشى ۋە بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## مەمتىلى توختاجى



يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، تالانتلىق مۇزىكانت، كومپوزىتور مەمتىلى توختاجى (مەمتىلى ئەپەندى) ئۆز ئىرادىسىنىڭ مۇجەسسەم سۈپىتى — «تەۋپىق» (توغرا يول تاللىغۇچى) نامى بىلەن يىگىرمىنچى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

مەمتىلى 1901 - يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى تۇختاجى تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ ئەقىللىق، چېچەن مەمتىلىنى 1909 - يىلى ئاكىسى نىزامىددىن بىلەن بىللە، ئاتۇشتىكى تۇنجى يېڭى مەكتەپ — ھەبىب زادە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى.

بۇ مەكتەپكە مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات باۋۇدۇن مۇسا باي تۈركىيىدىن تەكلىپ قىلغان ئاتاقلىق مائارىپچى ئەھمەت كامال مۇدىر ئىدى. ئۇ، ئوقۇغۇچىسى مەمتىلى توختاجىنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولدى ۋە ئۇنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش، ئۇستازىنىڭ ئەستايىدىل تەربىيىسى مەمتىلى توختاجىنىڭ يېڭىچە دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ يېڭى مائارىپنىڭ، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۆز مىللىتىنى نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈشتە ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى تونۇپ يەتتى ۋە تىرىشىپ ئىلىم - پەن ئىگىلەپ، ئۆزىنى مائارىپ خىزمىتىگە ئۆمۈرۋايەت ئاتاشقا بەل باغلىدى.

1920 - ، 1921 - يىللىرى توختاجى تېۋىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئىلى، بۆرتالا، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا بارغاندا مەمتىلىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى. مەمتىلى بۇ سەپەردە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە، جاھالەت ئىسكەنجىسىدە ئىڭراپ ياتقان خەلقنىڭ

ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھاياتى بىلەن تېخىمۇ كەڭ تۈردە ئۇچراشتى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆزىدە يېتىشتۈرگەن ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ماھارىتى بىلەن ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىش ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھال - مۇڭىغا يېتىپ، دەردىگە دەرمان بولدى، ئۇلارنىڭ غەمگۇزارى، سىردىشىغا ئايلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تارىخىنى سۆزلەش، يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچتى.

1924 - يىلى جاھانگىرلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۈشكۈرتىشى، ساتقىنلارنىڭ قول سېلىشى بىلەن ئاتاقلىق ئالىم، شائىر، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان شائىر مەمتىلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئوقۇدى - ئاشتى» ناملىق مەرسىيەنى يېزىپ، «ئەخلاقنى پۇچەك پۇلغا ساتىدىغان» زالىملارنىڭ، جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارغا غەزەپ تىغىنى ئۇردى، مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامغا بولغان ھۆرمىتى، تەزىيىسىنى ئىپادىلىدى.

«ئوقۇدى - ئاشتى» ناملىق شېئىر خەلق ئىچىگە تېز تارقىلىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ جىنىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، مەمتىلى توختاجى يوشۇرۇن تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى. شۇڭلاشقا ئۇ دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياردىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپكەتتى. مەمتىلى توختاجى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر تەرەپتىن، تىرىكچىلىك ئوقتى قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدىدى ۋە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا موسكۋادا شەرق دارىلفۇنۇنىغا كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بىر يېرىم يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، موسكۋادىن ئايرىلىپ قارا دېڭىز بويلىرىدىكى پورتلاردا ئاشپەزلىك، كاۋاپچىلىق قىلدى. ئۇ ئەتكەن مەززىلىك ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەپ، ئۇ ئېيتقان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچىكىپ قېلىشقان تۈركىيە پاراخوت خادىملىرى ئۇنىڭ ئىزچىل ئوقۇش ئارزۇسىغا ھېسداشلىق قىلىپ، 1926 - يىلى كۈزدە ئۇنى تۈركىيىگە ئېلىپ كەتتى.

شائىر مەمتىلى توختاجى ستانبۇلدا شىنجاڭلىق مۇساپىرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەكتىپىنىڭ قارا خىزمەتچىلىكىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ، مۇئەللىملەر دەرس ئۆتكەندە ئىشىك، دېرىزە تۈۋىدە دەرس ئاڭلاپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئىلتىماسى ۋە قىزغىنلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. مەمتىلى توختاجى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ستانبۇل شەھەر ئەتراپىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى.

30 - يىللار شىنجاڭ تارىخىدا بوران - چاپقۇنلۇق يىللار بولدى. قۇمۇلدىن كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر تەڭلا سەھنىگە چىقىپ، ئىچكى ئۇرۇش، يېغىلىقلار ئەۋج ئالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋر تەلىپى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە ئويغىنىش، يېڭى مەدەنىيەت - ئاقارتىش دولقۇنى بارلىققا

كەلدى. شائىر مەمتىلى توختاجى كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1932 - يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى.

ئوت يۈرەك شائىر 1933 - يىلدىن ئېتىبارەن ئۆز يۇرتى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ تەشۋىقات - تەرغىبات ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ناھىيىلىك مائارىپ ھەيئىتى قۇرۇپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىشنىڭ تەشكىلىي ۋە مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، ئارقىدىنلا ناھىيىدە ئىككى ئايلىق كۇرس ئېچىپ، 61 كۇرسانتنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا جەمئىي 24 مەكتەپ بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئاتۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلاش - ئاقارتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

شائىر مەمتىلى توختاجىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىدە ناخشا تېكىستلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېزىپ ئاھاڭغا سېلىشى بىلەن «بىر مۇئەللىم»، «ۋەتەن ئۈچۈن»، «قۇتۇلۇش يولىدا»، «مۇبارەك ۋەتەن»، «ئويغان، خەلق»، «قۇتۇلدۇق»، «بىز ئۇيغۇر باللىرى»، «ئويغىنىڭ، ئەھلى ۋەتەن»، «بىز ۋەتەن ياشلىرى»، «ئەي، ئانا يەر»، «ئېرپان كۈنلىرى»، «ئەي، ۋەتەن خەلقى»، «بۇرادەرلەر»، «ئالتۇن ئۆلكە»، «قۇياش تۇغقاندا»، «باھار كەلدى»، «ئىزچىلار مارشى»، «مەكتەپ ئىرۇر»، «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ»، «تەنقىد» قاتارلىق ناخشىلار مەيدانغا كەلگەن ۋە كەڭ تارقالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئويغان، خەلق»، «ئىزچىلار مارشى»، «بىز ئوقۇغۇچى».(«ئوقۇغۇچىلار مارشى» دەپمۇ ئاتالغان) ناملىق ناخشىلار شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلار ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كەڭ تارقالغانىدى.

شائىر «ئويغان، خەلق» ناملىق شېئىرىدا:

«ئويغان خەلق يۇرتۇڭنى سەن قۇتقۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىپ نۇر تولدۇر.

پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋرى ئىستىبداد،
شۇم تەقدىرىدىن، قارا كۈندىن بول ئازاد.

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش، ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشتا خىزمەت قىل.

دەس تۇر ئەمدى، ئاتلان خىزمەت يولىغا،
ھۇما قۇشى قونسۇن ئەۋلاد قولىغا.»

دەپ يازغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى 1935 - يىلى يازدا 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ «ئىزچىلار ئەترىتى» تەشكىللىدى. ئەترەت ئەزالىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا ماش رەڭدە بويالغان بىر خىل ئۇست كىيىم، ئوخشاش سومكا ئاسقان ھالدا «ئىزچىلار مارشى»نى ياڭرىتىپ پەيزىۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار ۋە قەشقەر

شەھەر ئەتراپىنى پىيادە ئايلىنىپ، يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلدى. مەمتىلى ئەپەندى-نىڭ بۇ ھەرىكىتى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مىللىي قوشۇن قوماندانى، مەرىپەتپەرۋەر مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولدى. مەھمۇت مۇھىتى مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە قىلىۋاتقان تىل - ھاقارەت، ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىككى ئەسكەر ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ خەتنى ئوقۇش يۈزىسىدىن ئاتۇش مەشھەدتە ئۇيۇشتۇرۇلغان چوڭ يىغىندا سۆز قىلىپ: «... يۇرت خەلقىنى ئاسارەتنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مۇئەللىملىك كەسپىنى ئەڭ ئۇلۇغ كەسىپ دەپ تاللاپ ئالغانمەن، قاچاندۇر بىر كۈنى مېنى ئالتە فۇڭلۇق قوغۇشۇن ئوق ئاخىرەتكە ئۇزىتىشى مۇمكىن؛ لېكىن مەن ئەنە شۇ كۈننى كۈتىمەن. چۈنكى مەن ۋەتەن يولىدا، مەرىپەت يولىدا ئىسسىق قېنىمنى تۆكۈشتىن زادى قايتمايمەن»① دەپ، ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ۋە قەسىمىنى كۆپچىلىككە جاكارلىدى.

1937 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جاللات شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق ۋەزىيىتى پەيدا قىلىپ، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى تۈرلۈك بەتناملار بىلەن باستۇردى، قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى. شۇ يىلى ئاپرېلدا مەمتىلى توختاجى دەرس ئۆتۈۋاتقان يېرىدىلا قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ياۋاغ تېرەكلىك تۈرمىسىگە تاشلاندى. شائىر تۈرمە تاملىرىنى جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەس روھىنى نامايەش قىلدى. بىر شېئىرىدا ئۇ مۇنۇلارنى يازغانىدى:

«ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۈندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر.»

شۇ يىلى ئىيۇلدا جاللات شىڭ شىسەينىڭ قان ئىچەر غالچىلىرى قەشقەرنى تاشلاپ قاچقاندا، تۈرمىگە ئوت قويۇۋېتىپ، شائىر مەمتىلى توختاجى قاتارلىق مەشھۇر زىيالىيلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. شائىرنىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ ئاكىسى نىزامىددىن، ئوغلى رىشىت ۋە يەنە تۆت كىشى بىلەن بىللە مەخپىي ھالدا يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى ھەمدە ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدى. دەپنە قىلغۇچىلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەينى ۋاقىتتا شائىرنىڭ قەبرىسىنى سىر قىلىپ ساقلىغانىدى. شائىرنىڭ يېرىم ئەسىر يوشۇرۇنغان قەبرىسى 1986 - يىلى ئاشكارىلىنىپ، ئۇنى قەلبىدە ساقلاپ قەدىرلەپ كەلگەن خەلقنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى②.

شائىر مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئۆزىنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىجادىي پائالىيىتى ۋە مائارىپقا قوشقان تۆھپىسى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى

---

① ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»نىڭ 117 - ، 118 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

② بۇ مەلۇمات «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 18 - سانىغا بېسىلغان زۇلپىقارنىڭ «يېرىم ئەسىر يوشۇرۇنغان قەبرە» ماۋزۇلۇق ئوچېركىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇر



ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، 1901-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى تۇرپان شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1933-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلۇپ-ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، بەش ياش چېغىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىپ، ئون ئىككى ياشلارغا كەلگەندە ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىرلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، تۇرپاندىكى خەنزۇچە مەكتەپ — شۆتاڭغا كىرىپ ئوقۇپ، بۇ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرىدۇ. 1916-يىلى چوڭ دادىسى مىجىت هاجى بىلەن روسىيىگە بېرىپ، شەمەي (هازىرقى سىمپالاتىنىسكى) شەھىرىدە رۇس تىل-يېزىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىنىدۇ. 1923-يىلى مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككىنچى قېتىم بارغىنىدا، ئۈچ يىل تۇرۇپ بىلىم ئالىدۇ ۋە بۇ جەرياندا رۇس تىل-يېزىقىنى پىششىق ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ بارىدۇ. ئۇ دەسلەپ كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەرەب، پارس، چاغاتايچە تىل-يېزىقلاردا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېلىمىزنىڭ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە هازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشىدۇ. كېيىنچە ماكسىم گوركى، سەدرىدىن ئەينى، ئابدۇللا قادىرى، ئابدۇللا توقاي قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. نەتىج-

دە، ئۆزىگە دېموكراتىك ئىدىيىنى سىڭدۇرۇپ، ئەدەبىياتنى قورال قىلغان ھالـدا ۋەتەنـنى، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىغا قەدەم قويىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىـي پائالىـيەتلىرىـدە XX ئەسـرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان «4 ـ ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ روھـىنى ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئۇلۇغ ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدىـغان روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى مىللىي شەكىلدە ئىپادىلەپ، ئۆز خەلقىنى ئويغىتىشـقا تىرىشتى. ئۇ، ئالدى بىلەن كونا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاممىباب ھازىرقـى زامان ئەدەبىـي تىلىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز ئەسەرلىرىدە يېڭى تىلـىنىڭ گۈزەل ئۆرنەكـلىرىنى يارىتىپ، خەلقنى يېڭى مەدەنىيەتكە باشلاشنىڭ يولىنى ئاچتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — 20 ـ يىللاردا شىنجاڭدا باش كۆتۈرگەن يېڭى مەرىپەتپەرـۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. شائىر خەلـقىنى مەھكۇملۇقتىن خاـلاس قىلىپ، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئىككى مۇھىم نۇقتىسـىنى تونۇپ يېتىـپ، بۇ ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ جان تومۇرى قىلـدى. ئۇنىڭ بىرى، خەلقـنى نادانـلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت، پەن ـ مەدەنىيەتكە ئىگە قىلىش بولـسا، يەنە بىرى، قولىغا قورال ئېلىپ، زالىملارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە شائىـرنىڭ ھەربىر شېئىرىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيـىتى ئارـقىلىق بۇ خىل ئىدىيىنى خەلققە سىڭدۇرۇشتە، ئالدى بىلەن خەلققە ئىجتىمائىـي رېئالـلىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئېغىـر كۈنلەرگە قالغانلىقىنى تونۇتۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شائىر مۇشۇ نۇقتىـدا، بىر تەرەپـتىن، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلققە كەلتۈرۈۋاتقان بالايىـئاپەتـلىرىنى، فېئودال ھاكىمىيەتـنىڭ چىرىكلىكىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ دىنىي خۇراپاتلىققا چوڭـقۇر چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ زۇلمەتلىك كۈنلەرگە قېلىشىنىڭ ماھىيەتلىك سەـۋەبىنى ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە باغلىـدى ۋە بۇنـداق تۈزۈمـنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش لازىملىقىنى، كۆرەش قىلىش ئۈچۈن پۈتـۈن خەلق كونا ئادەتتىن قول ئۈزۈپ، ئىلىم ـ پەنگە يۈزلىنىش قىلىشى لازىملىقىنى كۈچەپ تەـشەببۇس قىلدى ۋە يېڭى مەرىپەت تارقىتىشتا ئۆزى باشلامچى بولدى. ئۇ، ئائىلىسـىدە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەيدەر ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىـمووۋقا ئوخـشاش ئاتاقلىق مۇئەللىملەرنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ، تۇرپاندا يېڭـى مەكتەپ ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 30 ـ يىللاردا ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنى تىل، ئۇسلۇب، مەزـمۇن ۋە ژانىر جەھەتتىن يېڭى يۈزلىنىشكە ئىگە قىلدىغان ئاجايىپ نادىـر شېئىـرلىـرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شائىرنىڭ ھازىرچە جامائەتچىـ

لىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەن 60 پارچىدىن ئوشۇق شېئىرلىرى ئىچىدە «ئىستىمەس»، «باردۇر»، «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «يېقىن بولىدى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆكۈل خاھىشى» قاتارلىق شېئىرلىرى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ شېئىرلار بەئەينى 30 - يىللاردىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە ئەينى دەۋردىكى خەلقىمىزنىڭ ئىچكىنى مۇئەييەن دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدىغان ئابىدىگە ئوخشايدۇ.

شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە نەزەر سالغاندا، ئۇ، تەنقىدىي رېئالىزملىق مېتودنى قوللىنىپ، ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ ئىللەتلىرىنى، خەلقنىڭ ئىچكىدىكى قالاقلىقنى، فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى، قالاق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ، دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ مەنىۋى كىشەن ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىغان، شۇنداقلا گۈزەل غايە، كەلگۈسى ھايات، ھۆرلۈك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئارۇز ۋەزنىنى، خەلق قوشاقلىرى شەكلىنى، رۇبائىچىلىقنى ئۆزلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، خەلقنىڭ چۆچەك، رىۋايەتلىرىدىكى ھۇماقۇشى، يالماۋۇز، پەرى، خىزىر... قاتارلىق ئوبرازلاردىن، بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ھەمدە يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلدۇرغان، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ھاكىملىق بىلەن مەھكۇملۇق، قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق، قاششاقلىق بىلەن تەرەققىيپەرۋەرلىك، تەقدىرچىلىك بىلەن ئىجادچانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلەپ، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئىلغارلىققا ئىنتىلىش روھىنى توغرا نامايەن قىلغان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىرەر نامايەندىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئوينىغان رولى ھەمدە يېڭى غايە — ئىدېئولوگىيىنىڭ پەيدا بولۇشىغا كۆرسەتكەن كۈچلۈك تۈرتكىسى قاتارلىقلار بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلىرى ئارقىلىق، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا دېموكراتىك ئىدىيىنى، ئىنقىلابىي ئاڭنى دادىللىق بىلەن ئېلىپ كىرەلىگەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بىرقەدەر توغرا كۆرسىتىپ بېرەلىگەن.

خەلقتىن ئوزۇق ئېلىپ، خەلققە ئوزۇق بەرگەن ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، يېڭى مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشنىڭ سەركەردىسى، دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىسى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئوينىغان زور رولى، شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئورىگىناللىقى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئىسمايىل تۆمۈرى.

## ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئەدەبىيات

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى، نەزەرىيىچى يولداش باۋچاڭ يېقىندا «يازغۇچىلار تۇرمۇشى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى يۈەن جۇڭسەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

يولداش باۋچاڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ سۈرئىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرگەن بىر قېتىملىق كاتتا قۇرۇلتاي بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ بەردى، شۇنداقلا ئۇنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئاساسى قىلدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئەدەبىياتمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئەدەبىيات ئىشلىرى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىيات ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىدىكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىمۇ تېزلىتىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مۇساپىسى پارتىيە 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا باشلانغان. ھازىر ئۇنىڭغا دەل سەككىز يىل بولدى. مېنىڭچە، مۇشۇ سەككىز يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر زور بولدى، تەرەققىيات تېز بولدى، ئاساسىي ئېقىم ساغلام بولدى. مۇشۇ سەككىز يىل ئىچىدە ئەدەبىياتىمىزدا ئىسلاھات تېمىسىدىكى زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بەزى ئەسەرلەر سەل قارىغىلى بولمايدىغان تەسىر پەيدا قىلدى، لېكىن، مېنىڭچە، بۈگۈنكى ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە يەنىلا نۇرغۇنلىغان ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. گەرچە بۇ ئەسەرلەر پەقەت سان جەھەتتىنلا كۆپىيىپ قالماستىن، بەلكى سۈپەت جەھەتتىنمۇ ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى سەۋىيىلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق نادىر ئەسەرلەر يەنىلا كۆپ ئەمەس. ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەقىقىي ۋە تەسىرلىك بولغان دەۋر مەزمۇنىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى كەمچىل، كىشىلەرنى ئويلان-

دۇرىدىغان ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق كەمچىل، ھەتتا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان فورمىلاشتۇرۇش، قېلىپبازلىق خاھىشلىرى مەيدانغا چىقتى. شۇڭا بەزى ئوبزورچىلار: «يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىلدا ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىيات گويا بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى» دېگەن قاراشلاردا بولدى. بۇ، نۆۋەتتىكى قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىسلاھات دەۋرىگە نامۇناسىپ. مەن ئەدەبىياتچىلارنىڭ ئەستايىدىل ھالدا دەۋرنىڭ ئىسلاھات قايىنىمىغا ئۆزىنى ئېتىشىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۈگۈنكى قايىنام-تاشقىنلىق ھاياتىمىزنى كۆيلىشىنى، كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

يولداش باۋچاڭ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «بىرىنچى، مۇشۇ نىشان ئۈچۈن ئالدى بىلەن يازغۇچىلار ئارىسىدا دەۋر روھى بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشەببۇس قىلىش كېرەك. يازغۇچىلىرىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىنسانىيەت ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. پەقەت ئىتتىپاقلىشىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتكەندىلا، دۆلىتىمىز ئاندىن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىغا ماڭالايدۇ. ئەگەر توختاپ قالساق ياكى ئارقىغا چېكىنسەك، مىللىتىمىزنىڭ چىقىش يولى بولمايدۇ. ھەتتا يەر شارىدىن قوغلاندى بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. مانا بۇنىڭ ئۆزى بىزدىن دەۋر روھىنى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىشنى، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، دەۋر روھى بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئەقىل-ئىدراك جەھەتتىنلا ئېتىبار بېرىپ قالماستىن، بەلكى قايناق ھېسسىياتىنىمۇ ئۇرغۇتۇش كېرەك. قەدىمكىلەر ئەسەر ھېسسىياتسىز نەرسە ئەمەس، دېگەن. تارىختىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە يازغۇچىنىڭ دەۋرگە بولغان قايناق ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن، پەقەت قەلب يالقۇنجىسىلا، ھەقىقىي گۈزەل بولغان ئەدەبىي جەۋھەرلەر بارلىققا كېلىدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار پەقەت ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت ئۇسۇلىغا تايىنىپلا «ئوبيېكتلاشتۇرۇلغان ئىجادىيەت» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئۆزىنى ئىسلاھاتتىكى چەۋەندازلار قاتارىغا كىرگۈزمەيۋاتىدۇ. بۇنداق يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسى قۇرۇق، ھېسسىياتى ئاجىز بولۇشى تۇرغان گەپ.

ئۈچىنچى، يازغۇچىلىرىمىز بەزىبىر خاتا نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك. مەسىلەن، بىر مەزگىل ئېقىپ يۈرگەن «تۇرمۇشنى سۇسلاشتۇرۇش» نەزەرىيىسى. بىزدە بۇنىڭغا نىسبەتەن توغرا پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. بىر بەزىبىر ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە «تۇرمۇشنىڭ سۇسلىشىشى» نىڭ،

ھەتتا «سىياسەتنىڭ سۇسلىشىشى» نىڭ
«بولۇشى»نى ئىنكار قىلمايمىز. چۈنكى
ئۇمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەللىك تەلىپى-
دىكى بىر خىل ئەسەر، بىراق بىز بارلىق
ئەدەبىي ئىجادىيەتنى «تۇرمۇشنى سۇس-
لاشتۇرۇش» نەزەرىيەسىنىڭ رامكىسىغا كىر-
گۈزۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئىسلاھاتتا
ئۇرغۇنلىغان زىددىيەتلەر، توقۇنۇشلار، زور
توسالغۇلار، ھەتتا مەغلۇبىيەت ۋە ئەگرى-
توقايلىقلار بولىدۇ. ئىسلاھات دەۋرىدىكى
كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ چىگىش ھەم مۇ-
رەككەپ بولىدۇ. ئىسلاھاتنى چۆرىدىگەن
ھالدا بارلىققا كەلگەن كىشىلىك كومېدى-
يىسىمۇ مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ قاي-
ناق ھېسسىياتىغا تولغان بولىدۇ. مۇشۇ
نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەسەرلىرىمىزدىكى تۇر-
مۇشنى «سۇسلاشتۇرغىلى» بولمايدۇ. رو-
شەنكى، بۇلاردىن ۋاز كېچىپ سۈنئىي
ھالدا «سۇسلاشتۇرۇش» خاتا. شۇنىڭ
ئۈچۈن «تۇرمۇشنى سۇسلاشتۇرۇش» نەزە-
رىيەسى ئادەتتە ئىسلاھات تېمىسىدىكى
ئەسەرلەر ئۈچۈن پايدىسىز. «قەھرىمانسىز-
لاشتۇرۇش» نۇقتىئىنەزەرىگە نىسبەتەنمۇ
بىزدە بىر توغرا پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك.
ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدىلا
قەھرىمان پېرسوناژلارنىڭ بولۇشى ناتايىن.
مۇبادا ئەدەبىي ئەسەرلەردە دەۋر قەھرى-
مانلىرىنى يارىتىشقا توغرا كەلسە، بۇرۇن-
قىدەك «يۈكسەك، مۇكەممەل، كامالەتكە
يەتكەن» بولۇشتەك خاھىشلاردىن ساقلىنىش
كېرەك. ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىي
ئەسەرلەردە قەھرىمان پېرسوناژلارنى ئىپا-
دىلىمىسىمۇ بولىدۇ، بىراق بىزنىڭ ئىسلا-
ھات ئىشلىرىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلىك

بولغان، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىس-
لاھاتچىلار، كارخانىچىلار مەيدانغا كەلدى.
ئۇلاردا دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس
ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پېرسوناژلارنى
كىتابخانلار يەنىلا قارشى ئالىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە
«قەھرىمانسىزلاشتۇرماسلىق» ئاساسىدا ئەكس
ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. يەنە بىرسى، «ئىس-
لاھات ئەدەبىياتى خەۋپلىك» نەزەرىيەسى.
ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە دائىم
دېگۈدەك كىشىلىك تۇرمۇش تۈزۈلا ئىپادى-
لىنىدۇ، زىددىيەتلەر پاش قىلىنىدۇ، مۇتە-
ئەسسىپلىك تەنقىد قىلىنىدۇ، «غەيرىي تە-
شەببۇس» لار تەشۋىق قىلىنىدۇ، شۇڭا
ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر،
بولۇپمۇ «ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار»
نى ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىي ئاخبارات،
ئوچېرىكلار جەمئىيەتتە دائىم دېگۈدەك
بەس - مۇنازىرە قوزغايدۇ، ھەتتا تېگىشلىك
بولمىغان ئەيىبلەش ۋە بېسىمغا ئۇچرايدۇ.
بۇنىڭ بىلەن بەزى يازغۇچىلىرىمىزدا «ئىس-
لاھات ئەدەبىياتى خەۋپلىك» ئىدىيەسى
پەيدا بولۇپ، نەتىجىدە قولى تىترەپ،
بۇ خىل تېمىغا يېقىنلاشماي، ئەكسىچە
«سېھىرلىك» تۈس ئالغان ئەسەرلەرنى يې-
زىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنداق پوزىت-
سىيە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

تۆتىنچى، مېنىڭچە، بىز بىر خىل
شىجائەت ۋە جاسارەتكە موھتاج. يازغۇچى-
لىرىمىزدا ھەقىقىي ماتېرىيالىزمچىلارغا خاس
ھېچنېمىدىن قورقماسلىقتەك ئەقىدە بولۇشى
كېرەك. ئۇلار تۇرمۇشىمىزدىكى قاراڭغۇ تە-
رەپلەرنى ۋە تۇرلۇك پاسسىپ كۆچلەرنى
يۈرەكلىك ھالدا پاش قىلىشى، شۇنداقلا

كىشىلەر خاتا چۈشىنىپ قالغان «غەيرىي تەشەببۇس» لاردىكى يېڭى ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە ھەرىكەتلەرنى دادىللىق بىلەن ئىپادىلىشى كېرەك. ھەممە بىزنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي ھاۋامىزنىڭ بىرقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشى كېرەك. پارتىيىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى قىلچە ئېغىشماستىن تەشەببۇس قىلىدۇ. گەرچە مەلۇم «سول» چىللىقنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە ئارىلىشىشى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز ئىسلاھاتقا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمغا ئۇيغۇنلا كېلىدىكەن، خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا، تارىخنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئىگە بولالايدۇ.

— يولداش باۋچاڭ يازغۇچىلارغا بولغان سەممىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «يازغۇچىلىرىمىز روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، تەستە قولغا كەلگەن تىنچ، ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتىنى قوغداپ، ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىغا ئۆزىنى ئېتىشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، قەلەم ئارقىلىق ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئىپادىلىشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات ئىسلاھاتى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئاز قالدى.

(«يازغۇچىلار تۇرمۇشى» گېزىتىنىڭ 1987- يىللىق 25 - ئۆكتەبىر كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

دىلشات تۇرسۇن تەرجىمىسى.

# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن

ل. پاستېرناك

## «تىرىلىش» قانداق ئىجاد قىلىنغان؟

مۇندىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى (1906-يىلىغۇ دەيمەن.) مەن سىزغان تولستوينىڭ بىر پارچە سىزما رەسىمنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىنتايىن مەشھۇر بىر يازغۇچىغا① خاتىرە ئۈچۈن تەقدىم قىلغانىدىم. مەن ئۇ رەسىمگە ئازراق سىمۋولىستىك تۈس بېرىپ، ئۇنى ئۇستىخانلىقراق، يىرىكرەك قىلىپ سىزدىم، بۇ رەسىمدە تولستوي پۈتۈن بەدىنىنى سەل-پەل ئالدىغا تاشلاپ، شىددەتلىك بوراننى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ھالەتتە تۇراتتى. بۇ مەن ئەينى چاغدا تەسەۋۋۇر قىلغان تولستوينىڭ قىياپىتى ئىدى. ھېلىقى يازغۇچى بۇ رەسىمنى دەرھال باسما مىخ بىلەن تامغا مىخلاپ قويدى. ئۇ، رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ تۇردى، ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، ئادىتى بويىچە تۆۋەندىن يۇقىرىغا بىر شىلتىدى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دانىمۇ-دانە قىلىپ:

— ھىم، ئۇ گويا بىر تال شىناغا ئوخشاش، پۈتكۈل ئەدەبىياتقا قېقىلدى، — دېدى.

بۇ سۆز ھەم مۇۋاپىق، ھەم ئوبرازلىق ئىدى، تولستوي خۇددى بىر تال شىناغا ئوخشاش پۈتكۈل ئەدەبىياتقا قېقىلىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئارىسىغىمۇ قېقىلغانىدى...

مەن تولستوينى تۇنجى قېتىم مۇندىن دەل 35 يىل بۇرۇن كۆرگەنىدىم، يەنى يان تەرىپىدىن كۆرگەنىدىم. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىنكى تۇنجى تەسىراتىمنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان رەسىمگە سىڭدۈرگەنىدىم.

مەن رەسىم كۆرگەزمىسىدە ئۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىزلا يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم-دە، تونۇشۇپ كەتتىم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، خاموۋنىكىغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلدىم، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» قا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ بىرنەچچە پارچىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتىم. شۇندىن كېيىن بىز پات-پات ئۇچرىشىپ تۇردۇق. مەن بۇ

---

① گوركىنى دېمەكچى.

ماقالەمدە پەقەت تولستوينىڭ «تىرىلىش»نى قانداق ئىجاد قىلغانلىقىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

راستىنىلا قالتىس ئامەتلىك ئىكەنمەن. چۈنكى مەن تولستوي بىلەن دەۋرداش بولۇپ، ئۇنى دائىم كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ رەسىملىرىنى، ھەممىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نۇرغۇنلىغان قىستۇرما رەسىملەرنى سىزدىم. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ تولستوي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بېغىشلاپ سىزغان ھەر خىل رەسىملىرىم روسىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى مۇزېيلاردا، خۇسۇسىي كىتاب ساقلاش ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا، بولۇپمۇ موسكۋادىكى تولستوي مۇزېيىدا نۇقتىلىق ساقلانماقتا. بۇ پۈتۈن يۈرۈشلۈك رەسىملەر مېنىڭ تولستوي ھەققىدىكى «ئەسلىمىلىرىم»، يەنى قەلەم، بوياق، قېرىنداش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئەسلىمىلىرىم ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. رەسىمگە قاراپ تۇرۇپ تولستوينىڭ مەلۇم شەيئىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى، نېمە دېگەنلىكىنى كىم بىلەلەيدۇ؟ مەن قەلەم ئارقىلىق ئۆمرۈمدىكى ئەڭ زور بەخت ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ھېسسىياتىمنى، يەنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىجاد قىلغانلىقىمنى، ئۇ «تىرىلىش»نى يازغاندا مەن دەل ۋاقتىدا «تىرىلىش»كە قىستۇرما رەسىم سىزغانلىقىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن.

مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغان ياخشى ئادىتىم بار ئىدى. ئۇنىڭغا 1898 - يىلى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قەلبىمنى ھاياجانغا سالغان مۇنداق بىر ئىش خاتىرىلەنگەن: «ھېلىراقتا تاتيانا لېۋوۋنا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مۇنداق دېدى: ‹دادام سىزنى ياسنايا پولياناغا بىر كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ. ئۇ بىر پوۋېست يازغاندى. سىز شۇ پوۋېستقا قىستۇرما رەسىم سىزىپ بەرگۈدەكسىز. ئەگەر بارالىسىڭىز تېزرەك مېڭىڭ. دادام سىزنى قول يازمىنى تېزرەك كۆرۈپ باقسا دەۋاتىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەرنى نەشىر قىلدۇرۇشقا ئالدىراۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ پوۋېستىنىڭ قەلەم ھەققىنى شۇ يەردىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىلىدىغان بىر دىنىي مەزھەپكە ياردەم قىلماقچى، تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۆزىدىن ئاڭلايسىز. يولغا چىقىش ۋاقتىڭىزنى بەلگىلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېگرام بېرىۋېتىڭ، ساشېك بېكەتكە ھارۋا ئەۋەتىپ سىزنى كۈتۈۋالىدۇ.› بۇ ئىش راستمىدۇ؟ بۇ تالاي ۋاقىتلاردىن بۇيان پەيدا بولغان خىياللار ئىدىغۇ... ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ...»

ئەتىسى ئىش - كۈشلىرىمنى ئانچە - مۇنچىلا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، كېچىلىك نۆۋەتچى پويىزغا ئولتۇرۇپ ياسنايا پولياناغا بارىدىغانلىقىم توغرىسىدا لېۋ نىكولايېۋىچقا تېلېگرام بەردىم...

- تۇلادىن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىرىنچى كىچىك بېكەت كوزلوپكا ساشېك ئىدى. مۇشۇ بېكەتتە پويىزدىن چۈشۈپ باشقا يول ئارقىلىق ياسنايا پولياناغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ھارۋا مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. مۈگدەك باسقان، كۆلرەڭ، نەمخۇش سوغۇق بىر سەھەر، تۆۋەنلەپ كەتكەن تونۇش يول، كېيىن دۆڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى

دەرەخلەرنىڭ ئالتۇندەك ياپراقلىرى شالاڭلاپ قالغانىدى. ئاتلار تېز چاپماقتا. مەن قاتتىق ھاياجانلانغان بولساممۇ، لېكىن ئىتتىك مېڭىۋاتقان ئاتلارنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىنى ئېنىق ئىلغا قىلىۋالدىم: ياندىقىدىكى چىلانتۇرۇق سىلىق يورغىلايتتى، ئىچ ئات سوكۇلدايتتى، پەقەت ساغرا ھالىتىدىنلا ئۇلارنىڭ ئادەتتىكىدەك چېپىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى؛ يەنە كۆك كۆڭلەكلىك ھارۋىكەشنىمۇ سېزىش كېرەك! ياسناياپوليانانىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ مەشھۇر باراقسانلىق يولدا ئاتلار تېخىمۇ تېز مېڭىشقا باشلىدى، مەن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ھارۋا بىرلا بۇرۇلدى - دە، پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى؛ تولستوي پەلەمپەيدە مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— ئوھوي، يېتىپ كەپسىز - دە، تولىمۇ ياخشى بولدى، رەھمەت سىزگە!

شۇ ھامان قەلبىمدە سەممىي، مۇلايىم، قىزغىن، مېھماندوست، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان سۆيۈملۈك لېۋ نىكولايېۋىچنى ھەر قېتىم كۆرگەندە پەيدا بولىدىغان ئوتتەك ئىسسىق بىر خىل سېزىم پەيدا بولدى. مەن زور بىر قولىنىڭ قولۇمنى قىسىپ تۇرغىنىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

— ئەمىسە، ئالدى بىلەن ئۈستىگە چىقىپ ناشتا قىلايلى... بۇ قېتىم تولستوينىڭ روھىي كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى، بۇ مېنى ھەيران قالدۇردى. ھەر قېتىم ئىجادىيەت جۇشقۇنلۇقىغا غەرق بولغان چاغدا ئۇنىڭدا مۇشۇنداق روھىي ھالەت كۆرۈلەتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ خىل روھىي ھالەتنى جىنايەت دەپ ھېسابلىغانىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىش مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى.

ئۆيدىكىلەر تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا تولستوي ماڭا چاي قۇيۇپ ئولتۇرۇپ، باشلىۋېتىدىغان ئىشىمىز ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلىدى، ئۇ بەكمۇ ئالدىراۋاتقاندەك، ھەتتا تاقەت قىلالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئۆزىنى مەھلىيا قىلغان ئاشۇ يېڭى ھېكايىسى ھەققىدە سۆزلىگىنىدە بىردىنلا ئەستايىدىللىشىپ، ئاخىرى مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، بۇ مېنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى بىر پارچىسى، ئويلايمەنكى، سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز...

بۇ گەپ مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى، مەن بۇرۇن تولستوينىڭ بۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم، چۈنكى ئۇ ئادەتتە ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى خالىمايتتى.

ئېسىمدە تۇرۇپتىكى، بىرىنچى كۈنى ئەمدىلا بىرنەچچە بابىنى ئوقۇپ تۇرۇشۇمغا تولستوي ئاستا يېنىمغا كەلدى - دە، قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىمنى بىلگۈسى كېلىپ، ئىنتايىن سىپايىلىق بىلەن مېنىڭدىن:

— ھالاقىت يەتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن؟ ھىم، سىزچە قانداقراق يېزىلىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

مېنىڭ خۇشال كەيپىياتىم بىلەن ماختاش سۆزلىرىمدىن ئەسەرنىڭ باش تەرىپىگە

uyghurkitap.com


قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكىمنى تولستوي ئاسانلا بىلىۋالالايتتى.

كۈنلەر بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە. مەن كۈندۈزى قولىيازمىنى كۆرۈپ، خاتىرە يازاتتىم. چۈشلۈك تاماق بىلەن كەچلىك چاي مەزگىلىدە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئاپئاق زالغا يىغىلاتتى. لېۋ نىكولايېۋىچنىڭ كەچلىك چايدىن كېيىن مېنىڭ بىلەن بىللە سەيلە قىلغاچ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىمنى سورايدىغان ئادىتى بار ئىدى. ياسنايا پولياناىدىكى بۇنداق سەيلىلەردە تالاي شېرىن سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغانىدى. بۇ خىل ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردە ھەم رېئال تۇرمۇش، ھەم قولىيازمىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىم ئەكس ئېتەتتى. مەن ھەمىشەم ئۆزۈمنىڭ شەخسىي نۇقتىئىنەزەرىم ياكى پوۋېستتىكى پېرسوناژلارنىڭ قىياپەت ۋە خاراكتېر تەسۋىرلىرى ئارقىلىق، تولستوينىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغايتتىم، تولستوي كۈلكىلىك ئىشلارنى سۆزلىگەندە ھەمىشە تولىمۇ قىزىقارلىق، تولىمۇ يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەيتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم مەن سىزغان نېخليۇدوۋنىڭ ھارۋىكەشى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئادەتتىكى ھارۋىكەشلەر ھەققىدە، يەنە كېلىپ نەق موسكۋالىق ھارۋىكەشلەر ھەققىدە، ئۇلارنىڭ تىپىك كۈلكىلىك تاشقى قىياپىتى بىلەن قوپال مۇئامىلىسى ھەققىدە سۆزلەشكەنىدۇق.

شۇ چاغدا تولستوي مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«— بىر كۈنى كېچىسى ئايالىم تولىمۇ بىئارامىلىق ھېس قىلىشقا باشلىدى (ئۇ يەڭگىش ئالدىدا تۇرغاندەك قىلاتتى). مەن ئالاقزادە بولۇپ، كالتە جۇۋامنى يېپىنچاقلاپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر قۇلاقچىنى كىيدىم-دە، دوختۇرنىڭ قېشىغا چاپتىم. خېلىغىچە بىرمۇ ھارۋا ئۇچرىمىدى، پىرېچىسوگىنكىغا بارغاندىلا ئالدىن بىر ھارۋىكەش يولۇقتى. مەن ئۇنىڭغا: ھوي، ئۇبدان ئىنىم، مېنى دەرھال بىر يەرگە ئاپىرىپ قويالامسەن؟ دېدىم. ئۇ مېنىڭ ‹خوجايىن› لىق سالاھىيىتىمنى ئىلغا قىلالماي، پەقەت ئەدەب بىلەن مەن تەرەپكە بېشىنى بۇراپ، ئۆز جايىدا مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى (لېۋ نىكولايېۋىچ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دورىدى). ئۇنىڭ قىياپىتى مەغرۇر ۋە دەھشەتلىك ئىدى، ئۇ ئاۋازىنى سوزغان ھالدا: ‹دەرەخ كەسسەڭمۇ كۈچۈڭ بىلەن ھېسابلاش›» دېدى.

ئادەتتە مۇنداق ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى: سەيلى جەريانىدىكى گەپلەر ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرگە تاقىلاتتى، ئېھتىمال، ئۇلار تەزكىرىلىك ماتېرىيال خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن بۇنى ئىش ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن چۈشەندىم. مەسىلەن، ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم ئىككىمىز تېخى ئەتىگەندىلا «تىرىلىش» تىكى مەن ئوقۇغان ئەڭ مۇرەككەپ بىر كارتىنا ھەققىدە پىكىرلەشتۇق (بۇ نېخليۇدوۋ كاتيۇشانىڭ بۆلمىسىگە ئوغرىلىقچە كىرگەن ئۇنتۇلماس ئاخشام ئىدى). ئۇ چاغدا مەن ساددىلىق بىلەن قىزىشىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ جەمئىيەتتىكى يۇقىرى تەبىقە ئىچىدە يىلتىزلىنىپ كەتكەن نۇقتىئىنەزەرلەرگە بولغان كۆز قارىشىمنى سۆزلىگەنىدىم. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە بولغاندا، قول ياغلىق ئوغرىلاشمۇ ئەڭ شەرمەندە جىنايەت

ھېسابلىناتتى - يۇ، لېكىن ئېزىقتۇرۇلغان ئايالنى ئوغرىلىقچە ئىگىلىۋېلىش شەرمەندىلىك ھېسابلانمايتتى، ئەكسىچە تېخى بۇنداق باتۇرلارنىڭ داڭقى چىقىپ كېتەتتى، بولۇپمۇ ئاغىچا - خېنىملارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق ئىدى. بۇ خىل ھادىسە ماڭا بارغانسېرى بىمەنە تۇيۇلماقتا ئىدى. مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ تولىمۇ ھاياجانلانغان ۋە رەنجىگەنىدىم، تولستوي شۇ چاغدا سۇرلۇك قىياپەتكە كىرىپ، ئەستايىدىللىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ مەن بىلەن زالنىڭ ئىچىدە داۋاملىق سەيلى قىلدى. ئۇنىڭ قاپىقى چىملىك تۈرۈلگەن بولۇپ، مېنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاشۇ ئالاھىدە ئۆتكۈر قاراشلىرى ماڭا تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

كۈندۈزى قول يازما كۆرۈپ، كەچتە تولستوي بىلەن پاراڭلىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. قول يازمىنىڭ مەن كۆرۈپ بولغان بۆلىكى مەندە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، مەن كەلگۈسىدە سىزىلىدىغان. رەسىم توغرىسىدىكى ئوبرازلىق تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمايلا قالدىم. دەرھال ئۆيۈمگە قايتىپ سىزىشنى باشلىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. مەن گەرچە پۈتۈن كىتابنى ئوقۇپ چىقمىغان بولساممۇ (ئەمەلىيەتتە كىتاب تېخى تولۇق يېزىلىپ بولمىغانىدى)، ئالدىمدا قانچىلىك قىيىنچىلىق ۋە قانچىلىك زور مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ قويماستىن، ھەممىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئالدىراپلا ئۆيۈمگە قايتىپ، بىرمۇنچە خام نۇسخىلارنى سىزىپ چىقتىم - دە، ئۇزۇن ئۆتمەي ياسنايا-پولياغا قايتماقچى بولدۇم. چۈنكى چوڭ تېپتىكى مۇھىم رەسىمنى ئىجاد قىلىشقا كېيىن ۋاقىت تېپىلاتتى ...

بىرىنچى تۈركۈم خام نۇسخىلارنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ياسنايا پولياناغ قايتىپ، پۈۋېستىنىڭ قول يازمىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم ھەمدە سىزغان رەسىملىرىنى تولستويغا كۆرسەتتىم. مەن سىزغان نېخليودوۋ بىلەن كاتيۇشا تولستوي تەسۋىرلەشتە پروتوتىپ قىلغان، ئەمما مەن كۆرمىگەن ھەقىقىي ئادەملەرگە بەكمۇ ئوخشاش چىقىپتۇ. بۇ مېنى تولىمۇ خۇشاللاندۇردى ۋە مېنىڭدە تېخىمۇ زور غەيرەت - شىجائەت پەيدا قىلدى. بۇ قېتىم تولستوي بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى. چاقچاق قىلدى. بىر كۈنى ئىككىمىز ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇراتتۇق. تاتيانا لېۋوۋنا مېنىڭدىن: «چۈشتە نېمە يەيسىز؟» دەپ سورىدى (سونيا ئاندرېيېۋنا بىرياققا كەتكەندە ئۆي ئىشلىرىنى تاتيانا لېۋوۋنا باشقۇراتتى). تولستوي ئائىلىسىدە ئىككى خىل سەي قورۇلاتتى. ئۇنىڭ بىرسى گۆشلۈك بولۇپ، يەنە بىرسى لېۋ نىكولايېۋ يەيدىغان گۆشسىز سەي ئىدى. لېۋنىكولايېۋىچ ئۆزى ئادەتلەنگەن يۇمۇرلۇق تەلەپپۇز بىلەن ماڭا قانداق سەي قورۇتۇش توغرىسىدا يول كۆرسەتتى، ئاخىرىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مۇنداق بولسۇن، تانيە، لېئوند ئوسىپوۋىچقا قىرغاۋۇلدىن بىرنى كاۋاپ قىلدۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى باغچە تەرەپكە تىكىلگەن بولۇپ، نەگىدۇر يىراقلارغا قارايتتى (ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى: روسىيىنىڭ ئوت-

تۇرا قىسمىدىكى يېزىلاردىن بىرەر قىرغاۋۇلنى تېپىش تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى).

ئۇ بىر ھازا ئويغا چۆمگەندىن كېيىن، ئاستا ئاۋازدا:

— ھەئە! ئۇ چاغلاردا ياش ئىدۇق، كاپكازمۇ ياش ئىدى... قىرغاۋۇلچۇ... ئۇمۇ يۇمرانىدى، — دەپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆرۈلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن «تىرىلىش» نى داۋاملىق ئوقۇپ، ئۇنىڭ زور دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ رەسىمنى ئۆز ۋاقتىدا سىزىپ چىقىشقا نىيەت قىلدىم. ئەمما تولستوي يېزىشتىن توختىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يازغانسېرى يازغۇسى كېلىۋاتاتتى، تېخى ئەمدىلا يېزىلىپ بولغان قىسىمنى تاشلىۋېتىپ، يېڭىباشتىن يازاتتى، يېنىش - يېنىشلاپ ئۆزگەرتەتتى، ئەسەر ئاياغلىشىدىغان كۈنلەرگە خېلى بار ئىدى، ئەمما بۇ چاغدا ئەسەرنىڭ باش قىسمى ئېلان قىلىنىپ بولغانىدى. باسما ئۆلچىمى مېنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك تەرتىپكە رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى: سىزىلغان چوڭ قىستۇرما رەسىملەرنى ئاۋۋال تولستويغا كۆرسىتىپ، ئاندىن دەرھال سۈرەتكە ئېلىپ، بىرنەچچە پارچە نىگاتىپ چىقىرىش، ئەسلى قول يازمىنى پېتىربورگتىكى «ئېتىز» نىڭ نەشىر قىلىشىغا ئەۋەتىش، نىگاتىپلارنى دەرھال ئايرىم - ئايرىم ھالدا پارىژ، لوندون، نيۇيورك ۋە «تىرىلىش» نى بېسىۋاتقان باشقا شەھەرلەرگە ئەۋەتىش. تولستوي ماڭا ئالاھىدە كەڭچىلىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مېنىڭ سىزغان رەسىملىرىم ئەڭ ئەرزىمەسلىرىدىن تارتىپ، تولستوينىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ تۇردى. بۇ رەسىملەر ئۇنى بەزى چاغلاردا ساددا گۆدەكلەرچە كۈلدۈرەتتى. تولستوينىڭ ھېلىقى گېنېرال مۇلى قۇلۇلىسى چاينايدىغان «كورچاگىنلار ئائىلىسىنىڭ نانۇشتى» دېگەن قىستۇرما رەسىمنى كۆرۈۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنلىكى تېخىچە ئېسىمدە. ئۈچ سوتچى سىزىلغان رەسىمنى، بولۇپمۇ ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان بومبا ساقاللىقنى كۆرۈۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

«ياخشى، ياخشى، سىز مېنىڭدىنمۇ قالتىسكەنسىز» دېگەنىدى.

رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى ئەستايىدىل ۋە ھېسسىياتچان قىلىپ قويغانىدى.

مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەنىدى: بىر قېتىم مەن «جازا ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن» دېگەن قىستۇرما رەسىمنى سىزىپ بولۇپ، تولستويغا كۆرسەتتىم، ئۇ بۇ رەسىمنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى - دە: «بەك ياخشى بوپتۇ، بەك ياخشى بوپتۇ!» دەپ قايتا - قايتا ماختاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئالاھىدە مۇلايىملىق ۋە سىلىقلىق بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا تىترەپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى... ئۇ داۋاملىق: «بەك ياخشى بوپتۇ!» دەيتتى. بوۋاي قاتتىق ھاياجانلانغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاران ئاڭلىغىلى بولاتتى، ھېلىقى رەسىمنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. كېيىن، بەجايىكى ھوشىغا كەلگەندەك، پېشانىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ: «قاراڭ، مېنىڭ ئىشىمنى!... مەن ماركسقا پۈتۈن بىر بابنى قىسقارتىۋېتىش توغرىسىدا تېلېگرام بېرىۋېتىپتىمەن (ماركس — ‹ئېتىز› نى نەشىر قىلىپ تارقاتقۇچى). قاراڭ، مېنىڭ قىلغان

ئشمنى! مەيلى، ھېچۋەقەسى يوق، مەن دەرھال بۇ بابنى ئەسلگە كەلتۈرۈپ، بۇ قستۇرما رەسمنى جەزمەن كرگۈزۈش توغرسدا ئۇنڭغا تېلېگرام بېرمەن.»

مەن ئۇنڭ بۇ گېپنى ئاڭلاپ ئۇنى شۇ ھامان قەتئي توستۇم. بر پارچە قستۇرما سۈرەتنى دەپ تولستوينڭ ئجادىيەت پىلانىنى ئۆزگەرتش، ماڭا نسبەتەن ئېيتقاندا، كەچۈرگسز بولمايدغان ئش ئدى. ئەمما تولستوي قستۇرما رەسمنى سۆزسز كرگۈزۈش كېرەك دېگەندە چڭ تۇردى.

— بولدۇ، سز توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ، — مەن چارە تاپتم، مەن تېكستتن بر يەرنى تېپپ، كچككنە بر ئزاھات قوشۇپ، ئالدنقى تەرەپتە ئۆلۈم جازاسنڭ ئجرا قلنپ بولغانلقنى كۆرستپ ئۆتەي، شۇنداق قلساق بۇ رەسمنى كرگۈزۈشكە سەۋەب تېپلدۇ، توغرا، توغرا، بۇ رەسمنى جەزمەن كرگۈزۈش كېرەك.

شۇنڭ بلەن لېۋ. نكولايېۋچ قوشدغان جاينى ئەسكەرتپ تېلېگرام بەردى.

«ترلش» بارغانسېرى كېڭىيپ، چوڭ ھەجملك رومانغا ئايلنپ كېتۋاتاتتى.

— لېۋ. نكولايېۋچ، سز مېنى سبرىيەگە زادى قاچان ئەۋەتسز؟ — دېدم مەن ئۇنڭ سبرىيەگە سۈرگۈن قلنغان جنايەتچلەرنڭ تۇرمۇشنى تەسۋرلمەكچى ئكەنلكنى كۆزدە تۇتۇپ.

— ئاز قالدى، ئاز قالدى، ھازر مەن چاتاش بلەن ئالدراش (ئۇ قولى بلەن ئوڭ-سولنى چېپش ھەركتنى قلدى). مەن ھازر ئارتۇقچە سۆزلەرنى چقرۋېتش، سلەرنڭ سۆزۈڭلار بويچە ئېيتقاندا، «ئومۇمي قياپتى بويچە قاراش» بلەن شۇغۇللنۋاتمەن.

يەنە بر قېتم ئۇ ماڭا ئۆز خزمتنڭ ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقانلقدن ئاغرنپ بەردى.

— ھەرقانداق قلپمۇ ئاشۇ يۆكسەكلككە يېتەلمەيۋاتمەن، — دېدى ئۇ.

«ترلش» ئاخرى ژۇرنالدا بېسلپ بولدى. ھەننۋا ئۆزگەرتش ۋە سناقلارمۇ ئاخرلاشتى. ئايرم كتاب قلپ نەشر قلش باشلاندى. «ترلش» نڭ مۇۋەپپەقيتى ۋە ئۇ قوزغغان قزغن ئنكاسلار ئۈستدە كۆپ سۆزلمەيمەن.

مەن مۇنداق مۇۋەپپەقيەت قازنمەن دەپ (بۇنى شۇ چاغدكى مەملكەت ئچى ۋە سرتدا ئېلان قلنغان نۇرغۇنلغان ماقالە ۋە ئوبزورلار تولۇق ئسپاتلايدۇ) ئويلاپمۇ باقمغاندم.

مېنڭ مۇۋەپپەقيتم توغرسدا تولستوينڭ تارخي خاراكتېرلك يادنامسى بار. بر كۈنى بز كەچلك چاي ئچۋاتاتتۇق. تولستوي كتابخانسدن ھېلىلا لوندۇندن ئەۋەتلگەن، تۇنجى قېتم كۆپەيتپ بېسلغان نەپس قستۇرما رەسملرنى ئېلپ چقتى-دە، ماڭا بېرپ مۇنداق دېدى:

— قاراڭ، مەن سزنڭ ئەسرڭزنى باھالاپ بېرەي، سزگە نومۇر قويۇپ بېرەي (ئاپتورنڭ ئزاھى: تولستوينڭ ئەسەرلەرنى قسقچە باھالاشتكى ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى

نومۇر قويۇش ئىدى): بۇنىڭغا بەش پىلوس، بۇنىڭغىمۇ بەش پىلوس، بۇنىڭغا بەش...

ئۇ، رەسساملارنىڭ ۋاراقلىرىغا نومۇرلارنى يېزىپ قويدى. بىرنەچچە پارچە رەسىمدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەڭ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشتى. بۇ بىر يۈرۈش نومۇر قويۇلغان رەسىملەر تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە موسكۋادىكى تولستوي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئەڭ ئاخىرىدا تولستوينىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىلەن رولى ھەققىدىكى تېپىك قارىشىنى بايان قىلىپ ئۆتەي.


مەن سىزغان قىستۇرما رەسىملەرنىڭ تۇنجى تۈركۈمى بېسىلىپ چىققاندا گەرچە نەشرىيات سودىگەرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ماختىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن مەيۈسلەنگەنىدىم. چۈنكى مەن ئۇلار مېنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىمنى تولىمۇ ناچار بېسىپ قويۇپتۇ دەپ قارىدىم. شۇڭا ئۇلارنىڭ رەسىملىرىمنى ئىشلان قىلىشىغا يول قويماسلىق، ئۇلار بىلەن يەنە ھەمكارلاشماسلىق قارارىغا كەلدىم، ئەمما ئۇ چاغدا ئۇلار ھەممىلا يەردە ئىشلان چىقىرىپ، مېنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى، بەلكى ئەسەرلىرى يېقىن ئارىدا نەشىردىن چىقىدۇ، دەپ داۋراڭ كۆتۈردى. مەن ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانلا بولسام، سۆزىدە تۇرمايدىغان شەرمەندە ئادەم بولمايمەنمۇ؟! ئۆزى ۋەدە قىلغان مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالمايدىغان ئادەم ھېسابلانمايمەنمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، توختامىمۇ مېنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق ھوقۇقىمنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى. تولستوينىڭ مېنىڭ مەيۈس ھالىتىمنى كۆرۈپ، قانداق تەسەللى بەرگەنلىكى تېخىچە يادىمدا.

ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

— مەيۈسلەنمەڭ، كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلى ئەسىرىڭىزنى كۆرگەزمە قىلسىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ! جامائەت كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە باھالىيالايدۇ. لېئوند ئوسىپوۋىچ، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئالەمدىكى مەۋجۇداتلار يوقىلىدۇ، سۇلالە ۋە تاجۇ-تەختلەر يوقىلىدۇ، مىليونلىغان كاپىتاللار يوقىلىدۇ. بىزنىڭ سۆڭەكلىرىمىزلا ئەمەس، بەلكى نەۋرە-چەۋرىلىرىمىزنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ توپىنىڭ ئىچىدە چىرىپ كېتىدۇ، پەقەت بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزلا، پەقەت ئۇنىڭدا ئازراق بەدىئىيلىكلا بولىدىكەن، مەڭگۈ ياشايدۇ.

(«گۈلىستان» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق سانىدىن) ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن



دىنو بۇزادى (ئىتالىيە)

# سېھىرلىك كىيىم

(ھېكايە)

تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇ ھېكايە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە كىشىگە سىرلىق تۇيۇلىدىغان بەزى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. ئەمما ھېكايىدىكى ئادەم ۋە ئىشلار بەكمۇ چىنلىق بىلەن يېزىلغان. ئاپتور بۇرژۇئا جەمئىيىتىدىكى بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكى، ئۇلارنىڭ باشقىلارنى تالان-تاراج قىلىش بەدىلىگە بېيىغانلىقى قاتارلىق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرۇپلا بېيىپ كېتىدىغان، يەنە تۇرۇپلا ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىدەك ھادىسىلەرنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئادەتتىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

بۇ ئىخچام، مەزمۇنلۇق، خېلىلا زور تەسەۋۋۇر كۈچىگە ۋە يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، بىز، كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ ھېكايىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

مەن گەرچە كىيىم-كېچەكنىڭ سۈپىتىگە خېلىلا ئېتىبار بىلەن قارىساممۇ، ئادەتتە باشقىلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ يارىشىملىق تىكىلگەن ياكى تىكىلمىگەنلىكىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتىم.

بىر كۈنى كەچتە مىلاندا ئۆتكۈزۈلگەن شەخسىي زىياپەتتە بىرەيلەن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ، 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەم ئىدى، ئۈستىدىكى كىيىمى ناھايىتى چىرايلىق تىكىلگەچكە، قارىماققا، تولىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، پەقەت مېھمانلار ئۆزئارا تونۇشتۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن بولساممۇ، لېكىن كونا ئادىتىم تۇپەيلى يەنىلا ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلماپتىمەن. شۇنداقتىمۇ زىياپەت جەريانىدا تونۇشۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. ھەرھالدا ئەھۋاللىشىشقا

ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك، تەربىيە كۆرگەندەك قىلاتتى، شۇغىنىسى، كەيپىياتى تازا جايىدا ئەمەسمۇ - قانداق، ئىشقىلىپ گەپ - سۆزلىرى سەل تاقا - تۇقا ئىدى (خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ياخشى، مەندە ئۇنداق نۇقسانلار يوق) مەن ئۇنىڭ چاكىنىلىقتىن خالىي بولغان سالاپىتىنى بىر قۇر ماختاپ بولغاندىن كېيىن، يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىمنى قايسى سەيپۇڭنىڭ تىكىپ بەرگەنلىكىنى سورىدىم.

ئۇ مېنىڭ شۇنداق سوئال قويىدىغانلىقىمنى ئالىبۇرۇنلا بايقىۋالغاندەك، سىرلىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— ئۇنى تونۇيدىغانلار يوق دېيەرلىك، بىراق ئۇ، ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسى، ئادەتتە خۇشى تۇتقان چاغلىرىدىلا ئانچە - مۇنچە سەيپۇڭلۇق قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، خېرىدارنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداقتا، مەن ...

— ھە، سىز بېرىپ باقسىڭىز بولىدۇ، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ، ئۇنىڭ ئىسمى ئارفانىس. كېردىسرا، ئۆيى فىيىلىرا كوچىسىدىكى 17 - نومۇرلۇق بىنادا.

— سىمكىرى بەك يۇقىرى ئوخشىمامدۇ؟

— توغرا، دەسلەپتە مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئەمما راست گەپنى قىلسام، مېنىڭمۇ تازا خەۋىرىم يوق. ئۇچامدىكى بۇ كىيىمنى ئۇ ئۈچ يىل بۇرۇن تىكىپ بەرگەن، لېكىن تا بۈگۈنگىچە ھېسابات تالونىنى ئەۋەتىپ بەرگىنى يوق.

— ئۇنىڭ ئىسمى كېردىسرا، فىيىلىرا كوچىسى 17 - نومۇرلۇق بىنادا ئولتۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى سۆھبەتدىشىم.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا مېنى تاشلاپ، بىر چەتتە توپلىشىپ پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېتىپ قالدى.

فىيىلىرا كوچىسىدىكى 17 - نومۇرلۇق بىنانىڭ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى، ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن بىنالارغا ئوخشايتتى. ئارفانىس. كېردىسرانىڭ ئۆيىمۇ باشقا سەيپۇڭلارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى. كېردىسرا ئۆزى ئالدىمغا چىقتى. ئۇ پاكارغىنە بىر بوۋاي بولۇپ، چېچىنى بويىۋالغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئادەمنى تەڭلىكتە قالدۇرمايدىغان مىجەزى پۈتۈنلەي مېنىڭ ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى. ئۇ تېخى مېنىڭ خېرىدار بولۇپ كەلگىنىمدىن ناھايىتى خۇشال بولغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ئادرېسىنى قانداق بىلىۋالغانلىقىمنى سۆزلەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ئانچە - مۇنچە ماختاپمۇ قويدۇم ۋە بىر قۇر كىيىم تىكتۈرۈش ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. مەن سۈپەتلىك، كۈل رەڭ رەختنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ بويۇمنى ئۆلچىۋالدى ۋە كىيىمنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن كىيىمنىڭ باھاسىنى سورىدىم.

— كېلىشىۋالىمىز، كېلىشىۋالىمىز، ئۆز ئادەملەر بولغاندىن كېيىن مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلارمىز، — دېدى ئۇ.

دەسلەپتە بۇ بەكمۇ چىقىشقاق ئادەمكەن، دەپ ئويلىدىم، ئەمما ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ بوۋاينىڭ دېتىمغا

ياقمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم (بۇ بەلكىم ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىنىڭ تولىمۇ ساختا، يېقىمسىز بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك). ئىشقىلىپ، ئۇنى قايتا ئىزدەشنى خالىمىدىم. ۋەھالەنكى، كىيىمنى بۇيرۇتۇپ بولغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىگىرمە كۈنلەردىن كېيىن كىيىممۇ پۈتۈپ قالدى.

تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ كىيىمنى كىيىپ باقتىم. كىيىم ھەقىقەتەن بەكمۇ ئوبدان تىكىلگەنىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر ھېلىقى بوۋاينى ياراتمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بۇ كىيىمنى كىيگۈم كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدىم.

ئاشۇ كۈن زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ، ئاپرېل ئايلىرىنىڭ بىر سەيشەنبە كۈنى بولۇپ، تالادا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. مەن يېڭى تىكتۈرگەن كىيىمنى كىيگىنىمدە شۇنچىلىك خوپ كەلدىكى، ئازراقمۇ بىنەپلىك ھېس قىلمىدىم، كىيىمدىن ھېچقانداق ئېۋەن تاپقىلى بولمايتتى.

ئادەت بولۇپ قالغاچقىمىكىن، ئادەتتە كاستۇمنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا بىر نەرسە سالمايتتىم، ھۆججەت ۋە گۇۋاھنامىلىرىم دائىم سول تەرەپتىكى يانچۇقتا تۇراتتى. يېڭى كىيىمنى كىيىپ ئىككى سائەتلەردىن كېيىن، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز ھالدا قولۇمنى كاستۇمنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا سالغىنىمدا، يانچۇقتا بىر پارچە قەغەزنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم سەيپۇڭ ئۇستام سېلىپ قويغان ھېسابات تالونى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ۋەھالەنكى، كۈتۈلمىگەندە، يانچۇقۇمدىن ئون مىڭ لىرالىق بىردانە قەغەز پۇل چىقتى.

تۇرۇپلا قالدىم. ئېنىقكى، بۇ پۇل مېنىڭ ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا، سەيپۇڭ كېردىسرانىڭ ماڭا بۇنداق چاقچاقلارنى قىلىشى ياكى ئايال خىزمەتكارنىڭ ماڭا بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى سوۋغا قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يالغان پۇلمىدۇ؟ مەن پۇلنى كۈن نۇرىغا تۇتۇپ قاراپ باقتىم، يېنىمدىكى باشقا پۇللار بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، بۇ ھەقىقىي ئاقچا ئىدى.

بۇ بەلكىم سەيپۇڭ كېردىسرانىڭ سەۋەنلىكى بولسا كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىرەر خېرىدار تىكتۈرگەن كىيىمنىڭ پۇلىنى تاپشۇرغىلى كەلگەندە، سەيپۇڭنىڭ يېنىدا پۇل قاپچۇقى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن تاپشۇرۇۋالغان پۇلنى مەن بۇيرۇتقان كىيىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلارنى يۈز بەرمەيدۇ دېگىلىمۇ بولامدۇ؟

مەن كاتىپنى چاقىرىپ، بۇ پۇلنى سەيپۇڭغا قايتۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرىش مەقسىتىدە كونۇپكىنى باستىم. شۇ ئارىدا نېمە سەۋەبتىندۇر قولۇمنى يەنە بىر قېتىم كاستۇمنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا سالدىم.

— نېمە بولدىڭىز ئەپەندىم، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن ئايال كاتىپ مەندىن. چىرايىم ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، چۈنكى يانچۇققا سالغان قولۇمغا يەنە بىر پارچە قەغەز ئۇرۇلغانىدى. تېخى بايىلا يانچۇقۇمدا ھېچنەرسە يوق ئەمەسمىدى؟!

— ياق، ياق، ھېچنەرسە بولغىنىم يوق، يېقىندىن بۇيان پات-پات بېشىم قايىدىغان بولۇپ قالدى، ئارتۇقچە چارچىغانلىق-

www.uyghurkitap.com



تىن بولسا كېرەك. سىز چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، ئەسلىدە ماشىنكىدا ئۇرغۇزىدىغان بىر پارچە خەت بارىدى، بولىدىلا، كېيىنچە ئۇرغۇزارمەن، — دېدىم كاتىپقا.

كاتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، غەيرىتىمنى يىغىپ يانچۇقۇمدىكى قەغەزنى سۇغۇرۇپ ئالدىم، پاھ، ئون مىڭ لىرالىق ئاقچىدىن يەنە بىرسى چىقتىغۇ! مەن ئالدىراپ قولۇمنى يەنە بىر قېتىم يانچۇققا ئۇزاتتىم، بۇ قېتىممۇ ئون مىڭ لىرالىق ئاقچىدىن بىرسى چىقتى.

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، رىۋايەتلەردىكى سىرلىق دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك قايمۇقۇپ قالدىم. ھالبۇكى، رىۋايەت دېگەن كىچىك باللارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈنلا توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن مىجەزىم يوقلۇقىنى بانا قىلىپ ئۆيگە قايتتىم، تەلىيىمگە ئۆيدىكى ئايال خىزمەتكارمۇ كېتىپ قالغانىكەن، مەن دەرھال ئىشىك - دېرىزىلەرنى تاقاپ، پەردىلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ، چاقچاقانلىق بىلەن كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بايىقى ئۈزۈلمەستىن چىقىۋاتقان ئاقچىلارنى سۇغۇرۇشقا باشلىدىم.

نېرۋىلىرىم شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكەندىكى، بۇ خىل مۆجىزىنىڭ توساتتىن ئوتتۇرا يولدا توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەسلىدە بۇ ئىشنى تاڭ ئاتقۇچە توختاتماستىن بىرنەچچە ملىيارد لىرانىڭ خوجايىنى بولۇۋېلىشنى ئويلىغانىدىم، ئەپسۇسكى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا چارچاپ ھالىمدىن كەتتىم.

ئۇستەل ئۈستىگە كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بىردۆۋە پۇل توپلانغان بولۇپ، ئەمدىكى ئىش، باشقىلار سېزىپ قېلىشتىن ئىلگىرى بۇ پۇللارنى يوشۇرۇپ قويۇش ئىدى. مەن دەرھال كونا چامادانىنى بىكارلاپ، پۇللارنى باغلام - باغلام قىلىپ چامادانغا جايلاشتۇردۇم. توپ - توغرا 50 ملىيون لىرا بوپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئويغانسام، ئايال خىزمەتكار ئاللىقاچان ھۇجرامنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشكەنىكەن. ئۇ مېنىڭ كېيىملىرىمنىمۇ سالماستىن ياتقانلىقىمنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالدى. مەن يالغاندىن چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە، ئاخشام سەل كۆپرەك ئىچىپ قويغانلىقىمنى ۋە كېيىم ھېچنەرسىنى تۇيماستىن ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم.

چاتاقنىڭ چوڭى تېرىلدى، ئايال خىزمەتكارىم تولىمۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن كاستۇمىمنى سالدۇرۇپ ھېچ بولمىسا بىرەر قۇر چوتكىلاپ بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى.

قورققىنىمدىن پېشانەمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. مەن ھازىرلا سىرتقا چىقماقچى ئىكەنلىكىمنى، كېيىم يۆتكەشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئاران قۇتۇلدۇم. ئۆيدىن چىقىپلا ئالدىراپ كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا بېرىپ سۈپىتى، رەڭگى ۋە پاسونى مېنىڭ ھېلىقى كېيىمىمگە ئوخشاش بولغان كېيىمدىن بىر قۇر سېتىۋالدىم. بۇ كېيىمىمنى ئەمدى ئايال خىزمەتكارىمغا تۇتقۇزۇپ قويساممۇ بولىۋېرەتتى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا مېنى دۇنيادىكى ئەڭ باي كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرالايدىغان كېيىمنى بولسا ھېچكىمگە تۇتقۇزماسلىق كېرەك.

ئوي - پىكىرلىرىم قالايمىقانلىشىپ كەت-

تى، بىر تۇرۇپ تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلـ
گىنىگە خۇشال بولاتـتىم، بىر تۇرۇپ يېـ
تىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان قانـداقـتـۇر
بىرەر بالا - قازانىڭ ۋەھىمىسىدىن ئەنسـ
رەيتتىم. يولدا كـېـتىۋېـتىـپ ھەر قېتىم
ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مۆجىزىلەرنى
يارىتىۋاتقان يانچۇقنى سىلىغىنىمدا، خۇددى
ئېغىر يۈكتىن خالاس بولـغانـدەك يـەنە
يەڭگىللەپ قالاتتىم، چۈنـكى يانـچـۇقۇم
ھـامان ئاقـچىلارنىڭ شاراقـلىشى ئارقىلىق
ماڭا جاۋاب قايتۇراتتى.

* *

لېكىن بەكمۇ غەلىتە بولغان بىر قېـ
تىملىق تاساددىپىي ئەھۋال مېنىڭ خۇشالـ
لىقتىن قىزىپ كەتكەن كاللامنى سەل جايىغا
چۈشۈرۈپ قويدى. ئەتـىـگەنلىك گېزىتنىڭ
بىرىنچى بېتىگە: «تۈنۈگۈن كېچە يۈز بەرگەن
بۇلاڭچىلىق دېلوسى» دېگەن خەۋەر بېرىلـ
گەنىدى. ئېيتىلىشىچە، مەلۇم بانكىنىـىڭ بىر
دانە بىرونلاشقان ماشىنىسى ھـەرقـايـسى
شۆبە بانكىلارغا بېرىـپ، شۇ كـۈنى كىرىم
قىلىنغان پۇللارنى يىغىپ، باش بانـكىغـا
ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ماڭغان. ماشىنـا
پارمانوۋا كوچىسىغا كەلگەندە تۆت نەپـەر
بۇلاڭچىنىڭ ھـۇجـۇمىغا ئۇچـراپ، بارلىق
پۇللار بۇلاپ كېتىلـگـەن. كىشىلەر ۋەقە
يۈز بەرگەن يەرگە كېلىشكىنـىدە، بىر نەـ
پەر بۇلاڭچى قېچىپ كېتىۋېتىپ ئوق چىـ
قارغانلىقتىن، بىگۇنا بىر يولۇچى بەختسىزـ
لىككە ئۇچرىغان. مېنى ھەيران قالدۇرغىـ
نى، بۇلاپ كېتىلگەن پۇل ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ
ئەمەس، توپتوغرا 50 مىليون لىرا ئىدى.
مېنىڭ بىردىنلا بېيىپ كېتىشىم بىـ
لەن بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بۇ قېتىمقى
بۇلاڭچىلىق ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بارـ
مۇ - قانداق؟ بۇنداق پەرەز قىلىش بەلكىم
كۈلكىلىك بولار، مەن ئەزەلدىن خـۇراپىي
نەرسىلەرگە ئىشەنمىسەممـۇ، ھـالبۇكى، بۇ
قېتىمـقى ئىش مېنى سەل گـاڭگىرىـتىپ
قويدى.

خۇددى «يېگەنچە يېگۈسى كەپـتـۇ،
بولغانچە بولغـۇسى كەپتۇ» دېـگـەنـدەك،
ئادەم بەكمۇ تويماس بولىدىـكەن. ئەسلىدە
ئادەتـتىكى ئاددىي - سـاددا تۇرمۇشۇمـغـا
سېلىشتۇرغاندا، ھازىر قالتىس بېيىپ كەتـ
تىم دېسەممۇ بولىدۇ، بىراق تېخىمۇ ھەشـ
مەتلىك تۇرمۇشقا بولغان قانـداقـتـۇر بىر
خىل ئىنتىلىش ماڭا ئارام .بەرمەيۋاتاتتى.
شۇ كۈنى كەچتە يەنە بىر كېچە ھـەپـ
لەشتىم. بۇ قـېتىم ئانچە ئالدىـراپ كەتـ
مىدىم، نېرۋىلىرىممۇ خېلى تىنچىپ قالغانىـ
دى. بۇ كېچە تۈنۈگۈنكى پۇلۇمغا يەنە 135
مىليـون لىرا قېتىلدى.

ئەمما كېچىچە ئۇيقۇم كەلـمىدى. بۇ
بىرەر خەتەرنىڭ بېشارىتىمىدۇ؟ بۇنچىۋالا
كۆپ ھارام بايلىق ئالدىدا ۋىجدانىم ئازابـ
لانغانلىقتىنمۇ ياكى بىر خىل ئـۆكـۈنـۈش
ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئىشقىلىپ، كېـ
چىچە كۆزۈم يۇمۇلمىدى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا
كارىۋاتتىن ئىرغىپ تۇرۇپ، كاستۇمىمنى
كىيـدىم - دە، گـېزىت سېتىۋېلىـش ئۈچۈن
سىرتقا چىقتىم.

قولۇمدىكى گېزىتكە قـاراپ قـېتىپلا
قالدىم، چۈنكى گېزىتكە ماي ئىسـكىلاتىغا
ئوت كېتىش سەۋەبىدىن ئېغىر ئوت ئاپـ
تى يۈز بەرگەنلىكى، كېلورو كوچىسىدىكى
بىر بىنانىڭ پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتكەنلىكى
ۋە مەلۇم ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ 130
نەچچە مىليون لىرا ئاقچىنى ساقلىنىۋاتـ
قان بىخەتـەرلىك ئىشكـابىنىڭ كـۆيـۈپ

www.uyghurkitap.com

كۆلگە ئايلانغانلىقى، ئوت ئۆچۈرۈش داۋامىدا ئىككى نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمىنىڭ جىنىدىن ئايرىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر بېرىلگەنىدى.

* *

ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ يۈرۈش ھاجەتسىزدۇر، بەلكىم، شۇنداق، مەن كاستۇمنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ جىنايەتتىن، كىشىلەرنىڭ ساپ قېنىدىن، ئۈمىدسىزلىكتىن، ئۆلۈمدىن شۇنداقلا دوزاقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەمدىلا بىلدىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئىقرار قىلغۇم كەلمەيۋاتاتتى. نەپسىم قوزغالغان چاغلاردا قولۇمنى شۇنداقلا يانچۇقۇمغا سالسام (بۇ مەن ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىشتە) بارماقلىرىم پۇلنىڭ بۇرجەكلىرىگە تېگىپ يايراپ كېتەتتى. ھەي پۇل، دۇنيادا سەندىنمۇ قۇدرەتلىك نەرسە بارمىدۇ؟!

دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇرۇنقى ئۆيۈمدىن كۆچمەي دېۋىدىم، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەشەمەتلىك داچىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، قىممەت باھالىق سىزما رەسىملەر بىلەن بېزىۋەتتىم. كاتتا پىكاپلار ئىشىك ئالدىمدا تۇرىدىغان بولدى. سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس دېگەننى بانانە قىلىپ، خىزمەتتىن ئىستىپا بەردىم ۋە پەرىزاتتەك سەتەڭلەرنى ھەمراھ قىلىپ چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىپ كەتتىم.

ھەر قېتىم كاستۇمنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئالغىنىمدا، دۇنيانىڭ مەلۇم يېرىدە چوقۇم ئىنتايىن رەزىل، باشقىلارنى ئازاب-ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلىدىغان پەسكەشلىك يۈز بېرەتتى. بىراق يانچۇقۇمدىن چىققان پۇل بىلەن يۈز بەرگەن ۋەقە ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىشنىڭ بارلىقى ماڭا ئايدىڭ ئەمەس ئىدى، چۈنكى تا ھازىرغىچە بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ بەرگۈدەك بىرەر ئەقىلگە مۇۋاپىق، مەنتىقىغە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسپاتقا ئېرىشكىنىم يوق. مال-دۇنيارىم كۆپەيگەنسېرى مەندە ۋىجدان، ئىنساپ دېگەن نەرسىلەر ئازىيىپ، بارغانسېرى قەبىھلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ھېلىقى سەيپۇڭنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم، كېيىمنىڭ ھېساباتى تالونىنى سۈرۈشتە قىلىپ تېلېفون بېرىۋېدىم، تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم بولمىدى. ئۇنى ئىزدەپ فېيلىرا كوچىسىغا بارغىنىمدا، كىشىلەر ئۇنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان قايسى بىر دۆلەتكە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. گەرچە ئىچكى سىرلارنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، لېكىن يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ مەلۇم ۋاسىتىلار بىلەن بىر خىل جىنايەتلىك توختامنامىگە باغلىنىپ قالغانلىقىمنى ئىسپاتلايتتى.

بۇ ئىشلار تاكى مەن ئۇزۇن يىل ئولتۇرغان ھېلىقى بىنادىكى 60 نەچچە ياشلىق پېنسىيەگە چىققان قوشنا موماي كۆمۈر ئىسىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. بۇ موماي يېقىندا تاپشۇرۇۋالغان 30 مىڭ لىرا پېنسىيە پۇلى ئۇشتۇمتۇت غايىپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى (بۇ پۇل ئاللىقاچان مېنىڭ چۆنتىكىمگە چۈشۈپ بولغان).

بولدى، بەس! بۇ جىنايى پاتقاقتا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، بۇ كېيىمنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىشىم كېرەك! بىراق بۇ كىيىم باشقىلارنىڭ قول-

غا چۈشۈپ قالسا بولمايدۇ. بولمىسا كىشى-
لەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان
بۇ ئىش يەنە داۋاملىشىدۇ (چۈنكى پۇلنىڭ
ئازدۇرۇشىغا كىممۇ تاقابىل تۇرالايدۇ
دەيسىز؟). ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ كىيىمنى
كۆيدۈردۈۋەتكەن تۈزۈك ئوخشايدۇ.

مەن ماشىنامنى ھەيدەپ ئالپىس
تېغى ئارىسىدىكى چەت بىر جىلغىغا كەل-
دىم. ماشىنامنى ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپ-
لانغان بىر تۆپىلىككە توختىتىپ قويۇپ،
ئۇدۇل تاغ ئۈستىدىكى بىر ئورمانلىققا قاراپ
ماڭدىم، ئۇ يەردە ئىنسى-جىن كۆرۈنمەيتتى.
كىچىككىنە بىر يېزىدىن ئۆتۈپ، قورام تاش-
لار بىلەن تولغان تاغ باغرىغا يېتىپ كەل-
دىم. سومكامدىن ھېلىقى يىرگىنچلىك
كاستۇمنى ئېلىپ، ئىككى دانە يوغان قو-
رام تاشنىڭ ئارىسىغا تاشلىدىم ۋە ئۈستى-
دىن بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتتىم.
ھايال ئۆتمەي، ھېلىقى كاستۇمنىڭ ئورنىدا
بىر دۆۋە كۈللا قالدى.

بىراق ئوت يالقۇنى ئۆچەي دەپ
قالغاندا، قۇلاق تۈۋىمدىلا بىرسىنىڭ
«ئىسىت، ئىسىت» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى،
مەن خۇددى يىلان چېقىۋالغاندەك ئەندىكىپ
كەتتىم ۋە دەرھال كەينىمگە بۇرۇلدۇم،
بىراق ھېچكىم كۆرۈنمىدى. مەن ئالدىراپ
قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بۇ رەزىل
ئويۇننى پىلانلىغان ئەبلەخنى تېپىۋېلىش
مەقسىتىدە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئەپ-
سۇسكى، ھەممە يەر تاشلار بىلەن تولغان
بولۇپ، ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. گەر-
چە قورقىنىمدىن ئالاقزادە بولۇپ كەت-
سەممۇ يەنىلا تاغ جىلغىسىغا قايتىپ كېلى-
ۋالدىم. ھەر ھالدا كۆڭلۈم جايىغا چۈش-
تى، چۈنكى ھېلىقى نەس باسقان كاستۇم-
دىن ئايرىلغىنىم بىلەن يەنىلا ھېسابسىز
مال - دۇنيارىم بار ئەمەسمۇ.

ئەمما چۆپلۈككە كەلگىنىمدە پىكاۋىم
يوقالغانىدى. مەن پىيادە يۈرۈپ مىڭبىر
جاپادا شەھەرگە كەلدىم، قىزىق ئىش.

مېنىڭ ھېلىقى سەلتەنەتلىك داچام-
مۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇنىڭ ئورنى
قۇپ - قۇرۇق بولۇپ، ئۇ يەرگە «ھۆكۈمەت-
نىڭ يېرى، ئالغۇچىلار بولسا سېتىلىدۇ»
دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختاي تىكلەك-
لىك تۇراتتى. بىخەتەرلىك ئىشكاپىمدىكى
باغلام - باغلام پۇللارنىڭمۇ نەگە يوقال-
غانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھېلىقى كونا
چامادان ئىچىدە بولسا بىر دۆۋە كۈللا
قالغانىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەنە قايتىدىن
ئاز - تولا ئىش ھەققىگە تايىنىپ جاھاندار-
چىلىق قىلىشقا باشلىدىم. ئەجەبلىنەرلىكى
شۇكى، مېنىڭ تۇيۇقسىزلا ۋەيران بولغى-
نىمغا ھەيران قالغان بىرمۇ كىشى بول-
مىدى.

ئىشنىڭ بۇنچىلىك بىلەنلا تۈگىمەيدى-
غانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بى-
رىدە، بۇ قىممەتلىك خانىۋەيرانچىلىقنى
پىلانلىغان ھېلىقى سەيپۇڭنىڭ سىرلىق
ھالدا مېنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولۇشى، بۇ-
رۇنقىدەكلا ساختا كۈلۈمسىرەش بىلەن
ماڭا ھېسابات تالونىنى تەڭلىشى تۇرغانلا
گەپ!

(«دۇنيا ئەدەبىياتى تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987- يىل
3- سانىدىن ئازاد قاسىم تەرجىمىسى.)

## «تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق بايرىمىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ سۇبەتلىك مېۋىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن «تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشقان يازغۇچى، شائىرلاردىن دەۋر روھىنى چىڭ ئىگىلەپ، رېئال تۇرمۇشقا سەممىمىي مۇئامىلىدە بولۇپ، يېڭى ئۇسلۇبقا ئىگە، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، بولۇپمۇ بىزدە هازىرغىچە ئاجىز هالقا بولۇپ كېلىۋاتقان ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، شۇنىڭدەك دەسلەپكى قەدەمدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن پوۋېست ئىجادىيىتى ئارقىلىق، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش، يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ، ئىسلاهاتنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ مۇرەككەپ، باي روھىي دۇنياسى، جاپالىق ئىزدىنىشى، ئەگرى - توقاي مۇساپىسى، هازىرقى زامان جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتالايدىغان جاسارىتى، غايىۋى ئىنتىلىشى ۋە باتۇرلۇق شەجەرىسىنى يۇقىرى بەدىئىي ماهارەت بىلەن روشەن گەۋدىلەندۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن 1989 - يىللىق 6 - سانىغىچە بولغان هەرقايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان پوۋېست، هېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك ۋە شېئىرلار ئىچىدىن تاللىنىدۇ. مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاش، باهالاش جەريانىدا كەڭ كىتابخانلارنىڭ پىكرى ئېلىنىپ، پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا مەخسۇس قۇرۇلغان باهالاش گۇرۇپپىسى بېكىتىدۇ.

**«تارىم مۇكاپاتى»غا ئېرىشىدىغان ئەسەرلەرنىڭ تۈرى، سانى، تۆۋەندىكىچە:**

پوۋېست، هېكايە: بەش پارچە.
1 - دەرىجىلىكى ئىككى پارچە.
2 - دەرىجىلىكى ئۈچ پارچە
ئەدەبىي ئاخبارات: ئوچېرك: بەش پارچە.
1 - دەرىجىلىكى ئىككى پارچە.
2 - دەرىجىلىكى ئۈچ پارچە.
شېئىر: تۆرت پارچە.
1 - دەرىجىلىكى بىر پارچە.
2 - دەرىجىلىكى ئۈچ پارچە.

تەھرىر بۆلۈمىمىزگە «تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە، كونۋېرتىنىڭ ئۈستىگە «دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان ئەسەر» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلۇشى لازىم.

بىز ئاپتورلىرىمىزنىڭ «تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىش ئارقىلىق، ئىسلاهات دەۋرىدىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇدىغانلىقىغا ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئېسىل يېڭى ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن تەبرىكلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان - شەرەپ تىرىشىپ ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ!

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

# مۇندەرىجە

## نەسرىي ئەسەرلەر

ئۆمەرجان ساۋۇت ........ تۇل خوتۇن (ھېكايە) ........ 9
دىلبەر قەييۇم ........ قەبرىستانلىقتىكى گۇۋاھ (ھېكايە) ........ 23
مالىك كېۋىر ........ كۆن شەرقتىن چىقىدۇ (روماندىن پارچە) ........ 32
مۇھەممەت باغراش ........ ئاقساق بۇغا (پوۋېست) ........ 58

## شېئىرلار

ماموت زايىت ........ تەسكەي جىلغا سىزمىلىرى ........ 15
ئەركەنجان روزى ........ ئەبجەش خىياللار ........ 17
مەتسەيدى مەتقاسىم ........ ياش يۈرەكتە يانغان ماگمىلار ........ 19
ئەخمەتجان ئوسمان ........ ئىككى شېئىر ........ 20
سادىقەتجان ھاجى ........ شېئىرلار ........ 21
ئابلىمىت ئابدۇكېرىم ........ قۇچاقلىدىم قۇياشنى ........ 22
ئوسمانجان ساۋۇت ........ نۇرلارغا ئۇلايمەن تىنىقلىرىمنى ........ 49
ئابلاجان ھېيت ........ گۈزەل ئەسلىمىلەر قەلبىمدە مېنىڭ ........ 53
تەلئەت ناسىرى ........ ئىككى شېئىر ........ 55
قادىر تۇردى ........ يېزامدا ........ 56
ھوشۇر ئەمەت ........ پارتىيە 13 ـ قۇرۇلتىيىغا مەدھىيە ........ 57

## بالىلار ئەدەبىياتىدىن

ئالىمجان ئازاد ........ ئاپامنىڭ مېھمانلىرى (ھېكايە) ........ 38
تاھىرجان مۇھەممەت ........ ئانا مېھرى (ھېكايە) ........ 39
ھاجى ئەخمەت ........ شېئىرلار ........ 42
مۇھەممەتجان ئىسمايىل ........ ئىككى شېئىر ........ 44
ئەركىن داۋۇت ........ ئۆسمۈرنىڭ ئارزۇسى (شېئىر) ........ 45
باۋۇدۇن ھەسەن ........ ھورۇن غاز (چۆچەك) ........ 46

www.uyghurkitap.com

بوستاندا

تەرمە گۈللەر


تۇرسۇن نىياز ........ سۇدىن چىققان شېئىرلار ........ 110
گۈلباھار مەمتىمىن ........ تۈندىكى خىياللار (شېئىر) ........ 111
ئابدۇلئەھەد قادىرى ........ يىغىن كېيىنكى (شېئىر) ........ 111
ئابدۇللا مۇھەممەدى ........ مېيىت نامىزى (ھېكايە) ........ 112


مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرەيلى ........ 3
مەمتىلى قادىر ........ تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم ........ 115


ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن


مەمتىلى توختاجى ........ 132
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ........ 136


ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئەدەبىيات ........ 139



مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


ل. پاستېرناك ........ «تىرىلىش» قانداق ئىجاد قىلىنغان؟ ........ 143


چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


دىنو بۇززادى ........ سېھىرلىك كىيىم (ھېكايە) ........ 151
«تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........ 158


تارىم



**ھېكايە ئوقۇش**

سۈرەتنى ئەرشىدىن توختى تارتقان.